تۇرسۇنغوجا مەمەت ئىمىن

# لالە

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن

# لالە

(رومان)

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

# ئاپتور ھەققىدە

يازغۇچى تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن 1941 ـ يىل 10 ـ
ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس (سۇيدۇڭ) ناھىيد-
سىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1965 ـ يىلى شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن
كېيىن ئۇزۇن مۇددەت ئوقۇتقۇچى بولغان، مەدەنىيەت ـ مائارىپ
تارماقلىرىدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1978 ـ يىلد-
دىن 1980 ـ يىلىغىچە تەكلىپ بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر
ئىنستىتۇتىنىڭ تىل فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن.
ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ
ھەيئەت ئەزاسى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ
مۇدىرىيەت ئەزاسى، چاپچال ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن
سېكرىتارى، ئىلى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەش-
مىسىنىڭ رەئىسى، ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى
نەشرىياتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ھازىرغىچە
ئۇنىڭ «باھار تۇيغۇلىرى» ، «ئانا تۇپراق» ، «نىدا» قاتارلىق
شېئىرلار توپلاملىرى، «قىساسنى ئۇنتۇغان ئادەم» ، «دېلىغۇل
ئەدىب» قاتارلىق ھېكايە ـ پوۋېستلار توپلاملىرى نەشر قىلىند-
غان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ئەدەبىي ئوبزور، پېداگوگىكا ۋە
پسىخولوگىيىلىك مەسىلىلىرى بويىچە ئوتتۇز پارچىدىن ئارتۇق
ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. قولىڭىزدىكى «لالە» ئۇنىڭ

تۇنجى رومانى.

تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ
ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەم-
ئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى-
نىڭ ئەزاسى. ئۇ ئالىي دەرىجىلىك لېكتور.

# مۇقەددىمە ئورنىدا

لالە، ئۆز رەڭگى بىلەن كىشى قەلبىنى سۆيۈندۈرىدىغان
گۈل، ئۇنىڭ توق قىزىل رەڭگى قانىنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ.

باھار قۇياشىنىڭ نۇرى بىلەن جۇلالىنىپ ئوتقاشتەك تاۋلى-
نىپ تۇرىدىغان بۇ گۈل ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھەيۋەت-
لىك تاغلارنىڭ قاپتاللىرىنى، شۇ كۈنگەي قاپتاللارغا تۇتىشىپ
كەتكەن ئېدىرلارنى ماكان قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ توق قىزىل
رەڭگى بىلەن بۇ مۇقەددەس زېمىننى كۈلدۈرۈپ، مۇھەببەتلىك
ھاياتنى سۆيۈندۈرىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى باھارنىڭ ئەلچىسى
دەيدۇ، باھار بىلەن تەڭ كۈلگەن بۇ گۈل گۈزەللىككە تەشنا
كۆڭۈللەرنى تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن زوقلاندۇرىدۇ.

باش باھارنىڭ قۇياشى ئۇنى ئويغىتىپ ئۇنىڭ نازۇك نوتىلى-
رىغا سۇ يۈگۈرتىدۇ، ئۇنىڭ ئاقۇچ يۇمران تۈكچىلىرى يېتىلگەن
غوللىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان تۈگۈنچەكلەر باھار قۇياشىنىڭ
ئىللىق نۇرى بىلەن سۆيۈشكەندىلا، ئاندىن بىرىنىڭ كەينىدىن
بىرى توختىماي ئېچىلىپ، شىۋاق رەڭگىدە تاۋلىنىپ تۇرغان
تۆپىلىكلەرگە تولىمۇ گۈزەل رەڭدار كەشتە سىزىدۇ. ئانا تەبىئەت-
نىڭ قولى بىلەن سىزىلغان بۇ گۈزەللىك ئېچىدە كۆل رەڭگە
مايىل شىۋاق رەڭگى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بايىقى توق
قىزىل رەڭلىك لالە بەزىدە ئۇلۇغ زېمىننىڭ بىر قىسمىغا ئىلاھىي
قىسمەت بىلەن رەڭدار گىلەملەرنى ئېچىپ تاشلاپ قويغاندەك
كۆرۈنسە، بەزىدە باھار قۇياشىنىڭ نۇرىغا تويۇنغان سېرىق چې-
چەكلەر بىلەن گىرەلىشىپ ئېچىلىپ گويا مېھرىبان ئانىنىڭ

گۈلۋەر كۆڭلىكىنىڭ ئىتىگىدەك يەلپۈنۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا كىشى قەلبىنى ئۆزىگە رام قىلىدۇ.

لالە، ئۇ باھار ئەلچىسى. ئۇ يەنە گۈزەللىك ئەلچىسى. چۈنكى ئۇ باھار قۇياشى بىلەن تەڭ كۈلىدۇ. ئۇ كۈلۈپ - ئېچىلىپ زېمىنىنىمۇ كۈلدۈرىدۇ، ئۇنىڭ نازۇك تەبىئىتى ئىنسان روھىغا گۈزەل دۇنيانى سۆيۈندۈرگۈچى نازاكەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ ئۆتىدۇ. بۇ ئۇرۇقلار روھىيەت ئالىمىنىڭ يۇلتۇزلىرى بولۇپ چاقنايدۇ - دە، سۆيگۈ دۇنياسىنىڭ تىلسىم يوللىرىنى يورۇتۇپ مۇھەببەتكە تەشنا كۆڭۈللەردە غۇلغۇلا پەيدا قىلىدۇ، سۆيگۈنىڭ ئىلاھىي قۇدرىتى ئەنە شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ چەكسىز كۈچىنى نامايان قىلىدۇ.

لالە ھەم گۈزەل نازۇك گۈل. باھارنىڭ ئۆزگىرىشچان كىلىماتىدا ئۇ پەرۋىشكە موھتاج... دۇنيادىكى نازۇك نەرسىلەر ھامان پەرۋىشكە موھتاج. ئەگەر بۇ پەرۋىش ۋايىغا يەتكۈزۈلگىنىدە، ئۇ ھالدا سۆيگۈ دۇنياسىنىڭ ھەربىر بوسۇغىسى خۇش پۇراق گۈللەر بىلەن چۈمكەلگەن بولاتتى...

# بىرىنچى باب

بۇگۈن ئۇنىڭ كۆڭلى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك خىرە. بىر كۈن-
دىلا ۋۇجۇدىدا بولۇۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشتىن ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران،
كېچىدىن بېرىقى بىئارامىلىق ئۇنى ئۇيقۇسىز قويغانىدى. ئۇ ئور-
نىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇردى - دە، چېكە - چاچلىرىنى
بارماقلىرى بىلەن تاراپ تۈزەشتۈرۈپ ئىشىكنىڭ يان تەرىپىگە
ئورۇنلاشتۇرۇلغان تىكلىمە ئەينەككە يۈزلەندى. ئۇنىڭ چىرايى
بىر كېچىدىلا ئۇزۇن يىل كېسەل تارتقاندەك زەئىپلىشىپ ئىككى
مەڭزىدە قان دىدارى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرىنىڭ
قۇيرۇقىدىكى ئىنچىكە قورۇقلار مىدىرلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ
قوللىرىنى كەڭ يېيىپ كېرىلگەندەك بىر ھەرىكەت قىلدى - دە،
بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ «قاس» چىقارماقچى بولدى. بىراق
سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا سېلىنغان تىللا ئۈزۈك ئۇنىڭ
نازۇك بارماقلىرىنىڭ ئۇستىخىنىغا پېتىپ ئاغرىتىۋەتتى. ئاغرىق
ئۇنىڭ سول بىلىكىنى زىڭىلدىتىپ، سول كۆكسىنىڭ ئەتراپىدا
يېنىك ئاغرىق پەيدا بولدى. ئۇ گىرەلەشكەن بارماقلىرىنى بوشى-
تىپ تىللا ئۈزۈككە قادالغىنىچە خىيالغا چۆمدى، ئۇنىڭ خىيال-
لىرى ئۇچ تارتقانسېرى، كۆز ئالدىدا رەڭگارەڭ ھەسەن - ھۈسەن
پەيدا بولماقتا ئىدى. ئۇ ئەينەك ئالدىدىن شۈنچىلىك ئېھتىياتچان-
لىق بىلەن قايتتىكى، گويا يەرنى قاتتىقراق دەسسەشكە ماجالى
قالمىغاندەك بىر ھالەتتە كرېسلوغا چۆكتى - دە، ئاندىن
چوڭقۇر بىر ئۇھسىنىۋېلىپ دېرىزىدىن ئوچۇق ئاسمانغا قارىدى.
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى رەڭگارەڭ ھەسەن - ھۈسەن تاڭ قۇياشى
نۇرىدا جۇلالاندى، ئىسسىق بىر ئېقىم بوغۇزىغا كەپلەشكەندەك

بولۇپ دېمى سىقىلىپ، كۆكسى ھېلىدىن - ھېلىغا كۆتۈرۈلۈپ، ئازابلىق بىر تۇيغۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىنى سانجىپ ئۆتتى. كۆڭلى ئېلىشىپ بىئارام بولۇشقا باشلىدى، خىياللىرى تېخىمۇ چىگىشلىشىپ كەتتى، ئۇ شۇنچە قادىلىپ قاراپ تۇرغان بارمىقىدىكى تىللا ئۈزۈك كۆرۈنمەي قالدى، كۆز ئالدىدىكى ھەسەن - ھۈسەن بارمىقىدىكى تىللا ئۈزۈكنى يۇتۇۋەتكەندى. ئۇ ئاخىر ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇ شۇنچىلىك ئازابلىق يىغلىدىكى، ئۇنىڭ بۇقۇلداپ ئېسەدەشلىرى نېرىقى ئۆيدىكى ئانىسىنىڭ ئارامىغا تەگدى. ئانا ئاستا مېڭىپ لالەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلدى - دە، ئىشىكنى يېنىك ئىتتەردى ۋە:

— لالە، بولدى قىل، قىزىم، ئۆزۈڭنى ئاسرا، ئۆزۈڭنى ئايا.

ئىشىكنى ئىتتەرگەنسېرى ئېچىلمىدى. ئانىنىڭ كۆڭلى ساراسىمىگە چۈشتى، قەيەردىندۇر ئاچقۇچنى تېپىپ كېلىپ ئىشىكنى ئاچماقچى بولدى. ئىشىك يەنىلا ئېچىلمىدى. ئانا ئەنسىزلىككە چۈشۈپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپرەك چاقىردى:

— لالە، ئىشىكنى ئاچ دەۋاتىمەن، مېنى ئەنسىرەتمە، قىزىم، سېنىڭ ھايات مۇساپەڭ تېخى ئۇزۇن. بىز زىلال ئۈچۈن بەردەمرەك تۇرۇشىمىز كېرەك، بىز ئۇنىڭ سۈننەت تويى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتىمىزغۇ، غەيرەتلىك بول، قىزىم، يىغىدىن ھېچنېمە پۈتمەيدۇ...

ئانا يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدى، ئۇنىڭ مۇشۇ پۇرسەتتە كۆڭلىدىن چىقارماقچى بولغان گەپلىرى جىق ئىدى. بىراق ئۇنى غاراڭ - غۇرۇڭلىشىپ، تىترەك ئۇلىشىۋاتقان پۇتلىرى ھەپسىلىسىنى قويمىدى. ئانا تۈنۈگۈن لالەنىڭ ئېرى رەخمىدىن كەلگەن خەتنى كۆرگەن بولسىمۇ بىراق ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن تېخى خەۋەرسىز ئىدى. لالە بولسا كېچىچە ئۇ خەتنى نەچچە يېنىشلاپ ئوقۇپ باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك ئىدى.

ئۆي ئىچىدىكى ئۆكسۈش ـ ئېسەدەش ئانىغا ئۇزۇنغىچە ئاڭ-
لىنىپ تۇردى. ئانا قىزىغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن قايتا ئېغىز
ئاچماي، يېقىندىن بېرى، بولۇپمۇ نەۋرىسى زىلالنىڭ سۈننەت
تويىنىڭ تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلغاندىن بېرى، لالەگە ھەرقانداق
بىر تەسەللى بېرىشنىڭمۇ ئۈنۈم بەرمەيۋاتقانلىقىدىن ئانا ئۆزىمۇ
شۈكلەپ كەتكەنىدى. لالەنىڭ مۇشۇ تۇرقىدىكى ھەربىر ئېسەدەش-
لىرى ئانىنىڭ باغرىنى تىلىپ ئۆتكەندەك قىلاتتى. ئۆزىنىڭ
تېخى ئاتمىش ياشنىڭ قارىسىنى ئالماي تۇرۇپ ئېرىدىن تۇل
قالغانلىقىنى ئاز دېگەندەك، ھاياتنىڭ ئۆزلىرىگە سالغان جاپا ـ
مۇشەققەتلىك يىللىرىدا يولدىشى ئەسپەر بىلەن ۋۇجۇدىنى ئېزىپ
تۇرغان زۇلۇم، قەلبىنى پاراكەندە قىلىۋاتقان كۆڭۈل دىشۋارچى-
لىقىغا قارىماي كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ چوڭ قىلغان قىزىنىڭ-
مۇ تېخى ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپلا بەختسىز بولۇپ
قېلىۋاتقىنىدىن بەكمۇ بىئارام ئىدى. گويا بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا
ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئېرى ئەسپەردىن ئايرىلىپ قېلىشىدەك
بەختسىزلىكنىڭ داۋامىدەك بىلىنىپ، ئۆزىنى گۇناھكاردەك
ھېس قىلاتتى. ئانا تۇرۇپلا: «دادىسىغۇ بۇ دۇنيادا تارتقان
جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنىڭ دەردىدىن پەيدا بولغان يۈرەك كېسىلى
بىلەن قازا قىلدى... بىراق بۇنىڭ ئېرى... ھەي قىزىمغا، نەۋرەم-
گە قىلغان ۋاپاسىزلىقى ئۈچۈن تېگىشلىك جازاسىنى يەر، خۇدا-
يىم...» دەپ ئويلاپ قالاتتى.

* *

نېمىلا دېگەنبىلەن لالە ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ئىدى.
يەنە كېلىپ ئۇماق بىر ئوغلىنىڭ ئانىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھەممە
تەرەپتىن يېتىلگەن چوكان مەزگىلىدە، ھاياتلىقتىكى ئۆز نېسى-
ۋىسى بولغان بەخت ـ سائادەتنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان مەزگىلدە

ئېرىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتاتتى. ئوغلى زىلال ئەمدىلا ئىككى ياش-
نىڭ قارىسىنى ئالغان يىلى دادىسى ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قالدى.
شۇڭا ئۇ تىرىك يېتىملار ئارىسىغا قوشۇلغانىدى. لالە ئۇنى ئويلى-
سا يۈرىكى پىچاق سانجىغاندەك ئېچىشاتتى.

گۇاڭجۇ، شاڭخەيلەردە قاتراپ يۈرۈپ راسا پۇل تاپقان يې-
گىتنىڭ پۇلىنى تازا كۆپەيتكىسى كەلدى. جانلانغان چېگرا سودى-
سى ئۇنى قىزىقتۇردى. دۆلەت هالقىپ قىلىنغان سودىنىڭ كىرى-
مى تېخىمۇ زور بولدى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇنىڭ قەدەملىرى
تېخىمۇ يىراق جايلارغا تاشلاندى. ئەنە شۇ كەتكەنچە مانا بەش يىل
بولدى...

لالە هەر قېتىم بۇ ئىشلارنى ئويلىسا، بىر قېتىم دوزاخ
ئازابىدا پۇچىلانغاندەك زەخمەت چېكەتتى.

شۇڭا ئانا قىزى لالەگە بايىقىدەك تەسەللى بېرىشلەرنىڭ
ئاخىرىنى دائىم دېگۈدەك «كىم بىلىدۇ، ئۇ ۋاپاسىزلىقى بىلەن
غايىب بولامدۇ» دېگەن سۆزلەر بىلەن تۈگىتەتتى. بۇنداق چاغلار-
دا لالە «رەخىم ئۇنچىۋالا رەهىمسىز بولۇپ كەتمىگەندۇر...، ئۇ
مېنى ئەمەس زىلالنى بولسىمۇ ئويلار» دەپ كۆڭلىنى
ئاۋۇندۇراتتى.

بىراق بۈگۈن لالە ئۆز هۇجرىسىدا ئۇن - تىنسىز. ئۇ
ئانىنىڭ ۋايساشلىرىغىمۇ ئېرەنسىز ئىدى. ئۇ ئەلەم - هەسرەت
ئوتىدا كۆيمەكتە. كېچىدىن بېرى ئىشلار باشقىچىلا بولۇپ كەت-
تى. چەت ئەللىك مېهمان ئەكەلگەن خەت لالەنىڭ دۇنياسىنى
قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئىش لالە ئويلىغاندەك بولمىدى.
ئۇنىڭ ئېرى رەخىم راستتىنلا رەهىمسىز چىقىپ قالغانىدى.
ئىز - دېرەكسىز يوقالغان بەش يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى
كۈندە — ئوغلى زىلال يەتتە ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ لالە ۋە
ئۇنىڭ ئانىسى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بالىنىڭ سۈننەت تويىغا
تەييارلىق قىلىۋاتقان، لالە بولسا ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن -

يورۇقلىرى بىلەن تويغا كىرەكلىك نازۇ نېمەتلەرنى تەييارلاۋاتقان كۆنلەردە، يەنى ئۆزۈن ۋاقىت تىمتاسلىقتا چۆككەن بۇ ئائىلىدە ئاران ـ ئاران دېگەندە شادلىق كۆلكىسى ئاڭلىنىشقا باشلىغاندا، رەخىمنىڭ خەۋىرى كەلدى. تۇنۇگۇن كېچىدىكى بۇ خەۋەر پۈتۈن شەھەر ئۈچۈنمۇ يېڭى خەۋەر ئىدى، چۈنكى بۇ بەش يىل دېرەكسىز يوقالغان ئادەمنىڭ خەۋىرى ـ دە!

خەۋەر بەكمۇ تۇيۇقسىز بولدى، خەۋەر بىلەن تەڭ لالەنىڭ بالپىرەنكنى شاپىلاقلاۋاتقان قوللىرى تىترىدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ شۇنچە غەيرەت قىلغان بولسىمۇ رەخىمنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگۈچى كىشىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقالمىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ ئاران ـ ئاران دېگەندە ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرالىدى. كەچكى شەپەقنىڭ ئەينەكتىن قايتقان قىزغۇچ شولىسى ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ئەتراپىدا ھەسەن ـ ھۈسەن پەيدا قىلىشقا باشلىدى، ئىككى تامچە ياش تارامىلاپ مەڭزىدە توختاپ قالدى. ئەتراپىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا رەڭگارەڭ بىر دۇنياغا ئايلانغانىدى.

— رەخىم، — پىچىرلىدى ئۇ، — ھە، تېخى ئۇ ھايات ئىكەن ـ دە!

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئاداش، — دېدى لالەنىڭ يېقىن دوستى ھىلالبۇۋى، — بەردەمرەك بول، ئۇ كىشى بىلەن تېخى كۆرۈشىدىغۇ!

— بىلىمەن، مەن بىلىمەن، ئۆزۈمنى تۇتۇشنى بىلىمەن، بىراق، ئاداش، بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى بىلمەيتىمەن...

— يۈر، مەن سېنى يۆلەۋالاي، ھەي... نېمانچە تىترەيسەن خۇددى تويۇڭ بولغان كېچىسى تىترىگەندەك. مەن ساڭا قولداش بولغان شۇ كېچە ھېلىمۇ ئېسىمدە. ھەي... ئەجەبمۇ تاۋى نازۇك ئىكەنسەن ـ دە...

— چاقچىقىڭنى قوي، ئاداش، بۇ بەش يىل ئىچىدە مېنىڭ

ئىلىكلىرىم ئۆزۈلگەن، روھىم ئۆلۈشكە باشلىغان. زىلالغا ئاتا كېرەك - دە، بۇ كۆنلەرنىڭ ئازابىنى سەن بىلەمسەن. مەن زىلال ئۈچۈن جىق قۇربان بېرىدىغان ئوخشايمەن.

ھىلالبۇۋى چىرايلىق نەقىشلەنگەن پېشايۋانلىق ھويلىنىڭ چېتىدىكى سوقا ئۆيدىن لالەنى يېتىلەپ چىقىپ خەۋەر ئەكەلگەن مېھمان بار سارايغا باشلاپ كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم لالە ھەدە، ياخشىمۇسىز!...

خەۋەر ئەكەلگەن كىشى تولىمۇ ياش يىگىت ئىدى، ئەگەر ئۇنىڭ تەكشى قىرقىما قىلىپ ياسىۋالغان بۇرۇتى بولمىغاندا ئىدى، بىر كۆرگەن كىشى ئۇنىڭ ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى، قويۇق قوشما قاشلىرى، يۇمىلاققىنە كەلگەن يۈزىگە قاراپ ئۇنىڭ قۇرامىغا يېتىپ قالغان بەرنا يىگىت ئىكەنلىكىگە جەزم قىلمىقى تەس ئىدى. يىگىت «بالا» چىراي ئىدى.

— ئولتۇرۇڭ، بالام، رەھمەت. بىز مانا تىنچ - ئامان ياخشى تۇرۇۋاتىمىز، — دېدى لالە بىلەن ھىلالبۇۋىگە بىر قارىۋال-غان ئانا.

«بۇرۇتلۇق» يىگىت پۈتۈن دىققىتى بىلەن لالەنىڭ ئانىسى جۆھەربۇۋىگە قارىدى. ئانا قىزىدەكلا سۈزۈك، چىرايلىق ئىدى. يىگىتنىڭ ئەقلى لال بولغانىدى. «توۋا، — دېدى يە‍گىت ئىچىد-دە، — دۇنيادا مۇنداقمۇ ئوخشايدىغان ئانا - بالا بولىدىكەن - ھە.» ئۇ خۇددى رەخىم ئۈچۈن لالە ۋە ئۇنىڭ ئانىسىدىن ئۆزرە سوراۋاتقاندەك تېخىچىلا قول قوشتۇرغان پېتى يېرىم ئېگىلىپ ئۆرە تۇرماقتا ئىدى.

— ئولتۇرۇڭ، ئۇكام، تىنچ كەپسىز، ھارمىغايسىز.

لالەنىڭ ئاۋازى ئۆزىگە ياراشمىغان ھالدا غاراڭ - غۇرۇڭ چىقىپ كەتتى. ھىلالبۇۋى «ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال» دېگەندەك قىلىپ لالەنىڭ گىلەم ئۈستىگە يېيىلغان كەڭ يوپكىسىنىڭ بىر چېتىنى تارتىپ قويدى. مېھمان باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى - دە، ئاستىد-

دىكى كۆرپىنىڭ بىر چېتىنى تۈزەتكەندەك بولۇپ لالەگە قارىدى ۋە تولىمۇ بىر مىسكىن ئاھاڭدا:
— مەن رەخىم ئاكامنىڭ قېشىدىن كەلدىم.
— بىلدىم، سىز رەخىمنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى ئەكېلىپ-
سىز.
— شۇنداق، رەخىم ئاكام ھازىر بىز بىلەن بىللە تۇرىدۇ.
— سىلەر بىلەن بىللە تۇرىدۇ؟!
— شۇنداق.
— شۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى سىلەر بىلەن بىللە تۇرۇۋاتامدۇ؟!
— ياق، كېيىنكى ئىككى يىلدىن بېرى، ئۇنىڭ ئالدىدا مەن ئوقۇشتا ئىدىم. مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن رەخىم ئاكامنىڭ شىركىتىدە ئىشلىدىم. ئەنە شۇنىڭدىن بېرى بىز بىللە. ئۇ كىشى ھازىر ئايرىم داچىدا تۇرىدۇ… ھە راست، رەخىم ئاكا سىلەرگە پۇل ۋە خەت ئەۋەتكەنىدى، مەن شۇنى ئەكەلدىم، مەن ساياھەت ئۆمىكى بىلەن كەلدىم، بۇ تەرەپتە بىزنىڭ تۇغقانلىرىمىز يوق، شۇڭا بىر ھەپتىلىك ۋاقىت بىلەن ساياھەت ئۆمىكىگە تىزىملاتقانىدىم.
— رەخىمچۇ؟ ئۆزى كەلمەمدىكەن…
— بىلمىدىم، ھازىرچە كېلەلمىسە كېرەك، ئەنە ئۇ خەتتە ھەممىنى يازدىم دېگەن.
«بۇرۇتلۇق» يىگىت چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ تاپ-سىغا قويۇپ قويغان سومكىسىنىڭ ئىچىدىن قولدا ياسىلىپ ھىم چاپلانغان قېلىن بىر پارچە لېپاپىنى ئېلىپ لالەگە تۇتقۇزدى، لالەنىڭ لېپاپىنى ئالغان قولى تېخىمۇ تىترەپ كەتتى. ئۇ لېپاپىنى ئېچىشقا تەڭشەلدىيۇ، مىڭ تەسلىكتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆز - ئۆزىنى تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشتى، ھىلالبۇۋى تولىمۇ سەزگۈر قىز ئىدى، شۇ دەقىقە ئۇ يەنە شۇ سەزگۈرلۈكى بىلەن

چاقچاق ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئالدىرىما، دوستۇم، قەدىرلىك كىشىڭنىڭ بۇ قىممەتلىك خېتىنى خالىيراق جايدا ئېچىپ پىنھانە ئوقۇپ، كۆڭلۈڭنى تىنچلاندۇرغىن، — دېدى ـ دە، چاقچاقلىق بىلەن لالەنىڭ قولىدىكى لېپاپنى تارتىپ دېگۈدەك قولىغا ئېلىۋالدى، لالەنىڭ ئويچان كۆزلىرى ھىلالبۇۋىگە تىكىلدى، ھىلالبۇۋىنىڭ كۆزلىرى ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك بىر خىل ئىنكاسسىز ھالەتتە لېپاپقا تىكىلگەنىدى، جۆھەربۇۋى ھەدە بولسا تەڭ قىسلىق ئىلكىدە قالغان ئادەمدەك گىرۋەكلىرى قىرچىلىپ بىر تەرىپى سارغىيىپ كەتكەن لېپاپقا كۆز تىكمەكتە ئىدى.

مېھمان ئۈچۈن تەييارلانغان سىنچاينىڭ تاتلىق ـ تۇرۇملىرى كەم ـ كۈتىسىز ھازىرلانغان داستىخان يىغىلىپ تاماق تارتىلدى. تاماقتىن كېيىن دەملەنگەن چايدىن «بۇرۇتلۇق» يىگىت قىزىق ـ قىزىق ئوتلىدى ۋە ئاندىن ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلاشتى.

لالەنىڭ كۆڭلى پەرىشانلىققا چۆمدى، ئۇنىڭ خىيالىدىن ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىنىڭ جىددىي تەييارلىقى ۋە كېيىنكى ئىشلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ھىلالبۇۋىگە:

— ئەمدى مېنى يالغۇز قوي، مەن خەتنى···، — دېدى ـ دە، گېپىنىڭ ئاخىرىدا چۈشىنىكسىز پىچىرلاپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى، ئىشىكنى ھىم ئېتىپ، بىخەتەرلىك قۇلۇپىنى تەتۈرىگە ياندۇرۇۋەتتى، ئەمدى ھېچكىم ئۇنىڭغا دەخلى قىلمايتتى. ئۇ خەتنى باغرىغا باسقىنىچە ئۆزىنى توي بولۇپ ئىككىنچى ھەپتىسىدىن باشلاپلا يېرىمى ئىسسىپ، يېرىمى ئىسسىمىغان قوش كىشىلىك كارىۋاتقا تاشلىدى. چۈنكى ئۇ توينىڭ تۇنجى ئاخشىمىنى رەخىم بىلەن مۇشۇ كارىۋاتتا ئۆتكۈزگەنىدى. لالە بۇ دۇنيادا تۇنجى قېتىم ئۆز ۋۇجۇدىغا يات بولغان بىر خىل كىشىنى بىھوش قىلغۇچى غەيرىي سېزىمنى مۇشۇ كارىۋات ئۈستىدە ھېس

قىلغانىدى.

لېكىن، كىشىگە ھوزۇر بېغىشلىغۇچى تولىمۇ شېرىن، شېرىن بولغاندىمۇ بىر ئىپپەتلىك قىز ئۈچۈن ئۆز ھاياتىدا مەڭگۈ ـ مەڭگۈ شېرىن ئەسلىمە بولۇپ قالىدىغان ئۇنتۇلغۇسىز بۇ سېزىم لالەگە مەڭگۈلۈك بەخت تۇيغۇسىنى ئاتا قىلالمىدى. ئەسلىدە تويىنىڭ تۇنجى ئاخشىمى ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىت بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ كارىۋات لالەنىڭ نەزىرىدىلا ئەمەس، رەخىمنىڭ نەزىرىدىمۇ مۇقەددەسلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، لالەنىڭ تەقدىر قىسمىتى تەتۈر كەلدى. توي بولۇپ ئاران بىر ھەپتە ئۆتكەندە تۇيۇقسىزلا خۇددى كىشىلەرنىڭ «بۇ بالا ـ قازا ئاياغ ئاستىدىنلا چىقتى» دېگەندەك بىر ئىش بولدى. شەھلا ئىسىملىك قىزدىن لالەگە قارىتىپ يېزىلغان بىر پارچە خەت، لالەنىڭ بايىقى شېرىن سېزىمگە بۆلەنگەن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە پەرىشانلىق ئۇرۇقىنى تەردى، رەخىمنىڭ شەھلادىن ئىبارەت بۇ كىچىككىنە «چۈۋۈتقىسى» لالەنىڭ يۈرىكىگە زەھەر بولۇپ ئورنىدى ـ دە، ئۇنىڭ نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنى چارچىتىپ لالەنى ئارامسىزلىقنىڭ ئۆمۈرلۈك چۈشىكىگە تاشلىغانىدى. ئەنە شۇ كۈندىن باشلانغان ئاچچىق ھەسرەت، تولدۇرۇۋالغۇسىز پۇشايمان، كىشىگە بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا تىنغۇسىز دەرد ـ ئەلەم، لالەنىڭ روھىي ئالەمىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە چوڭلارنىڭ دېگىنىدەك «كىشىگە دېسە گەپ بولىدىغان، دېمىسە دەرد بولىدىغان» بىر ئەلەملىك قىسمەتنى تەقدىر پېشانىسىگە تاڭغانىدى.

شەھلادىن كەلگەن ئاشۇ سىرلىق خەت لالەنىڭ رەخىمگە قارىتا ئەمدىلەتىن يېتىلىۋاتقان قىزغىن مۇھەببىتىنى سوۋۇتتى. ئىككىسىنىڭ ئەر ـ خوتۇنچىلىقى شۇ بىر ھەپتىلىكلا بولدى. ئانا تەربىيىسىدە ئانا سۈتى بىلەن ۋۇجۇدىغا سىڭگەن ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ رامكىسى ئىچىدە يېتىلگەن لالەنىڭ نازۇك تەبىئىتى ۋە بۇ تەبىئىتىگە يارىشا قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يىلتىز تارتقان ۋىجدان تۇيغۇسى رەخىمنىڭ ھەرقانداق يالۋۇرۇشلىرىنى رەت

قىلدى.

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ بايىقى سىرلىق خەتنىڭ مەزمۇنى
ئۇڭاي يېشىلمەيدىغان شۇنداق بىر تۈگۈن بولۇپ تۈگۈلدىكى، بۇ
سىرلىق تۈگۈن رەخمىنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى شەرمەندىلىكلى-
رى چۇۋۇلغانغا قەدەر ھېچكىم، ھەتتا لالەنىڭ ئۆمۈرلۈك سىر-
داش ۋە قەدىناس دوستى ھىلالىبۇۋىدەك سەزگۈر قىزمۇ سېزىۋال-
غۇسىز دەرىجىدە بولدى. شۇنداق بولغاچقا لالە كېيىنكى قىسمەت-
نىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالىمادىس ئۆز تۇرمۇشىغا
قىستۇرۇلۇپ كىرگەن باشقىلارنىڭ بۇ كارىۋاتنى ئىشلىتىشىنى
راۋا كۆرمەي، بۇ قوش كىشىلىك كارىۋاتنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ
ئۆيىگە ئۆزى بىللەن بىللە ئەكەلگەنىدى. بۇگۈن كېچىچە بۇ كارى-
ۋات ئۈستىدە لالەنىڭ كۆز ياشلىرى بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپرەك ئاق-
تى. ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا ئۆكسۈپ يىغلاشتىن لالە بىر ئاز تىنچ-
لانغاندەك بولدى.

راست، ئايالLار كۆپىنچە ئىشلاردا ئۆزىنى يىغىغا زورلايدۇ،
ئۇلار شادلىق ئۈچۈنمۇ يىغلايدۇ، تارتقان ئەلەم ـ ھەسرەتلىرى
ئۈچۈنمۇ يىغلايدۇ، بەزىدە يىغلاش ئۇلارغا يېنىكلىك ئەكېلىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن تارتقان ئۇھلىرى ھېسابىغا ۋۇجۇدى
يېنىكلەپ قالغاندەك بىلىنىدۇ، ئۇلار بېشىغا كەلگەن دەرد ـ
ئەلەملىرىنى ۋۇجۇدىدىن سىرغىپ چىققان كۆزياشلىرى بىلەن
يۇغۇرۇپ، بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن چەشمىلەرگە قوشۇپ
ئازابتىن خالاس بولۇشقا تىرىشسا كېرەك ۋە بەلكى كۆپ ئىشلاردا
كۆز يېشىغا زورلاش ئاللاتائالا ئىگەمنىڭ ئاجىز بەندىلىرىگە ھەس-
رەت ـ نادامەتتىن يېنىكلەش ئۈچۈن ئىلتىپات قىلغان پەقەت
ئاياللارغىلا خاس ئالاھىدىلىكى بولسا كېرەك. شۇڭا كۆپىنچە
ھاللاردا كۆز يېشىغا زورلايدۇ. بۈگۈن لالە، ھە دېمەيلا كۆز
يېشىغا زورلىدى. ئۇ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا ئۆكسۈپ يىغلاشتىن
بىر ئاز يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى ـ دە، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ
ئېلېكتر چىرىغىنىڭ يېپىنى تارتىۋەتتى. قىرىق ۋاتلىق كۆن
نۇرلۇق ئېلېكتر لامپىسى ئۆي ئىچىنى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇ-

ۋەتتى «بولمىدى، ئۆي بەك يورۇپ كەتتى» دەپ ئويلىدى. لالە ئۇ يەنە ئاستا، ئاجىزانە ئىلتىجالىق ھەرىكەتلىرى بىلەن يېزىق ئۇستىلىگە يېقىنلاپ ئۇستەل چىرىغىنى ياقتى - دە، چوڭ چىراغنى ئۆچۈرۈش ئۇچۇن ئۇنىڭ يېپىنى تارتىۋەتتى، ئۆي ئىچى غۇۋالاشتى، پەقەت ئۇستەل ئۇستىدىلا چىراغنىڭ نۇرى كۆچلۈك ئىدى، لالە تىترىگەن قوللىرى بىلەن لېپاپىنىڭ قىرچىلىپ كەتكەن گىرۋەكلىرىنىڭ بىر تەرىپىنى شۇنچىلىك ئېھتىيات بىلەن ئاچتىكى گويا يىرتىلىۋاتقان قەغەز بىلەن ئىچ - باغرىنىڭ قەيەردۇر بىر يەرلىرىگە باشقىدىن دەز كېتىۋاتقاندەك ئىدى. سۇننەت توينىڭ تەييارلىقىغا ياردەملىشىۋاتقانلار بالدۇرلار قايتقانىدى. پەقەت ھىلالبۆۋىلا لالەنىڭ ئاپىسى جۆھەربۆۋىگە ھەمراھ بولۇپ لالەنىڭ ئوغلى زىلال ئۇخلاپ قالغۇچە ئولتۇردى. ئۇ خوش ئېيتىپ ئۆيدىن چىققاندا لالەنىڭ ھۇجرىسى غۇۋا يورۇق تۇراتتى. لالەنىڭ خەتنى ئېلىپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپ شۇنچە ۋاقىت چىقمىغىنى ئانا ۋە ھىلالبۆۋىنىڭ كۆڭلىدىمۇ خۇددى ئاشۇ ئۆيدىكى غۇۋالىقتەك غۇۋا بىر ھالەت پەيدا قىلماقتا ئىدى. ھىلالبۆۋى چىقىپ كەتتى. ئانا يالغۇز قالدى. لالەنىڭ ئوماق ئوغلى زىلال تېخىمۇ ئوماقلىشىپ مومىسىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويغانچە تاتلىق ئۇيقۇغا بۆلەنگەنىدى.

*　　　　*

ئانا كېچىدىن بېرى نەچچە قېتىم ھويلىغا چىقىپ لالەنىڭ ھۇجرىسىغا قارىدى، ئۆي غۇۋا يورۇقلۇق ئىچىدە تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى. ئانا بامدات ناماز تەرەتنى ئېلىپ بولۇپ شۈكۈر - سانا ئېيتقاچ لالەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىگە قارىغىنىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى: «رەھىم ئۇنىڭغا شۇنچە ئۇزۇن، بىر كېچىدىمۇ ئوقۇپ تۈگىتەلمىگۈدەك خەت يازغانمىدۇر؟» شۇ تاپتا مېھرىبان ئانىنىڭ نازۇك قەلبى شۇ ئارزۇلۇق قىزىنىڭ پەرىشانلىقى تۈپەيلى پۇچىلانماقتا ئىدى.

«شۈكرى، ئاخىر تاڭ ئاتتى» دېدى ئانا خۇرسىنىپ.

لاله ئۆي ئىچىدە تىكلىمە ئەينەك ئالدىدا ئۆزىنىڭ سولغۇن چىرايىغا قارىماقتا. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى، قانسىز چىرايى، كۆز قۇيرۇقى ئەتراپىدىكى ئىنچىكە قورۇقلار، كېچىچە ئۇخلىماي ئازابلانغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ ئاپىسىنىڭ ئىشىكنى ئېتتىرىپ، ئىچ - ئىچىدىن ۋايساشلىرىغا ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇنىڭ قويۇق كىرپىكلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان بىر جۈپ كۆزىدىكى ياشلىرى ھېلىدىن - ھېلىغا مارجان بولۇپ تۆكۈلمەكتە ئىدى. لاله ئېغىر ئۇھسىنىدى. ئۇ دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ ئوچۇق ئاسمانغا قارىدى. ئاسمان تاڭ قۇياشى نۇرىدا نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ھۇجرىسىنىڭ شەرقكە قارىتىلغان بۇ دېرىزىسىنى يېڭى بىر تاڭنىڭ قۇياش نۇرى سۆيۈپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا رەڭگارەڭ ھەسەن - ھۈسەن پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

راست، بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا ئادەمنى ئېزىقتۇرغۇدەك دەرىجىدە شۇنداق رەڭدار ئالەم. ئۇ ئۆزىنىڭ راست ھەم يالغان بوياقلىرى بىلەن ئادەملەرنىڭ چىرايىغا رەڭ بېرىدۇ، ئۇنى قۇياش نۇرىدا نۇرلاندۇرىدۇ. بۇ نۇرلار كىشىنىڭ قەلب ئەينەكلىرىدىن ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ ھەر خىل غەرەز يوشۇرۇنغان يۈرىكىنى نىقابلايدۇ. رەڭگارەڭ ھاياتتا ئەنە شۇ نىقاب تۈپەيلى نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئالدىنىدۇ، ئازىدۇ، كىشىلەرنىڭ «ئازماس ئاللاھ» دېگەنلىرى مۇشۇنىڭغا قارىتىلغانمىكىنتاڭ.

بۈگۈن لالەدىن كۆرە ئانىسىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ پەرىشان بولدى، ئۇنىڭ خىياللىرى يىراق ئۆتمۈشتە قانات قاقماقتا ئىدى، سۆيۈملۈك يولدىشى كۆز ئالدىغا كەلدى. لالەنىڭ مۇشەققەتلىك قىسمەت ئىسكەنجىسى ئىچىدە چوڭ بولغان كۈنلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى، يالغۇز قىزى لاله خۇددى ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدىكىدەكلا چوڭ بولغانىدى.

# ئىككىنچى باب

لالەنىڭ دادىسى ئەسپەر ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەل-
گەن، چەت ئەلدە كۆپ ئوقۇغان، كۆپ كىتاب كۆرگەن، ئۆز
كەسپى بويىچە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۇنۇملۇك
ئىشلارنى قىلغان ئادەم ئىدى. بىراق هايات ئۇنىڭغا كۇلۇپ قو-
چاق ئاچمىدى. ئەينى زاماندىكى سىياسىي هەرىكەتلەر ئۇنى نابۇت
قىلغانىدى، شۇ يىللاردا ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتى دەپسەندە قىلىن-
دى، يىغقان كىتابلىرى كۆيدۈرۈلدى. تەتقىقات تېمىلىرى بىكار
قىلىنىپ، ئىلمىي ماقالىلىرى تەنقىد قىلىندى. ئايىغى چىقماس
كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىشلاردىن كېيىن ئۇنىڭ هايات يول-
دىكى ئەركىن پائالىيىتى چەكلەندى. قاتتىق نازارەت ئاستىدىكى
ئۇزۇن مۇددەتلىك خورلىنىش ئۇنىڭغا تولدۇرۇۋالغۇسىز جىسما-
نىي ئازابلارنى ئەكەلدى. ئىلمىي ئەمگەكلىرى خارلاندى، شۇنداق-
تىمۇ ئۇنىڭ روهى بەردەم ئىدى. دەسلىپىدە ئۇ بۇ خىل ئازاب-
لارغا — قىيناشلارغا پىسەنت قىلمىدى. لېكىن ۋاقىت ئۇزارغان-
سېرى ئۇنىڭ يۈرىكى ئازابلىق سىرقىراپ گويا يۈرىكىنى قۇرت
يېگەندەك ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى. هەممە دەرد - ئەلەمنى
ئىچىگە يۇتقان بۇ ئادەم كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى سىياسەتنى ئەمە-
لىيلەشتۈرۈشتە خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بى-
راق ئېغىر يۈرەك كېسىلى هاياتىغا خەۋپ ئەكەلمەكتە ئىدى.
كىشىلەرنىڭ «تەقدىر رەهىمسىز كېلىدۇ» دېگەنلىرى شۇ بولسا
كېرەك.

بۇ كۈنلەردە لالەنىڭ يۈرىكى سۇ بولۇپ يۈردى. لالە

كۈندىن - كۈنگە سالامەتلىكى ناچارلاپ كېتىۋاتقان دادىسىدىن ئەنسىرەيتتى. بۇ دەل لالەنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۆزى سۆيۈپ ئۆگەنگەن بىئولوگىيە كەسپى بويىچە دادىسى ئىشلەۋاتقان ئالىي مەكتەپنىڭ بىئولوگىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشنى باشلىۋەتكەن كۈنلەر ئىدى.

* *

لالە بۇ ئائىلىنىڭ يالغۇز قىزى ئىدى. لالەنىڭ ئانىسى جۆھەربۇۋى توي قىلىپ تۇغماي - تۇغماي سەككىز يىلدىن كېيىن خۇددى مۆجىزىدەك لالەگە قورساق كۆتۈرگەنىدى، بۇ ئىش يالغۇز ئەسپەرنىلا ئەمەس قولۇم - قوشنا، يېقىن - يورۇقلارنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ھەممىسىنى ھەيران قالدۇرغانىدى. خۇددى يەنە شۇنداق مۆجىزىدەكلا جۆھەربۇۋى لالەنى تۇغقاندىن كېيىن قايتا تۇغمىغانىدى. شۇڭا بۇ يالغۇز قىز بۇ ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق گۆھىرى سۈپىتىدە چوڭ بولۇۋاتاتتى.

ئەسپەرنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئەسپەر، جۆھەربۇۋى ۋە ئۇلارنىڭ سۆيۈملۈك قىزى لالە، مەكتەپ بىلەن ئۆز ئۆيى ئارىسىدىكى يولنى بىرلىكتە ماڭىدىغان بولدى. بۇ يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ھەربىر بىنا، ھەربىر تېرەك، ھەتتا ھەربىر گىياھ ئۇلارغا تونۇش ئىدى. بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى ئەسپەر بىلەن جۆھەربۇۋى مۇشۇ يول — ئۇزۇن سەپەر داۋاملىشىۋاتقان مۇشۇ يول ئۈستىدە تونۇشقانىدى. ئۇ چاغدا جۆھەربۇۋى ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قايسىبىرىدە ئاخىرقى يىللىق ئوقۇشىنى ئوقۇۋاتقان چاغلار ئىدى. ستۇدېنتلىق ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئۇنى تولىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى. جۆھەربۇۋىنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ گۈزەل قىزنىڭ تاتلىق قىلىقلىرىدىن، ئەدەپ - ئەخلاقىدىن، تىرىشچانلىقىدىن سۆيۈنەتتى. شۇ

سەۋەب بۇ ئائىلە بۇ سۆيۈملۈك قىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا — يېڭى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى دەپ ئاتالغان مۇشۇ شەھەردە خىزمەت قىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

— ئاپا، — دېدى بىر كۈنى كەچقۇرۇن تونۇر بېشىدىن ئەمدىلا چۈشكەن ئانىسىنىڭ قولىدا كۆتۈرۈۋالغان تەڭلىدىكى ناننى ئېلىپ، — مەن ئەتە پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا بېرىپ كۆرۈشۈپ باقاي. كېلەر يىلى ئوقۇشۇم تۈگىگەندە ئۆز يۇرتۇمغا قايتىپ كەلسەم مۇشۇ مەكتەپتىن بىر كىشىلىك ئىش تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— نېمە دەيسەن، جۆھەربۇۋى، سېنىڭ ئورۇمچىدە قالغۇڭ يوقمۇ؟

— شۇنداق، ئاپا، مەن ئۆينىڭ چوڭى بولغاندىكىن دادام بىلەن سىلەرگە ھەمراھ بولىمەن، ئۈكىلىرىم ئورۇمچىدە ئوقۇسۇن.

— بۇ ئويۇڭنى داداڭغا دېدىڭمۇ؟

— ھېچ ۋەقەسى يوق. دادام كۆڭلۈمنى چۈشىنىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا جۆھەربۇۋى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى مەمۇرىيەت ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. باشلىقلارنى بىردەم كۈتۈش جۆھەربۇۋىنى تاتلىق سېزىمغا بۆلىدى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى ياغاچ كرېسلودا ئولتۇرغان كېلىشكەن بىر يىگىتنىڭ كۆزى جۆھەربۇۋىگە تىكىلگەنچە قېتىپ قالغانىدى. جۆھەربۇۋى ئوڭايسىزلاندى. يىگىتنىڭ قاڭشارلىق بۇرنى بەكمۇ چىرايلىق ئىدى، كەڭ ماڭلىيىدا ئەقىل نۇرى پارلايتتى. قويۇق قاپقارا بۇدۇر چاچلىرى قۇلاق يۇمشاقلىرىنى ئوراپ تۇراتتى. ئاق يۈزلۈك بۇ يىگىتنىڭ قويۇق قاش - كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى بىر جۈپ كۆزى جۆھەربۇۋىگە چوغلىنىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. جۆھەربۇۋى ئوڭايسىزلاندى. يىگىت تەمتىرىگەندەك بىر ھەرىكەت قىلدىيۇ، كۆزىنى جۆھەربۇۋىدىن ئۈزەلمىدى. ئوڭايسىزلانغان جۆھەر-

بۇۋى:

— سىز مۇشۇ يەردە ئىشلەمسىز؟ — دەپ جىلۇۋىلىك تەبەسسۇم بىلەن يىگىتكە سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.

— ھەئە، ياق، بۇ يەردە ئەمەس، مەن تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئىشلەيمەن. باشقارما باشلىقىدا ئىشىم بار ئىدى. شۇنى ساقلاپ...

يىگىتنىڭ چىرايلىق قىز ئالدىدا ھودۇققانلىقى بىلىنىپلا قالدى، قىزنىڭ زىنىخلىرى قىزىل رەڭ ئالدى، چىرايلىق كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى...

— ھە، مۇنداق دەڭ. دېمەك، مۇشۇ مەكتەپتە ئىشلەيدىكەنسىز - دە؟

— شۇنداق، بۇلتۇر ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىپ مۇشۇ مەكتەپكە ئورۇنلاشقان.

— قەيەردە ئوقۇغانىدىڭىز؟

— تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا، كىشىلەر ئادەتتە «ساگۇ» دەپ قويىدۇ.

— چەت ئەلدە ئوقۇغانىكەنسىز - دە!

— شۇنداق، چەت ئەلنىڭ يېقىنراقىدا، سىزچۇ بىرەرنى ئىزدەمسىز؟

يىگىت قىزغىن كۈلۈپ قويدى.

— شۇنداق، مەن مەكتەپ كادىرلار باشقارمىسى بىلەن كۆرۈشۈپ باقسام دېۋىدىم.

— مۇشۇ مەكتەپكە ئورۇنلاشماقچىمۇ؟

— ياق، نەدىكىنى، مېنىڭ ئوقۇشۇم كېلەر يىلى پۈتىدۇ.

— قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىز؟

— تيەنجىن نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىدا.

— سىلەر خەنزۇچە ئوقۇيسىلەر - دە. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تازا ئەسقاتىدۇ. بىز رۇس تىلىنى ئاساس قىلىپ ئۆگەن-

گەن، دۆلەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ يەردە يەنە خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

— نېمىدېگەن ياخشى، — جەۋھەربۇۋىنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى، — تىل دېگەن ئالتۇن ئاچقۇچ - دە، قانچە كۆپ تىل بىلگەنسېرى بىلىم دائىرىسىمۇ شۇنچە كەڭ بولار…

ئائىلىدە ئەركىن چوڭ بولغان بۇ قىز سىرتلاردا ئۆزىنى تولىمۇ ئازادە تۇتاتتى. قىزنىڭ خىياللىرى قاناتلاندى. يىگىتنىڭ تەقى - تۇرقى، ئەھۋالى ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتاتتى.

— مەن بۇ يىل شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق فاكۇلتېتىغا خەنزۇ تىلى ئۆگەنگىلى بارماقچى بولۇپ ئىلتىماس قىلغان. ئىلتىماسىم تەستىقلاندىمۇ، يوق، شۇنى بىلەي دەپ ئىلمىي مۇدىر بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم.

— نېمىدېگەن ياخشى، سىز…

— شۇنداق، تەستىقلانغان بولسا ياخشى بولار ئىدى. ئىسمىڭىزنى سورىسام بولامدىكىن؟

— بولىدۇ، بولىدۇ، ئىسمىم ئاددىيلا، ئاپام جەۋھەرگۈلنى ياخشى كۆرىدىغان چېغى، شۇڭا دادام ئاپامنىڭ رايى بويىچە ماڭا جەۋھەر دەپ…

— ياق، جەۋھەرگۈل دەڭا.

— جەۋھەرگۈل ئەمەس جەۋھەربۇۋى، مومام مېنى شۇنداق ئاتايتتى. ساۋاقداشلىرىم، يېقىن دوستلىرىم جەۋھەر دەيدۇ. سىزنىڭ ئىسمىڭىز؟

— ئەسپەر. بوۋام - موماملارنىڭ ئۆمرى يېزىدا ئۆتكەن، مېنىڭ ئىسمىمنى بوۋام قويغانىكەن. سەھراچە ئىسمىم، ئىسمىمدىن سەھرا پۇراپ تۇرىدۇ.

— ئۇنداق دېمەڭ، سەھرا ياخشى. سەھرادىكى كىشىلەر ياخشى، ئاق كۆڭۈل، مەن سەھرانى ياخشى كۆرىمەن…

قىز تازا ھاياجانلىنىپ سۆزلەۋاتقاندا، كادىرلار باشقارمىسىـ

نىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئورۇق، ئېگىز بىر ئادەم بىلەن پاكار، شۇنچە پاكارلىقىغا باقماي دۇپدۇگىلەك سېمىز بىرەيلەن چىقىپ كەلدى. ئەسپەرنى كۈلكە قىستىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا رۇس ياز-غۇچىسى چېخوفنىڭ «سېمىز ۋە ئورۇق» ھېكايىسى كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ شۇنچە چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى - دە، قىزنىڭ تەبەسسۇملۇق چىرايىغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن ئىشخا-نىدىن چىقىۋاتقانلارغا قاراپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، نېمە ئىش، ئەسپەر مۇئەللىم، ھە راست، ئېسىمگە كەلدى، سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزنى تەستىق-لاپ قويدۇم. كاتىپقا يولۇقۇڭ، — دېدى سېمىز كىشى.

— رەھمەت.

— رەھمەتنى مۇنۇ ئىلمىي مۇدىرغا دەڭ، ئۇنىڭ ئېھتىياجى بىزنى ئالدىرىتىپ قويۇۋاتىدۇ، — دېدى سېمىز ۋە يېنىدىكى ئورۇقنى ئىما قىلىپ قويدى.

— ئىككىڭلارغا رەھمەت.

— بايىقى گېپىنى قىلغان ئەسپەر مۇشۇ - ھە؟!

— شۇنداق، مۇشۇ بالا، ھە ئەسپەر، بۇ قىزچۇ؟ كىم بولىدۇ؟

— ھېچكىم...

— ھېچكىم بولمىسا...

— ياق، جۆھەربۇۋى بولىدۇ، نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئو-قۇيدىكەن. كېلەر يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ مۇشۇ مەكتەپكە كەل-سەم، مۇشۇ مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بول-سام، دەيدۇ.

ئەسپەر بۇ گەپلەرنى شۇنچىلىك تېز دېدىكى، شۇنچە تېز سۆزلىگىنىگە ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.

— بولىدىغان گەپكەن، ياخشى گەپكەن، ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ

مەكتىپىمىزگە كېلىپ ئىشلەڭ. سىزنى قارشى ئالىمىز. مەكتىپىمىز يېڭىدىن ئالىي مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلدى، شارائىتى ئانچە ياخشى ئەمەس، ئىشلار ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ ئىختىساسلىق كىشىلەرگە ئېھتىياجىمىز كۆپ، سىز بىلەن بىللە كېلىدىغانلار بولسىمۇ باشلاپ كېلىڭ، ئىككىڭلارنى قارشى ئالىمىز.

باشلىق قىزغا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى. چېۋەر قىز گەپنىڭ ئورانىغا يەتتى.

— ياق، مەن ئۆزۈم يالغۇز كېلىمەن.

— هە، مۇنداق دەڭ، بىزنىڭ ئەسپەر مۇئەللىم بىلەن تونۇشمىدىكەنسىز ـ دە! ؟ بولمىدۇ، بولمىدۇ، سىز ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ كېلىڭ.

بۇ قېتىم سېمىز بىلەن ئورۇق تەڭلا ئەسپەرگە مەنىلىك قاراپ قويدى. ئورۇق بولسا قىزنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىغان چىرايىنى، كېلىشكەن غۇنچە بويىنى باشتىن ـ ئاياغقىچە تاماشا قىلماقتا ئىدى.

— رەھمەت سىزگە، باشلىق.

جۆھەربۇۋىنىڭ ئۈنى زال ئىچىدە تۇش قوڭغۇراقتەك ئەكس سادا قايتۇردى.

— ئەمسە شۇنداق بولسۇن، كەچۈرۈڭ، سىڭلىم، بىز ئىشخانىغا كىرمەي زالدىلا پاراڭلىشىپ قالدۇق. كەچۈرۈڭ، بىز ئىككىمىز بىر ئىش بىلەن ئالدىرايمىز.

— هېچ ۋەقەسى يوق.

ئورۇق بىلەن سېمىز زالدىن چىقىپ پەلەمپەي بىلەن چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان بىر جۈپ ياشنىڭ قەدەملىرى ئوخشاشلا ئېغىرلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ هەر ئىككىلىسى ئىككى قەۋەتلىك بۇ بىنانىڭ سىرتقى ئىشىكىدىن چىققۇچە ئۆزئارا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى. هەر ئىككىلىسى ئۆزلۈكىدىن شۈكلەپ كېتىۋاتاتتى. هەر ئىككىلىسىد-

نىڭ ۋۇجۇدى ئۆزلىرى هازىرغىچە هېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل تاتلىق سېزىمگە بۆلەنمەكتە ئىدى.

— سىلەرنىڭ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلار هازىر تەتىلدە ئىكەن - دە؟

جۆهەربۇۋىنىڭ جۇرئىتى ئارىلىقتىكى جىمجىتلىققا جان بەردى.

— ئوقۇتقۇچىلار تەتىلدە، — يىگىتنىڭ لەۋلىرى تىترىگەندەك بولدى، — بۈگۈن مەن ئالايىتەن بايىقى ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىۋىدىم.

— هە، مۇنداق دەڭ.

— شۇنداق، بىزنى خۇدا ئۇچراشتۇردى.

— بەلكىم…

— ياق، بەلكىم ئەمەس، دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ تولىسى ئەنە شۇنداق تاسادىپىيلىققا هەمراھ…

— شۇنداقمۇ؟

— بىز تەتىل جەريانىدا ئۇچرىشىپ تۇرساق بولارمۇ؟

يىگىت ئىلتىجالىق قاراشلىرى بىلەن قىزنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى، قىز خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئەسپەرنىڭ كۆزلىرىدىن قاچۇردى ۋە ئاستاغىنە قىلىپ:

— ئۇچرىشىپ تۇرساق بولمايدىغان نېمىسى بار. بىز بەلكىم خىزمەتداش بولۇپ قالارمىز.

— سىزگە رەهمەت، جۆهەربۇۋى…

يىگىتنىڭ يۈزلىرى هۇپپىدە ئوت ئېلىپ نەپىسى قىسىلغاندەك بولدى.

— نېمىگە رەهمەت… سىز مېنى جۆهەر دەپ ئاتاۋېرىڭ. مېنىڭ يېقىنلىرىمنىڭ هەممىسى مېنى شۇنداق دەپ ئاتايدۇ.

— ئۇنداقتا مەنمۇ سىزنىڭ شۇ يېقىنلىرىڭىز ئارىسىدىن ئورۇن ئالالايدىكەنمەن - دە!؟

— سىز ئۆزىڭىز «بىزنى خۇدا ئۇچراشتۇردى»
دېدىڭىزغۇ! ؟
— شۇنداق دېدىم. دېمەكچىمەنكى، بىزنىڭ ئۇچرىشىپ قې-
لىشىمىز مۇنداقلا تاسادىپىيلىق ئەمەس… بىز يەنە ئۇچرىشىپ
تۇرايلى.
— بولىدۇ، خەير خوش.

يىگىت، قىز تاكى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتكۈچە
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى، ئۇنىڭ تومۇرىدىكى
قانلىرى داۋالغۇپ، يۈرىكىنى تېزلەتمەكتە ئىدى.

راست، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلار ئەنە شۇنداق تاسادىپىي-
لىقتىن باشلىنىدۇ. نيۇتون ئالمىنىڭ تارتىش كۈچىنى ئەنە شۇن-
داق تاسادىپىيلىق ئىچىدىن بايقىغان. بىراق بۇ خىل تاسادىپىي-
لىقلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ سەزگۈلىرىڭىزنىڭ ئويغاقلىقىغا
باغلىق. پەقەت ھوشيار، ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ سەزگۈرلۈكىلا
ھاياتتىكى نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ ئىشلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نا-
زۇك چېقىنلىرىنى ئەنە شۇنداق تاسادىپىيلىق ئىچىدىن كۆرۈۋالا-
لايدۇ. روھىيەت ئالىمىنىڭ نازۇك ئاسمىنى بۇ خىل چېقىنلار-
نىڭ ئۇچقۇنلىرىدىن نۇرلىنىدۇ. بۇ خىل نۇر كىشىلەرنىڭ كۆ-
ڭۈللىرىنى ئويغىتىپ يۈرەكلىرىنى جانلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆز
قارىچۇقلىرىدا ئەكس ئېتىدۇ. چۈنكى نۇر پەرىشتىلەرنىڭ ئېپتى-
داسى ـ دە. بۇنداق كۆزلەر ئالدىدىن ئۆتكەن ھەرقانداق تاسادى-
پىيلىقنىڭ دەقىقە ئارىلىقىنىمۇ بوش ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ.

بۈگۈنكى تاسادىپىيلىقتىن ئەسپەرنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنى يو-
رۇدى. شۇڭا كېيىنكى سۆزلىرىنى قىزغا دېيىشكە شۇنچە ئالدى-
راپ كەتتى. قىسقىغىنە ۋاقىتلىق ئۇچرىشىش، قىسقىغىنە سۆھ-
بەت ئىككى ياشنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىنى يورۇتۇپ، مۇھەببەتكە
تەشنا ئىككى يۈرەكنىڭ ئارىسىنى خېلى ئازادە قىلىپ قويغانىدى.
بۇ خىل ئازادىچىلىك ئىككى كۆڭۈلنى يېقىنلاشتۇردى. تەتىل

جەريانىدا تېپىچەكلەپ تۇرىدىغان يۇرەكلەر بىر ـ بىرىگە تەلپۈن-
دىغان بولۇپ قالدى، ئىزدىشىپ كۆرۈشىدىغان بولۇپ قالدى.
كۆزلەر كۆزلەر بىلەن ئۇچراشسا يۇرەكلەر تىنچ تۇرماي دۈپۈلدەي-
دىغان ھەم بۇ دۈپۈلدەشلەر بىر ـ بىرىنىڭ ئاڭلاش سەزگۈلىرىنى
غىدىقلايدىغان بولدى. بىر ئىللىق سېزىم بۇ بىر جۈپ يۈرەكنى
ئويغاتماقتا ئىدى. بۇ ھال قىز بىلەن يىگىتنىڭ روھىي ھالىتىدە
قىزغىنلىق پەيدا قىلدى. قىزنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. يىگىتنىڭ
بولسا، خىياللىرى كەسكىنلىشىپ قارار چىقىرىشقا ئالدىرىدى.
بۇنىڭغا يارىشا قىزنىڭ مىجەزى تەمكىنلىككە يۈزلەندى. بىر ئوت-
لۇق ئېقىم ھەر ئىككىلىسىنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانلىرىنى ئۇرغۇ-
تۇپ، تۇنجى مۇھەببەت دېڭىزىنىڭ رومانتىك شاۋقۇنلىرى ئۇلار-
نىڭ ۋۇجۇدىنى زىلزىلىگە سېلىۋاتماقتا ئىدى. بۇ كۈنلەردە قىز-
نىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىنىڭ كەڭ بوشلۇقىدىمۇ ئۇچقۇن چاقنىدى.
«دېمەك، بىزنى خۇدا ئۇچراشتۇردى... ئەجەب ئىش ـ ھە!...
كېلەر يىلى بۇ مەكتەپكە كەلسەم ئەسپەر بىلەن...» ئۆز خىيالى-
دىن قىزنىڭ مەڭزى ئوت ئېلىپ ۋىللىدە قىزاردى.

*　　　　*

بۇ دەل 1959 ـ يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئايلىرى ئىدى. كىشىلىك
ھايات، بۇ بىر جۈپ ياشقا كەڭ قۇچاق ئېچىپ مۇھەببەت ئاتا
قىلماقتا ئىدى. كېيىنكى يىلى جۆھەربۇۋى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ
مۇشۇ مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا ئورۇنلاشتى. 1961 ـ
يىلىنىڭ ماي ئېيى بۇ بىر جۈپ ياشنى بەخت بۆشۈكىگە بۆلىدى.
بىراق بۇ يىلنىڭ كەچ كۈزى بەكمۇ جۇدۇنلۇق كەلدى. كىشىلىك
ھايات كۆڭۈل ئەنسىزچىلىكىنىڭ دىشۋارچىلىقىغا دۇچ كېلىۋات-
قان شۇ ئاي كۈنلەردە بايىقى بەخت بۆشۈكى سىلىق تەۋرىتىشتىن
مەھرۇم بولدى. كېيىنكى يىلنىڭ باھارى تېخىمۇ جۇدۇنلۇق

بولدى. قىشنىڭ ئايازلىرى ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيىنى توڭلاتتى. دەريا يۈزىنى قاپلىغان مۇز يىللاردىكىدىن قېلىن ئىدى. گويا ئۇزۇن يىللارغىچە ئېرىمەيدىغاندەك… ئەمدىكى ئىشلار بەكمۇ ئاددىي داۋاملاشتى. ئۆزگىرىشچان تەبىئەت خاراكتېرىنى ئۆزلەشتۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى بۇ زېمىندىكى ئادەملەرنىڭ روھىيىتىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىشقا باشلىدى. يەر شارىنىڭ بىپايان كەڭلىكىگە نىسبەتەن تولىمۇ ئىنچىكە بولغان بىر سىزىق — چېگرا دەپ ئاتالغان سىزىق ئاپەتنىڭ بوسۇغىسىغا ئايلىنىپ قالدى. تارىختىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي ئاپەتلەردە ئۇياقتىن بۇياققا، بۇياقتىن ئۇياققا كۆچۈپ يۈرگەنلەرنىڭ پۇشتى، بۇ تىنچسىزلىق ئىچىدە ئېزىقتۇرۇشقا ئۇچرىدى. چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلەر كەتتى، قالغانلار قالدى، لېكىن چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تۇغقانلار چېگرىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى تۇغقانلارنىڭ ئاپەت يىلتىزى بولۇپ قالدى. شۇ يىللاردا مۇقەددەس قىلىپ تەسۋىرلەنگەن سوۋېت سوتسىيالىستىك سوۋېتلەر رىسپۇبلىكىسىدىن ئىبارەت بۇ دۆلەتكە ئوقۇشقا چىقىپ قايتىپ كەلگەنلەر ئەمدىلىكتە شۇ دۆلەتنىڭ چېگرا ئىچىدىكى گۇماشتىلىرى دەپ قارىلاندى، تۈگىمەس تەشۋىش، كىشى روھىنى ھالسىزلىتىدىغان كۈرەش يىغىنلىرى، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش، يالغان دېلو ياساش… دېگەندەك ئىشلار زاماننىڭ ھەقىقىتىگە ئايلىنىپ، بۇنىڭغا قايىل بولمىغانلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتنى ئۆزگەرتكۈچىلەرنىڭ قارا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. كۆكىرىپ تۇرغان بۇلۇتلۇق ئاسمان بۇ مۇقەددەس زېمىندا بولۇۋاتقان ئىشلارغا كۆزىنى يۇمۇۋالغاندەك قىلاتتى. كىشىلەر ئۇخلىسىمۇ ئوڭدىكى ئەنسىزلىك تۈپەيلى چۆچۈيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئەنسىزچىلىك ئاخىرى ئەسپەرنىمۇ ئۆز قارمىقىغا ئىلىنىۋېلىپ ئۇنى كاردىن چىقاردى. ئۇنىڭ دۆلەت ھالقىپ ئوقۇغانلىرى بېشىغا بالا بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلىم تەھسىل قىلىش

بىلەن ئۆتكەن ھاياتى قارىلاندى. ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەنلىرى ئۇنىڭغا «ئاق مۇتەخەسسىس» تونىنى پىچىم قىلدى. خىزمەتتىكى ئاكتىپلىقى، خەنزۇچىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكى ئۇنى ئىككى يۈزلىمىلىكنىڭ ۋەكىلى قىلىپ قويىدى. شۇنداق قىلىپ 1963 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى «بۇيرۇق» لارنىڭ روھى بويى-چە ئەسپەرگە شىۇجىڭجۇيىچى قالپىقى كىيدۈرۈلدى، جازالىنىپ ئىلمىي ئۇنۋانى ئېلىپ تاشلاندى، ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتى بى-كار قىلىندى، خىزمەتتىن توختىلىپ مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا نازارەت ئاستىدا ئەمگەك قىلىشقا تاپشۇرۇلدى.

ئەسپەرنىڭ ئايالى جۆھەربۇۋىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق نېسىۋىگە ئىگە بولۇپ، بۇ زەھەر - زوقۇمنى كۆنلۈك روزىغارىغا ئامالسىز قوشۇۋالدى. ھەممىدىن ھەيران قالارلىقى مۇشۇ زەھەر - زوقۇم تۇپەيلى جۆھەربۇۋى توي قىلىپ تاكى 1968 - يىلىغىچە تۇغۇت-تىن مەھرۇم بولدى. جۆھەربۇۋىنىڭ تەبىئىتىدىكى بۇ ھالەت يوشۇرۇن ھالدا ئىنسان روھىنىڭ بەكمۇ نازۇك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ھەر خىل غەلدى - غەشلەرنىڭ توسالغۇسى-نى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. بۇ ھال ماددا بىرلەم-چىمۇ، روھ بىرلەمچىمۇ دېگەن پەلسەپە مەستانىلىرىنى گاڭگىرى-تىپ قويىدى. ئەسلىي پەلسەپىدىكى تاشقى سەۋەب، ئىچكى سەۋەب مۇناسىۋىتى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلىپ تاشقى سەۋەبنىڭ زورلۇق كۈچىنى نامايىش قىلدى. دېمىسىمۇ بۇ بىرقانچە يىلدىن بېرىقى روھىي ئەنسىزچىلىك يالغۇز جۆھەربۇۋىنىڭ نازۇك تەبى-ئىتىگە تەسىر قىلىپ قالماي، خېلى - خېلى كىشىلەرنىڭ رو-ھىي دۇنياسىغا زەربە بەرگەنىدى. بۇ خىل زەربە ئىنسان تەبىئە-تىنىڭ فىزئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تەدرى-جىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ مۇخلىسلىرىغا ھاياتلىق ئىلمى ھەققىدە يېڭى سوئال قويىدى. بۇ سوئال تەن ۋە روھنىڭ ھاياتلىق ئىلمىدىكى دەخلىسىز، بىخەتەر تەتقىقات ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى

ئىسپاتلاش ئۈچۈن قويۇلغان سوئال ئىدى. ئەگەر بۇ تەتقىقات تېمىسى ئىلمىي يوسۇندا ئۆز يولىنى تاپالىغان بولسا، ئىنسانىيەت-نى جاھالەت گىردابىدىن ساقلاپ قالالىتتى. ئەپسۇس، كېيىنكى يىللاردىكى قالايمىقانچىلىق بۇ ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلاش ئەمەس، ئىنساندىن ئىبارەت بۇ ئالىي دەرىجىلىك مەخلۇقنىڭ ھاياتلىق قىممىتى — كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىپ، ئۇنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويدى. جۆھەربۇۋى دېگەن بۇ نازۇك تەبىئەتلىك چوكاننىڭ جىسمانىي ۋە روھىيىتى تارتقان رەنج - بالالار تۈپەيلى ئۇنىڭ تۇغۇتىدىكى نورمالسىزلىق كېلىپ چىقتى. ئەسپەر بىلەن جۆھەربۇۋى توي قىلىپ سەككىز يىلدىن كېيىن، يەنى 1969 - يىلىنىڭ باش باھاردىكى جۇدۇنلۇق كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى ئىشىك - تۈڭلۈك-لىرى يوق گەمە ئۆيدە ئۇلارنىڭ تۇنجى پەرزەنتى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچتى. بۇ كۈنلەردە زەي پۇراپ تۇرغان بۇ ئۆيلەرگە قۇياش نۇرى چۈشمەيتتى. ئۇنىڭ «تورۇس» دەپ ئاتالغان جايدىن ئېچىلغان كىچىككىنە تۈڭلۈككە شالدىراق تارتىلغاچقا، قۇياشلىق ئاسمان-نىڭ ئەسلىي قىياپىتى كۆرۈنمەيتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن شۇ كېچىسى كىچىككىنە بىر جان ساق - سالامەت بۇ دۇنيا بىلەن دىدارلىششقا مۇيەسسەر بولدى. بىراق ئۇ بۇ گەمە ئۆيدە قۇياش نۇرىدىن مەھرۇم ئىدى. كېيىنكى يىللاردىكى «مەسىلىسى بار-لارنى نورمىدىن قىستىش» چارىسى بۇ نارەسىدىنى بۇغداي نېنىدىن مەھرۇم قىلغانىدى.

# ئۈچىنچى باب

شىمال تاغ باغرىغا جايلاشقان مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدا-
نى ئەسلىدە بىر زامانلاردىكى «ئوقۇتۇش بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى
بىرلەشتۈرۈش» يولىيورۇقىنىڭ روھى بويىچە ئوقۇتقۇچى -
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر ئىدى.
بىر مەزگىلگىچە نۆۋەت بىلەن چىقىپ ئىشلەيدىغان ئوقۇت-
قۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى بىلەن جانلانغانىدى.
مەيداننىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى سايدا تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ شار-
قىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان تاغ سۈيىدىن توما ئاجرىتىپ چىقىرىلغان
بىر ئېرىق سۇ مەيداندىكى سالا ئېتىزلارنى، كۆكتات چۆنەكلىرى-
نى سۇغىرىشقا يېتىپ ئاشاتتى. ئېتىز - ئېرىقنى سۇغىرىشتىن
ئاشقان ئاياغ سۇ تاكى مەيداننىڭ ئاخىرىدىن باشلىنىدىغان بۈكك-
دە بوستانلىقتىكى تېرەك، قارىياغاچلارغىمۇ يېشىللىق ئاتا
قىلاتتى.

مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ قارارى، شۇ مەزگىلدىكى خىزمەت
ئېھتىياجى بىلەن مەكتەپ خوجىلىق باشقارمىسىنىڭ ئارقا سەپ
تەمىناتىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى سونۇرنى «ئۆزى سەھرادا
چوڭ بولغان، دېھقانچىلىققا ئېپى بار» دەپ بۇ دېھقانچىلىق مەيدا-
نىنىڭ مەسئۇلى بولۇشقا بېكىتكەنىدى. سونۇر دەسلەپكى يىللاردا
مەكتەپ بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانى ئارىلىقىدا قاتناپ ئىشلىدى.
ۋاقىت ئۆزارغانسېرى تاغ باغرىغا قاراپ سوزۇلغان بۇ ئۇزۇن يول
ئېغىر كېلىشكە باشلىدى. ئەسلىدە يېزىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان
بۇ ئادەم، مەكتەپتىكى كىچىك بىر ئېغىز ئۆيدە ئىككى بالا بىلەن
تىقىلىپ، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە،

مەكتەپ مەمۇرىيىتى سونۇرنى چاقىرتىپ:

— يولداش سونۇر، مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق يۇقىرىنىڭ «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش» يوليورۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن سىزنى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، مەيداننىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشقا بېكىتتۇق. بىز ئالدىمىزدا يەنە كالا نەسىللىرىنى ياخشىلاپ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى سۈت بىلەن تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرماقچى. شۇڭا سىز مەيدانغا ئائىلىڭىز بىلەن بىراقلا كۆچۈپ چىقسىڭىز... سىزگە يەنە مەيداندا دائىم تۇرۇپ ئىشلەيدىغان بىرنەچچە ئىشچى سەپلەپ بېرىمىز... قېنى ئويلىشىپ كۆرۈڭ، — دېدى.

ئەسلىدە مىجەزى چۇس سونۇر، قولىدىكى تاماكىسىنى ئاچچىق بىر شورىۋەتكەندىن كېيىن:

— بۇنىڭ، ئويلاشقۇدەك يېرى يوق. مەن ئەسلىدە يېزىدا چوڭ بولغان ئادەم. پەقەت قاچان كۆچۈپ چىقىش مەسىلىسىنى ئۈيدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەي.

— بولىدۇ. قالتىس گەپ بولدى - دە بۇ. ئائىلىڭىز ئىشچىلارغا تاماق ئېتىپ بەرسۇن. بىز مائاش بېرىمىز.

— ئاش - تاماقنىڭ كارى چاغلىق، مۇھىمى دېھقانچىلىق مەيدانىغا «سەپلەيدىغان» يىگىتلىرىڭىزنىڭ بېلى چىڭراق بولسىلا بولىدۇ.

— بولىدۇ ئەمسە، شۇنداق بولسۇن.

* *

سونۇر ئۆيگە قايتىپ كىرىپ بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئايالىغا دېدى - دە:

— بۇنىڭغا سەن قانداق قارايسەن؟ — دەپ سوئال نەزىرى

بىلەن ئايالىنىڭ قارىقۇمچاق، لېكىن مېھرى ئىسسىق چىرايىغا يەر ئاستىدىن قاراپ كۆزىتىپ تۇردى. ئايالى خېلى بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن:

— قېنى، مەيدانغا كۆچۈپ چىقتۇقمۇ دەيلى. سىزنىڭ قىد-رىق ئۈچ سوم ئەللىك ئۈچ تىيىنلىق مائاشىڭىز بىلەن شۇ يەردىكى كۈنىمىز كۆن بولارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلارنى ئوقۇ-تۇش مەسىلىسىچۇ تېخى...

— ھازىرچە بالىلارنى ئوقۇتۇشنى قويۇپ تۇرايلى، ئۇلار تېخى كىچىككۇ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ ئوقۇماي تۇرۇپ بىزنى چوڭ قىپتىكەنغۇ.

— ھوي سونۇر، سىز نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز، سىزمىچۇ ئوقۇغاچقا، ئانچە - مۇنچە ساۋاتىڭىز بولغاچقا ھۆكۈمەت سىزنى كادىر قىلدى.

— ھە، شۇنداقلىقى شۇنداق، بالىلارمۇ كېيىنچە ماڭا ئوخ-شاش ئانچە - مۇنچە ئوقۇپ...

— ھەي ئادەم، — سونۇرنىڭ ئايالىنىڭ چىرايى تېخىمۇ قىزىرىپ قارىداپ كەتتى، — مەن قارىتۇرۇك تۇرۇپ بالىلارنى ئوقۇتۇشنى ئويلايمەن، ئەجەب سىز...

— بولدى قىل، خوتۇن، ئىشنى بەكمۇ زىغىرلاپ كەتمەي-لى. مەكتەپ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشچىلار ئۈچۈن ئاشخانا قۇرۇپ سېنى ئاشپەزلىككە بېكىتىدىغاندەك... ھە... ساڭا مائاش كېسىپ بېرىمىز، دېدى... ئەمدى قارا، دېھقانچىلىق مەيدانى دېگەن قانداقلا بولمىسۇن ئاسمىنى كەڭ جاي دېگىنە، شەھەر يېرىدە بىر كىشىلىك مائاش بىلەن بار - يوقنىڭ دەردىنى تارتىپ يۈرگۈچە ئۇ جايدا ئانچە - مۇنچە توخۇ - كەپتەر، قوي - كالا دېگەندەك بىرنېمىلەرنى باققىلى بولىدىغۇ.

— ھەي، باشلىقلارغا سىز نېمىدەپ جاۋاب بەردى-ڭىز؟ — دېدى ئاخىر ئېرىنىڭ كەسكىن مىجەزىنى بىلگەن ئايالى.

— ماقۇل دېدىم…

— ئۇنداق بولسا يەنە نېمە گەپ، نېمە مەسلىھەت ئۇ جىننى ئۇسسۇلغا سالغاندەك.

— ھەي قارەك…

— قارەك دېمەڭ. سىزچۇ مېنى سەھرالىق دېمەي مەھەللىدىكى قىزلار ئىچىدىن قارا بولسىمۇ مېھرى ئىسسىق ئىكەن دەپ نەچچە قېتىم يولۇمنى توسۇپ ماقۇل جاۋابىمنى ئالغاندىن كېيىن، خۇددى مېنى بىرى تارتىۋالىدىغاندەك ئالدىراپ گازىر - پۇرچاق بىلەنلا توي قىلىپ ئالغاچقا ئەمدىزە… ھە دېسىلا قارەك…

— بولدى قىل ھوي، مېنىڭ مەسلىھەتىمگە جاۋاب بەرمەي نېمە كونا خامانىنى سورۇپ كەتتىڭ.

— سورۇمايچۇ، كىچىككىنە بىر ئىش بولسىلا ئادەمنى كەمسىتىپ «ھەي قارەك… ھەي قارەكلا» دېگەن. مېنىڭ سىزگە ئوخشاشلا ئەزان توۋلاپ قويغان ھېنىپەم دەپ ئىسمىم بار. ھېچبولمىغاندا شەھەرلىكلەردەك «ھەي باللارنىڭ ئانىسى» دېگەننى بولسىمۇ ئۆگەنسىڭىزچۇ… ئۆتۈپ كەتكەن سوغۇق، توڭكەي ئادەم - دە بۇ!

— بولدى، بولدى، گەپ قىلمىسا ئەزۋەيلەۋېرىسەنغۇ. بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق قىلاي، ھە… بار گەپنى دېگىنە، باشلىقلارغا مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە كۆچۈپ چىقىمىز دەيمۇ…

— ئەنە شۇ، ئۆزى ماقۇل بولۇپ بولغان ئىشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۆزى ئەزۋەيلەيدۇ تېخى…

— شۇنداق.

— ئىزا تارتماي شۇنداق دەيدۇ تېخى.

قارا خوتۇن دومسايغاندەك بىر قىلىق بىلەن سونۇرنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.

*　　　*

ئەنە شۇ ئىشلارغىمۇ خېلى يىللار بولۇپ كەتتى. ئارىدىكى پولات ـ تۆمۈر تاۋلاش ھەرىكىتىدە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئەترا- پىدىكى قارىياغاچلار قىرىپ تاشلىنىپ مەكتەپنىڭ رۇدا ئېرىتىش پېچلىرىدە كۆيۈپ تۈگىدى. ئۇ يىللاردا سونۇر ئىشچىلار بىلەن قارىياغاچنىڭ يىلتىزلىرىنى كولاپ چىقىرىپ، يەرلىرىنى تۈزلەپ قاتار ـ قاتار قىلىپ مېۋە كۆچەتلىرى، كۆك تېرەك كۆچەتلىرىنى تىكىۋەتكەنىدى. «ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت» مەزگىلىدە گەرچە بۇغداي، قوناقتىن مول ھوسۇل ئېلىنغان بولسىمۇ، بىراق يۇقى- رىنىڭ «ئاشلىقنى نورمىلىق باشقۇرۇش» سىياسىتى بويىچە بىر تال دانىنىمۇ مەكتەپكە قالدۇرماي دۆلەت ئاشلىق سېڭىغا تۆكتى. ئۇ يىللاردا ئاشلىقنىڭ نورمىلىق بولۇشىغا ئەگىشىپ پۈتكۈل جەمئىيەتتە بىر خىل جۇتلۇق، ئاچارچىلىقنىڭ ۋەھىمىسى يام- راشقا باشلىدى. بۇ كۈنلەردە مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنى «يوقلايدىغان»لارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بىرلىرى سونۇردىن كاۋا سوراپ چىقسا، يەنە بىرلىرى ئاتلارنىڭ بوغۇزى ئۈچۈن تەييارلىغان ئارپا يارمىسى سوراپ چىقاتتى.

— ھەي ئادەم، مۇئەللىملەر ئارپا يارمىسىنى نېمە قىلىدۇ، ھوي؟ !— دېدى بىر كۈنى سونۇرنىڭ خوتۇنى ھېنىپەم.

— ئاشلىق ئورنىدا يەيدۇ.

— نېمە بولۇپ كەتتى بۇ جاھان، كونىلارنىڭ «ئارپا ـ پۇرچاق ئاش ئىكەن، ئۈنچە ـ مارجان تاش ئىكەن» دېگىنىدەك كۈنلەر كەلدىمۇ نېمە؟

— ئاغزىڭنى يۇم، ھۇ قارا…

— ھە، دەڭە، قارەك دەڭە…

— بولدى، بولدى، ھەي بالىلارنىڭ ئانىسى، راست گەپنى دېسەم بۇنىڭدىن كېيىن سەن ئېغىزىڭغا بېقىپ سۆزلە. بىز بۇ

ئاسمىنى كەڭ يەردە ھېچنېمە كۆرمىگىنىمىز بىلەن شەھەردىكى- لەر ئاچارچىلىقتا نېمە قىلارنى بىلمەي قېلىۋاتىدۇ. ساڭا ئوخ- شاش «نېمە بولۇپ كەتتى بۇ جاھان» دەپ ھۆكۈمەتكە سوئال قويۇپ سايرىغانلارنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ ئوڭچى دەمدۇ، ئىشقىلىپ، بىرنېمە بولۇۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ. مەن دېگەن ئۆي خوتۇنى… ۋىييەي، ئىشچىلارغا ئاشپەزلىك قىلساڭ مائاش بېرىدۇيەي، دەپ كېتىۋىدىڭىز، ئىشچىلار مەيداندىن كېتىپ مانا ئۆزىمىزلا قال- دۇققۇ. قېنى باشلىقلارنىڭ ماڭا ۋەدە قىلغان مائاشى… ھۆكۈمەتچۇ ئوبدان بىلىدۇ. مۇشۇ مائاش ئالغان كادىر خەقنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەنە شۇنداق ئۇ ھەرىكەت، بۇ ھەرىكەت بىلەن پات - پات ئۇچۇقىداپ تۇرمىسا قۇيرۇقىنى دىڭگايتىۋالىدىغان خەق…

— بولدى، ھوي، قايناپلا كەتتىڭغۇ. ئاغزىڭنى يۇم دېگەن- دىن كېيىن ئاغزىڭنى يۇم. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە تام - تورۇس، دەل - دەرەخلەرنىڭمۇ قۇلىقى بار. ئېھتىياتچان، كەم سۆز بول- غان ياخشى. «بازار ۋەزىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىڭلار» دېسە، بەزىلەر كۆزىنى يۇمۇپلا «بازارلار ئاۋات، تۇرمۇش پارا- ۋان…» دەپ ياخشىچاق بولۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. راست گەپ قىلى- دىغان ۋىجدانلىق كىشىلەر «سايراپ - سايراپ» ئاغزىدىن ئىلى- نىپ قېلىۋاتىدۇ…

— ھە، بوپتۇ. بولدى قىلاي. بالىلارنىڭ چوڭىنى مەكتەپكە بېرىش ۋاقتى بولۇپ قالدىغۇ…

— قەيەردىكى مەكتەپكە بېرىسەن؟

— شەھەردىكىچۇ، بولدى قىلىڭ. شەھەرگە كۆچۈپ كىرىپ كېتەيلى.

— مەن قانداقسىغا ئۆزۈملا بولدى قىلالايمەن، باشلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پاچىقىدا پىت.

— ئەمسە بۇ تاغ، بۇ دالىلاردا بالىلار ئوقۇشسىز قالىدىكەن ـ دە!

— سەنمىغۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرنى تۇغۇۋەردىڭ...

— مەنمىش تېخى... مەنلىما؟! نېمە ئىچىمنى سىقىپ...

— ھەي، سەن بولماي، مەن تۇغاتتىممۇ، گالمۇس.

— ھوي كىشى، چاۋاك دېگەنچۇ ئىككى قولدىن چىقىدۇ... دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاسمىنى كەڭ دەۋاتاتتىڭىزغۇ...

— شۇنداق بولسىمۇ، ئەمدى...

خىجىل بولغانلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر سونۇرنىڭ ئاۋازى خىرىلدىداپ ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس چىقتى.

— ھە، مۇشۇ ئاسمىنى كەڭ يەردە تۇغۇۋېرىمەن تازا. تاكى قىز بالا يۈزى كۆرگىچە تۇغۇۋېرىمەن. رىزقىنى ئاللا بېرىدۇ...

* *

1962 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ ھاۋاسى تولىمۇ ئۆزگىرىشچان بولدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان تەبىئىي ئاپەتتىن كېلىپ چىققان ئاشلىق مەسىلىسىدىكى جىددىيلىكتىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ نورمىلىق باشقۇرۇلۇشى كىشىلەرنى گاڭگىرىتىۋەتتى. دەل كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىدە داۋالغۇش بولۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە تاشقى كۈچلەرنىڭ يوشۇرۇن ھەرىكىتى بۇ رايوندا نېمە قىلارىنى بىلمەي قايمۇقۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ئاتمىش مىڭدىن كۆپ ئاھالىنىڭ چېگرا ئاتلاپ سىرتقا قېچىشىغا سەۋەب بولدى...

تارىختىن بۇيان چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرەپكە، بۇ تەرىپىدىن ئۇ تەرەپكە نەچچە قېتىم تەكرارلانغان «كۆچ ـ كۆچ» لەردىكى ئەجدادلارنىڭ ئىزى بىلەن سىرتقا قاراپ كۆچكەن خەلق-

لەرنىڭ بۇگۇنكى دەۋردىكى ھەرىكىتى باشقىچە سىياسىي تۇس ئالدى... بىر مەزگىللىك شىۋجېڭجۇيىغا قارشى كۇرەشنىڭ پىلتىسىغا ئوت ياقتى. زېمىندىكى ئىشلار بولسا كىشىلەرنىڭ رايىغا باقماي داۋاملىشىۋەردى...

* *

بىر مەزگىللىك تىمتاسلىقتا چۆمگەن تاغ باغرىدىكى بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى ئەمدى ئۆزىنىڭ يېڭى - يېڭى «مېھمانلىرى»نى كۇتۇۋالدى. شۇڭا مەيدان باشلىقىنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىرلاشقانىدى. ئۇ يۇقىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە بۇ «مېھمانلار»نىڭ كۇندىلىك ئىش - ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغانىدى.

— بۇ بىر تارىخىي سىناق، يولداش سونۇر، — دېدى يۇقىرىدىن سونۇرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگىلى كەلگەن باشلىقلاردىن بىرى، — بۇ يەردىكى ئىشلاردا سىزنىڭ سىنىپىي مەيدانىڭىز مۇستەھكەم، سىياسىي كۆزقارىشىڭىز ئېنىق بولۇشى كېرەك...

ئەنە شۇ كۇندىن باشلاپ «يىگىرمە توققۇزىنچى ماي» ۋەقەسىدىن كېيىنكى قوشۇن تازىلاشنىڭ دەسلىپىدىلا «تارتىپ چىقىرىلغان» شىۋجېڭجۇيىچى ئۇنسۇرلاردىن «سېمىز بىلەن ئورۇق» نازارەت ئاستىدا ئەمگەك قىلىپ، ئىدىيىنى ئۆزگەرتىش تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش ئۇچۇن بالا - چاقىلىرى بىلەنلا دېھقانچىلىق مەيدانىغا كۆچۈرۇپ كېلىندى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلغان ئېگىز، ئورۇق ئادەم، ئۆزىنىڭ چەت ئەل پۇقراسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاسپورتىنى كۆرسىتىپ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن غايىب بولدى. «قوش يۇرەك»، «چەتكە باغلانغانلار»نىڭ باش تىزىملىكىدىكى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى «سېمىز» دېھقانچىلىق مەي-

دانىدا ئۆزۈنغىچە مەسىلە تاپشۇرۇش بىلەن بولدى...
ئەسپەر بىلەن جۆھەربۈۋى دېھقانچىلىق مەيدانىغا كۆچۈپ چىقىپ يېڭىدىن كولانغان گەمە ئۆيگە ئورۇنلاشقاندا، مەيدان باشلىقى سونۇر بولۇۋاتقان ئىشلارغا ھەيران قالغىنىدىن ياقىسىنى تۇتتى. چۈنكى ئۇ ئەسپەر بىلەن جۆھەربۈۋىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. «ئەمدىلا يىگىرمە يەتتە - يىگىرمە سەككىز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ياشلاردا نېمە گۇناھ باردۇر - ھە...» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە.
— توۋا، خاتالاشقانلارنىڭ ھەممىسىلا ئوقۇغان ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر! — دېدى سونۇر خۇددى بىرى ئاڭلاپ قالىدىغاندەك پىچىرلاپ.
— پىچىرلىماي ئېنىق سۆزلەڭە.
— دەيمىنا.
— نېمىنى دەيسىز؟
— مۇنۇ خاتالىشىۋاتقانلارنى دەيمىنا.
— ئەسپەر ئەپەندىنىڭ ئايالى جۆھەربۈۋىمۇ خاتالاشتىمىكىنە؟! بارغانسېرى ئادەم چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر ئىشلار بولۇۋاتىدىغۇ خۇدايىم...

يىللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە. بىر كۈنلەرگە كەلگەندە سونۇرنىڭ بىر قوللۇق باشقۇرۇشى بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئەتراپى دەرەخلەر بىلەن چۈمكىلىپ قايىتىدىن بۈككىدە بوستانلىققا ئايلاندى. بۇرۇنقى قارىياغاچلىقنىڭ ئورنىدا رەت - رەت كۆك تېرەكلەر، مەيداننىڭ غەرب تەرىپىدىكى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ھەرخىل سورتتىكى مېۋىلىك دەرەخلەر، دېھقانچىلىق مەيدانىنى كەم - كۈتىسىز گۈزەل بىر جايغا ئايلاندۇرغانىدى. بىراق دېھقانچىلىق مەيدانىدا سونۇرنىڭ رايىغا

باقمىغان، يۇقىرى بەلگىلەپ بەرگەن نازارەت ئاستىدىكى ئېغىر
ئەمگەك ۋەزىپىسى يەنىلا داۋاملاشماقتا. بىر كۈنى تۇيۇقسىز سو-
نۇرنى مەكتەپ رەھبەرلىكى چاقىرتىپ شەھەرگە ئەكىرىپ كەت-
تى. ئۇ كۈنى سونۇرنىڭ خوتۇنى ھېنىپەم بەكمۇ ئەنسىزچىلىك
ئىچىدە قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن «ۋىييەي، بىزنىڭ ئادەممۇ
خاتالىشىپ قالغانمىدۇر...» دېگەن ئەنسىز خىيال كەچتى. چۈن-
كى ئۇ كۈنى سونۇرنى چاقىرىپ چىققانلارنىڭ يېڭىدە قىزىل
بەلگىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەلەتى ئادەم قورققۇدەك سۆرۈن
ئىدى.

سونۇر يېرىم كېچىدە دېگۈدەك قايتىپ چىقتى.

— ئەجەب ئەنسىرەتتىڭىزا ئادەمنى.

— نېمىگە ئەنسىرەيتتىڭ؟

— نېمە ئىشلار بولمايۋاتىدۇ بۇ جاھاندا. باللارنىڭ دادىسى
بولغاندىكىن ئەنسىرىدىم شۇ.

— يوقىلاڭ ئىشلار. مەكتەپنىڭ رەھبەرلىكلىرى خىزمىتىد-
دىن توختىلىپتۇ. ھەممىلا يەردە يېڭىگە قىزىل بەلگە تاقىۋالغان
ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ
چىرايلىق تاملىرىغا چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلىنىپ رەسۋا
قىلىنىپتۇيۇ، بۇنى سورايدىغان ئادەم يوق. تونۇمايدىغان بىرنې-
مىلەر بىز خىزمەت گۇرۇپپىسى، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خىز-
مىتىدىن دوكلات قىل دېدى. مەن بۇ يىللىق دېھقانچىلىق ئەھۋال-
لىرىنى تونۇشتۇردۇم. ئارىدا مەمەدانىراق بىرى بار ئىكەن. ئۇ
«ھەي يولداش سونۇر، مەيداندىكى سىنىپىي دۈشمەنلەرگە بولغان
نازارەتنى كۈچەيتىڭ، بىز ئاڭلىغان گەپلەرگە قارىغاندا ئۇلارنى
تۇغقانلىرى يوقلاپ چىقىپ تۇرارمىش» دېمەمدا. ئاچچىقىم شۇن-
داق كەلدى. ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. مۇشۇ ئارىدا بىرى مېنى چې-
قىپ كىرمىسە، مەكتەپكە يېڭى كەلگەن ئۇ بىرنېمىلەر بۇ يەردى-
كى ئىشلارنى نەدىن بىلىدۇ. ھەي، بىز خەقمىزە... ئەمدى مەن

مۇشۇ مەيدانغا باغلاپ قويغان ئىت بولۇپ كۆرگەنلا ئىشلارغا قاۋاپ بەرسەم بولغۇدەك ـ دە! ھەي... ھە راست، خوتۇن، تېخى مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېگەن بىر ئىنقىلاب باشلىنىپتىمىش...

— نېمە؟

ھېنىپەم تۆت ئوغۇلنىڭ كەينىدىن تۇغۇلغان ئەمدىلا ئىككى ئايلىق بولغان قىزى ھىلالبۇۋىنى نېمىدىندۇر بىرنېمىدىن ئەنسىرىگەندەك باغرىغا چىڭ باستى.

* *

ھويلىدا ھىلالبۇۋىنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن سەھەر ھاۋاسى بىلەن جىمجىت ھويلا ھاياجانلانغاندەك بولدى.

— لالە.

— كىرىڭ، قىزىم.

ھىلالبۇۋىنىڭ كۆزىگە جۆھەربۇۋى بىر كېچىدىلا مۇكچىيىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ زەئىپ تىترەڭگۈ ئىدى.

— لالەچۇ؟

ھىلالبۇۋىنىڭ ئاۋازى ھويلىدا يەنە بىر قېتىم ياڭرىدى. لالەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىدىن «تىرىدىق» قىلغان ئاۋاز چىقتى ـ دە، ئىشىك ئېچىلىپ لالەنىڭ سولغۇن چىرايى كۆرۈندى. ئانىنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. ھىلالبۇۋىنىڭ كۈلگۈن چىرايى ھەيرانلىق بىلەن ئېسەنگىرەش تۇيەيلى ئىپادىسىز بىر ھالەتكە كۆچتى. ئۇ تېڭىرقاپ قالغانىدى. ئىككى مەڭزىدە قان قالمىغان لالە سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدى.

— ۋىيىەي، جېنىم بالام...

ئانا كېلەڭسىز بىر ھەرىكەت بىلەن لالە تەرەپكە يۈگۈردى.

بۇ چاغدا پېشايۋانغا ئوقتەك يۇگۇرۇپ چىققان ھىلالبۇۋى لالەنى
قۇچاقلاپ ئۇلگۇرگەنىدى. لالەنىڭ كالپۇكلىرى ھالسىز مىدىر-
لايتتى، ئۇلار ئىككىسى لالەنى يۆلەپ ئۇنى ئۆز كارىۋىتىغا ياتقۇز-
دى. ھېلىراقتا بولۇپ ئۆتكەن ئوپۇر - توپۇردىن ئويغىنىپ
كەتكەن زىلال نېرىقى ئۆيدىن يۇگۇرۇپ چىققاندا تامدەك تاتىرىپ
كەتكەن لالە كارىۋاتتا ياتاتتى. زىلال «ئاپا» دەپ ئەنسىز ۋارقى-
راپ ئۇنى سىلىپ يىغلىۋەتتى. جۆھەربۇۋى قىزىنىڭ بېشىدا
پەرىشان ئىدى. ھىلالبۇۋى بولسا بىر تەرەپتىن زىلالنى «يىغلى-
ما، قوزام، ئاپاڭغا ھېچ ئىش بولمايدۇ...» دەپ بەزلىگەچ، يەنە
بىر تەرەپتىن كارىۋات بېشىدىكى تېلېفون نومۇرلىرىنى بېسىپ
دوختۇر چاقىرماقتا ئىدى. بىردەمدىلا جىددىي قۇتقۇزۇش ماشى-
نىسىدا كەلگەن دوختۇر، سېسترالار ھالقىلىق پەيتتىكى جىددىي
چىرايلىرى بىلەن لالەنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدا تەخ بولدى. سې-
مىز كەلگەن ئايال دوختۇر بىر جۇپ كۆزىنىڭ قارىچۇقلىرىنى
قايسىبىر نۇقتىلارغا تىكىپ لالەنى بەكمۇ ئەستايىدىل تەكشۈ-
رۇپ چىقتى - دە:

— قورقماڭ، ھەدە، قىزىڭىز ياخشى. چوڭ كېسەل يوق.
بىراق تېنى بەك ئاجىز ئىكەن. ئۆزىمۇ بەك چارچاپ كەتكەن
چېغى. ئۆيدە ئوبرانىراق كۈتۈڭلار، بالنىتسىدا يېتىش
ھاجەتسىز، — دېدى.

— رەھمەت سىزگە، دوختۇر. راست، سىز ئېيتقاندەك
قىزىمنىڭ تېنى ئاجىزراق.

ئانىنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېلىقى مۇشەققەتلىك يىللاردىكى
يېرىم ئاچ ھالەتتىكى تۇرمۇش غىل - پال ئۆتكەندەك بولدى.
ھىلالبۇۋىنىڭ چانقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان كۆزقارىچۇ-
قى ئارامىغا چۈشتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان تال -
تال قىرپىكلىرىگە خاتىرجەملىك قونماقتا ئىدى. سېسترالار لالە-
نىڭ بىلەكلىرىنى ئېچىپ ئوكۇل سالدى، كېيىم ئاسقۇچقا ئېسىل-

غان بوتۇلكىدىكى سۈزۈك سۇيۇقلۇق تامچىلاپ لالەنىڭ تومۇرى ئارقىلىق ئۇنىڭ چاڭقىغان ۋۇجۇدىغا سىڭمەكتە ئىدى.

دوختۇرلار جۆھەربۇۋىنىڭ بىر چىنە چاي ئىچىپ، تاماق يەپ كېتىڭلار دېگىنىگە قارىماي: «رەھمەت، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز بار. خەير خوش، ئۆزگىرىش بولسا «120»، گە تېلېفون بېرىڭلار» دەپ خوشلاشتى. ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى. سىنتەبىر قۇياشىنىڭ يىپەك تالالىرىدەك ئالتۇن نۇرلىرى دېرىزە كۆزنەكلىرىنى يورۇتتى. لالەگە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇشتىن ئانىنىڭ كۆزلىرى تالدى. ھىلالبۇۋىدىكى ئەنسىزلىك كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بايىقى ئەنسىزچىلىكىدىن ھېلىدىن - ھېلىغا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى ئەمدى ھەرىكەتلىرىگە ماس ھالدا ئۆز ئەكسىگە قايتقانىدى.

زىلال ئاپىسى لالەنى سۆيۈپ قويۇپ، مومىسىنىڭ ئېتىكىگە يۆگەشكىلى تۇردى.

— بولدى قىل، زىلال، موماڭ بەك چارچاپ كەتتى، كەل مېنىڭ قۇچىقىمغا.

— سەن ياخشى جۇمۇ، ھىلال ئاپا، ئەتە مېنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويامسەن؟

— ياق، سۈننەت تويۇڭدىن كېيىن ئاپىرىپ قويىمەن.

— ئەمىسە بۈگۈن كېچە بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قالامسەن؟

— بولىدۇ. مانا بۇ گېپىڭ بولىدۇ.

— سەن قونۇپ قالساڭ مومام ساڭا «تۆتۈ قوزام» نىڭ چۆچىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

— موماڭ بۇ چۆچەكنى ئاپاڭ بىلەن ئىككىمىزگە سەندىن بۇرۇن — بىز خۇددى سەندەك ۋاقتىمىزدا ئېيتىپ بېرىپ بولغان.

— ياق، مومامنىڭ چۆچىكى تۈگىمەيدۇ، مومام كۈندە ئېيتىپ تۇرىدۇ.

— موماڭ بۇ چۆچەكنى بىزگىمۇ كۈندە ئېيتىپ بېرەتتى. بۇ شۇنداق تۈگىمەيدىغان چۆچەك.

— ئەممىسە ئاپام نېمىشقا چۆچەك ئېيتىشنى بىلمەيدۇ؟

— ئاپاڭ بىلىدۇ.

— ئەممىسە، ئاپام ماڭا چۆچەك ئېيتىپ بەرمەي، موماملا ئېيتىپ بېرىدىغۇ؟!

— ئاپاڭ ياخشى بولغاندا ساڭا چۆچەك ئېيتىپ بەرسۇن جۇمۇ، ئاپاڭنىڭ يانچۇقىدا «چىن تۆمۈر باتۇر»، «ئېچىل داستىخان»، «ئۇر توقماق»... دېگەندەك چۆچەكلەر جىق، ماڭ، قوزام، موماڭ ئارام ئالسۇن، چىقىپ ئوينىغىن. جۆھەر ھەدە، سىزمۇ چىقىپ... مەن بۈگۈن لالەگە ھەمراھ بولىمەن.

بۈگۈنكى كۈن بەكمۇ ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئۆتتى. كۈن قايرىلغاندا تالادىن يۈگۈرۈپ كىرگەن زىلال مومىسىنىڭ ئېتەكلىرىگە يۆگەشتى.

— موما، بۈگۈن كەچ چۆچەك ئېيتىپ بېرەمسەن؟

— ئېيتىپ بېرىمەن، قوزام، ئېيتىپ بېرىمەن.

جۆھەربۇۋىنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇنىڭ كۆز ئوڭىدا ھېلىقى قاراڭغۇ، زەي گەمە، گەمىدە ئۆتكەن ساناقسىز تۈنلەر... ئەمدىلا تىلى چىققان لالە: بەزى كۈنلىرى نارەسىدە ئاچلىقتىن يىغلايتتى، كېچىلىرى ئاچلىقتىن ئويغىنىپ كېتەتتى - دە، توختىماي يىغلايتتى. يىغلاپ - يىغلاپ ھېرىپ بىردىنلا شۈكلىشىپ قالاتتى - دە، ئاندىن يەنە:

— ئاپا، چۆچەك ئېيتىپ بىيە، — دەيتتى.

ئۇ كۈنلەردە ئەسپەر بىلەن جۆھەربۇۋىنىڭ تامىقى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ چوڭ قازىنىدا ئىدى. ئۇلار كەچلىكى لالە ئۈچۈن بىر چىنە قوناق ئۈمىچىنى ئارانلا تېجەپ قالاتتى. ئاچلىقتىن ئانىنىڭ سۈتى ئاللىبۇرۇنلا تارقىلىپ كەتكەنىدى. بەزىدە ئامال تاپالمىغان ئانا ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان بالىسىنىڭ ئاغزىغا

قورۇق ئەمچەكنى سىلىپ بەزلەيتتى. قورۇق ئەمچەكنى شوراپ - شوراپ زېرىككەن گۆدەك ئاخىرى ئەمچەك تۇپچىسىنى قاتتىق بىر چىشلەيتتى - دە، ئاندىن ئۈنىنى قويۇۋېتىپ راسا يىغلايتتى. كۈنلەر شۇنداق قاتتىقچىلىقتا ئۆتتى. ئاستا - ئاستا چوڭ بولۇۋاتقان لالەنىڭ تېنى بەكمۇ ئاجىز ئىدى. ئەسپەرنىڭ نەزىرىدە قايسىبىر كۈنى بۇ قىز ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىدىغاندەكلا ئىدى. بۇ ھال ئېھتىياتچان، ئالىيجاناب زىيالىي ئەسپەرنى تەۋەككۇلچىلىك قىلىشقا قىستايتتى. ئاخىرى بۇ تەۋەككۇلچىلىك ھېسسىياتى ئەسپەرگە غەيرەت ئاتا قىلدى. بىر كۈنى كېچىسى بالىسىنىڭ ئاچلىقتىن ئاچچىق - ئاچچىق يىغلىشىغا چىدىمىغان ئەسپەر كېچىلەپ كالا قوتىنىغا كىرىپ يېڭىلا تۇغقان كالىنىڭ ئەمچەك تۇپچىلىرىنى چىمداپ - چىمداپ كىچىككىنە بىر كۈرۈشكا سۈت ساغدى. ئۇ گەمىگە قايتىپ كەلگەندە ئاغزىنى جۆھەربۇۋىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ «ئامال تاپتىم، ئامال تاپتىم» دېدى - دە، ئايالىنىڭ مەڭزىگە تاتلىققىنە بىرنى سۆيۈپ قويدى. ھاياتتىكى كۆڭۈلسىز ئىشلار تۈپەيلى ئېرى تەرىپىدىن سۆيۈلمىگىنىگە ئۇزۇن بولغان گۈزەل چوكاننىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى.

— ئوھ جېنىم، سۈت تېپىپ كەپسىز - دە، سۈت!

جۆھەربۇۋى ئەسپەرنى تاتلىققىنە، تاتلىق بولغاندىمۇ شۇنداق تاتلىق سۆيۈپ قويدىكى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئۇنتۇلغان سۆيۈش - سۆيۈلۈش شۇ كېچىسى سوغۇق، زەي گەمە ئۆيگە ئىللىق بىر ئېقىمنى تارقاتتى. جۆھەربۇۋىنىڭ بەللىرى تولغاندى. ئەسپەرنىڭ تىنىقلىرى تېزلىشىپ ۋۇجۇدى ھاياجاندىن تىترىدى. نېمىلا بولمىسۇن ئەسپەرنىڭ شۇ بىر قېتىملىق قورقۇمسىزلىقى كىچىككىنە بىر جاننىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى...

*　　　*

— موما، يۇرە چىقىپ كېتىمىز، ھىلال ئاپام ئاپامغا قاراي-مەن دېدىڭىز.

جۆھەربۇۋى بايىقى ئېغىر خىيالدىن ئويغاندى. بۈگۈنكى بىر كۈن جۆھەربۇۋى ئۈچۈن بەكمۇ تەستە كەچ بولدى. ئۇ «خۇداغا ئامانەت» دەپ ياتاق ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ھىلالبۇۋى لالەنىڭ قېشىدا قېپقالدى. بۇ چاغدا لالە خېلىلا ئوڭشىلىپ قالغانىدى.

— لالە، خەتنى ئوقۇدۇڭمۇ؟

— ھەئە، ئوقۇدۇم.

— ئەكېلە مەن ئوقۇپ باقاي.

— ياق، ئەتە ئوقۇغىن، ئاداش، بۈگۈن ئوقۇساڭ، كېچىدە ئۇخلىيالمايسەن. سېنى قارا بېسىپ قالىدۇ.

— مەيلى، ئۇخلىمىسام ئۇخلىمىدىم، مېنى قارا باسمايدۇ، مېنىڭ سەندەك تاۋۇز نازۇك ئەمەسلىكىمنى بىلىسەنغۇ!

— بولدى قىل. ئەتە ئوقۇ دېگەندىكىن ئەتە ئوقۇ. ئىككىمىز بىر - بىرىمىزدىن نېمىنى يوشۇرغان.

خىجىللىقتىن لالەنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. چۈن-كى ئۇ «شەھلا» مەسىلىسىنى ھېلىغىچە ھىلالبۇۋىگە ئېيتمى-غانىدى.

— مەن خەتنى ئوقۇپ بەكمۇ ئازابلاندىم. كېچىدىن بېرى پۈتۈن بەدىنىم ئوتتا كۆيگەندەك پۇچىلىنىۋاتىدۇ. يۈرىكىم سىر-قىراپ ھېچ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ… مەن خەتنى يېنىشلاپ - يېنىش-لاپ نەچچە رەت ئوقۇپ چىقتىم. ئوقۇغانسېرى كۆڭلۈم ئەنسىز-لىككە چۈشۈپ، ئەقلىمگە سىغدۇرغىلى بولمايدىغان بىر خىل ئىشلاردىن گۇمان قىلىۋاتىمەن.

— رەخىم ساڭا كۈندەش تېپىۋاپتىمۇ يا، شۇنىڭغا چىدىماي قالدىڭمۇ نېمە! ؟ ئۇ تەرەپتە ئوقەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسى شۇن-داق قىلارمىش.

— ياق، ئاداش، مېنىڭ ئويلىغانلىرىم ئۇنداق ئاددىيلا كۆڭۈلدەشلىك ئىشى ئەمەس. خەتنىڭ مەزمۇنىدا بىر قارا كۆلەڭگە لەيلەپ يۈرىدۇ... كۆڭۈلدەشلىكنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ.

— ئۆزۈڭ ئىنچىكە ئويلاپ كېتىۋاتقانسەن. ھازىرچۇ بەزى ئىشلارغا ئۇنچىۋالا ئىنچىكىلىك بىلەن زىغىرلاپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. چېكرا ئاتلاپ سودا قىلىپ يۈرگەن بايۋەچچىلەر نېمە ئىش قىلمايۋاتىدۇ دەيسەن، ھەر ھالدا رەخىم ئۇنچىۋالا ئىشەنچسىز ئادەم ئەمەسقۇ!

— ئۇغۇ شۇنداق، — لالەنىڭ يۈرىكى يەنە بىر قىسىم بولدى. چۈنكى ئۇ رەخىمگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاللىبۇرۇن يوقاتقانىدى، — مەن ئويلىغاندەك بولسا بولاتتى. بىراق...

لالە چوڭقۇر ئۇھ تارتتى، ھىلالبۇۋى شۈكلەپ كەتكەنىدى. ئارىنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى. سۈكۈت ئۇلارنىڭ خىياللىرىنى ھەر تەرەپكە ئۇچلاندۇرماقتا ئىدى. لالەنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى بەكمۇ سولغۇن ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى بىر كۈندىلا مىڭ يىل دەرد تارتقان ئادەمدەك سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئادەتتە قويۇق كىرپىكلەر ئارىسىدا نۇرلىنىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆزى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى...

# تۆتىنچى باب

ھىلالبۇۋى بىلەن لالە ھېلىقى قارا يىللاردىكى نازارەت ئاس-تىغا ئېلىنغان كىشىلەرنى ئۆزگەرتىدىغان تاغ باغرىدىكى دېھقان-چىلىق مەيدانىدا بىللە چوڭ بولغانىدى. ھىلالبۇۋى مەيدان باش-لىقىنىڭ قىزى ئىدى. كەينى - كەينىدىن تۇغۇلغان تۆت ئوغۇلغا ئەگىشىپ چوڭ بولغان بۇ قىزنىڭ مىجەزى ئوغۇل بالىدەكلا يېتىلدى. ھىلالبۇۋىنىڭ بەزى چاغلاردىكى قورقۇمسىزلىقى ئۇنىڭ ئاكىلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى.

— ئاپا، — دەپ ئەنسىز ۋارقىرىدى بىر كۈنى ئاكىلىرىنىڭ چوڭى، — چاپسان چىق، بولمىسىدى، بولسە، مۇنۇ قىزنىڭغا قارىغىنە...

ئەنسىزچىلىككە چۆمگەن ئانا يۈگۈرۈپ قىزىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، قىزى ھىلالبۇۋى بىر تال قىزىل قولتۇق پاقىنى مىجىپ تۇتۇپ كىچىك ئاكىسىنىڭ ئالدىغا كېلىۋېلىپ «بۇجۇ» دېسە، «بۇجۇ» دەپ ئۇنى قورقۇتۇۋاتاتتى. بۇ ھىلالبۇۋىنىڭ ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن يىلى ئىدى. كېيىن بۇ قىز ئاكىلىرى بىلەن بىللە جاڭگالدىن ئوتۇن كېسىپ كېلىدىغان، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ چېتىدىكى تېرەكلىكتە ئېگىز تېرەكلەرگە يامىشىپ چىقىپ كۆكۈنەك قاغىسا باللىرىنى ئېلىپ «كو...مە... كو... مە...» دەپ بىردەمدىلا قولغا كۆندۈرۈۋالىدىغان، ھەتتا بەزىدە مەيدانىنىڭ ئېشەك، موزاي - توړپاقلىرىنى ئاكىلىرى بىلەن تالى-شىپ مىنىپ ئويناپ ھېرىپ - ئېچىپ يۈز - كۆزلىرى مەينەتلى-شىپ قايتىپ كېلەتتى. بۇنداق كۈنلەردە ھىلالبۇۋىنىڭ قايىقى يامان دادىسى:

— هەي خوتۇن، مۇنۇنى سەن قىز دەپ تۇغقانمۇ ياكى...، — دەيتتى.

— ئۆزىڭىز قاراپ باقمىغانمۇ؟

— ۋۇ سىنىڭ شۇ قارا تەلەتىڭگە. ئۇنىڭ نىمىسىگە قارايدۇ.

— كۆزىڭىزگە باشقا بىرنىمە كۆرۈنمىگەن بولسا ئۇ دېگەن قىز ئەمىسە...

بۇنداق ۋاقىتلاردا مەيدان باشلىقى خوتۇنىنى راسا تىللىماقچى بولاتتىيۇ، بىراق نىمىدۇر بىرنىمىنى ئويلاپ توختاپ قالاتتى. ئېھتىمال ئۇ قارا خوتۇنىنىڭ مېھرى ئىسسىقلىقىدىن بولسا كېرەك. مەيدان باشلىقىنىڭ خوتۇنى بولسا ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايىغا كۇلكە يۈگۈرتۈپ:

— بۇ قېتىم شەھەرگە كىرگەندە مەكتەپ باشلىقلىرىغا. ھەربىي ئىدارە قىلغۇچىلارغا دەڭ، قىزىڭىزغا ھەمراھ بولىدىغان بىرقانچە كىچىك قىزغىمۇ قالپاق كىيدۈرۈپ سىزنىڭ نازارىتىڭىزگە چۈشۈرۈپ بەرسۇن، بولمىسا ئوغۇل بالا بىلەن ئويناپ چوڭ بولغان قىز نىمە بولماقچىدى، — دەپ تەنە قىلاتتى.

دائىم قاپىقى تۈرۈكلۈك، ئاچچىقى ياماندەك كۆرۈنىدىغان مەيدان باشلىقى بۇ قېتىم «غىڭ» قىلمىدى. ئەكسىچە ئۇ ئۆزۈنغىچە شۈك ئولتۇرۇپ كەتتى، ئۇ نىمىدۇر بىرنىمىنى ئويلاۋاتاتتى. «راست، ئوغۇل بالا بىلەن بىللە ئوينىغان قىز...ھە، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، تازا ئەركەكزەدەك بىرنىمە بولىدۇ ـ دە بۇ» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى ۋە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. دائىم تەلەتى سۈرۈن يۈرىدىغان ئېرىنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىنى خوتۇنى سېزىپ قېلىپ، ھەيران بولدى. چۈنكى بۇ ئادەم دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى «بۇزۇق ئۇنسۇرلار» بىلەن چەك ـ چېگرىنى ئېنىق ئاجراتقاچقا، يۇقىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن «بۇزۇق ئۇنسۇرلار»نى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە مەسئۇل بولغاچقا، ئەمەلىي

خىزمىتى، ئالاھىدە جىددىي ۋە كەسكىن، تۇرمۇش شارائىتى ئۇنى شۇنچىلىك سۆرۈن تەلەت قىلىۋەتكەنىدى. بەزىدە تالا ـ تۈزدە ياكى ئېرىق بېشىدا بىرەر ئىشقا ئاچچىقلانسا، ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ئېشىپ قالغان ئاچچىقىنى ئۆيگە كۆتۈرۈپ كېلەتتى ـ دە، خوتۇنىنى، باللىرىنى ۋە ھەتتا ئۆيدىكى ئىت، مۈشۈكلەرگىچە ئاغزىغا كەلگەننى دەپ تىللايتتى. ئۇ ئۆزىنى دائىم دېھقانچىلىق مەيدانىغا باغلاپ قويغان بىر كۆزەتچى ئىتتەك ھېس قىلىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن بىئارام بولاتتى، ئاچچىقى كېلەتتى. ئېرىنىڭ بايىقى مىيىقىدا كۈلۈپ قويغىنىنى كۆرگەن خوتۇنى:

— ھە، كۈلىسىزغۇ، ئىچىڭىزدە كۈلمەي بىرەر قېتىم تېشىڭىزدا كۈلۈپ بېقىڭ. سىزنىڭ كۈلكىڭىزگە قاراپ بىزمۇ بىرەر قېتىم ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كۈلۈپ باقايلى. دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قائىدە ـ نىزام، بەلگىلىمىلىرىنى يۇقىرى بەلگىلىسە ئىجرا قىلماي سىزدە نېمە چارە. يۇقىرى دېگەن يۇقىرى. ئۇلار سىزنىڭ كۆندىلىك ئىشىڭىزغا قاراپ تۇرمىغاندىن كېيىن سىزمۇ ئۇنچىۋالا ئەنسىزچىلىككە چۆكۈپ كەتمەڭ. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلار ئۆزگەرتىلىۋاتقان ئادەملەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇ-مۇشلۇق، بىلىملىك زىيالىي ئادەملەر دەيدىغۇ. ئۇلارغا سىزنىڭ سۆرۈن تەلەتىڭىز دورىمىدى...

— بولدى قىل، قارەك، — مەيدان باشلىقى بۇ قېتىم راستىنلا ئايالىغا قاراپ كۈلدى. ئايالىنىڭ قارامتۇل چىرايىدا جىلۋىدارلىق پەيدا بولدى.

— قارەك، دەيدۇ تېخى، — دېدى خوتۇنى ۋە دەرھال دومسايغاندەك بىر قىلىق قىلدى.

— بولدى، خوتۇن، تاپتىم، ئامال تاپتىم. ئەسپەرنىڭ قىزى بارغۇ؟

— ئوھۇش، نېمە دەيدۇ مۇنۇ ئادەم، ئۇ قىز تېخى ئەمدىلە-

تىن ئۈچ ياشقا كىردى، مۇنۇ موزىيىڭىز ئالتە ياشتا. بىلەمسىز ئالتە ياشتا...

— ئالتە ياشتا بولسا نېمە بوپتۇ، كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن بەربىر قىز بالا - دە!

— ئۇغۇ شۇنداق.

— ئۇغۇ شۇنداق دەيدۇ تېخى، ئاۋۇ كونى كۆرۈپ قالدىم. جۆھەربۇۋى دېگەن ھېلىقى خوتۇن كىچىككىنە قىزىغا يەرگە سىزىپ تۇرۇپ ھەرپلەرنى، سان - سىپىرلارنى ئۆگىتىۋاتىدۇ.

— ۋاھ... زىيالىيلارنىڭ بالىلىرى نېمىدېگەن ئەقىللىق - ھە!

قارا خوتۇننىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى.

— ئەتىدىن باشلاپ مۇنۇ ئەركەكزەدىكىڭىنى شۇلارنىڭ قىزىغا يېقىنلاشتۇر.

— خەق نېمە دەيدۇ، ھوي...

— نېمە دېسە دېمەمدۇ. سەن چوڭلىرى بىلەن چەك - چېگرىنى ئاجرىتىۋەر، ھىلال ئۇنىڭ قىزىغا يېقىنلىشىۋەرسۇن، كېيىن بىر گەپ بولسا «بالىدا نېمە گۇناھ» دېمەمسەن. مېنىڭ بۇ خىل «كۆزەتچىلىك» كە ئاشىق ئەمەسلىكىمنى بىلمىدىغانلارغۇ باردۇر، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ قىلنى قىرىق يارىدىغانلىرى بار، بولدى، بىرەر گەپ بولسا سەن شۇنداق دېگىن.

— تېخى مەن دەمدىم، سىز نېمە قىلىدىغان ئادەم؟

— ھە، سەن دەيسەن، مەن دېگەن «پرىنسىپال» ئادەم، — سونۇرنىڭ چىرايىدا ئۆز - ئۆزىنى مەسخىرە قىلىدىغان سوغۇق كۈلكە جىلۋىلەندى.

— مەنچۇ؟

— سەنما، — باشلىق بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ: «ساڭا پرىنسىپ دېگەننى كىم قويۇپتۇ، سەن دېگەن بەربىر ئۆي ئايالى...» دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن بۇ قېتىم نېمىشقىدۇر ئايا-

لىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشقا ئاغزى بارمىدى.
— بىلدىم.
قارا خوتۇن ئېرىنىڭ دېگىنىچە ئىش كۆردى. دېمىسىمۇ
ئالتە ياشقا كىرەي دەپ قالغان قىزنىڭ چىرايىمۇ بارغانسېرى
ئوغۇل بالا چىراي بولۇپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ھىلال ئايدەك
ئىنچىكە قاشلىرى، نېپىز لەۋلىرىگە قاراپ «قىز» دەپ گۇمان
قىلمىسىڭىز، قىلىقلىرى بەئەينى ئوغۇل بالا...

— ھېنىپەم، — دېدى بىر كۈن جۆھەربۇۋى قىزنى يېتى-
لەپ لالە ئويناۋاتقان تەرەپكە كېتىپ بارغان قارا خوتۇننى چاقى-
رىپ، — قىزىڭىزنى ئەتىدىن باشلاپ ئوغۇلچە كىيىندۈرمەڭ.
لالە سەل ياتسىراپ، يېتىرقايدىكەن.
ئەقىللىق جۆھەربۇۋى گەپنىڭ بەكمۇ ئىنچىكە يېرىنى
دېگەنىدى.
— شۇنداق قىلاي، مەن ئويلىماپتىمەن، بىزنىڭ ئۆيدىكى-
لەرمۇ بىر قىسمىلا ئادەم، ھەر قېتىم شەھەردىن بالىلارغا
كىيىم - كېچەك ئاچىققاندا ئۆيدە بىر قىزنىڭ بارلىقىنى ئېسىگى-
مۇ ئالمايدىكەن، ھەممىسىگە ئوخشاشلا ئوغۇلچە، تېخى بۇ قىز-
غىمۇ شەپكە...
قارا خوتۇن ئىچ - ئىچىدىن كۈلۈپ كەتتى. قارا خوتۇن
ئۆزىنى ئوڭشاپ يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولدى. ئاڭغىچە
جۆھەربۇۋى:
— سونۇركامغا دەڭ، مېنى شۇنداق دېدى دەڭ، ئۇ ئادەم-
نىڭ ئاچچىقى يامان بولغىنى بىلەن كۆڭلى ياخشى، بۇ مەيداندىكى
ئىشلارغا ئۇمۇ ئامالسىز - دە، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى
چۈشىنىمىز...
جۆھەربۇۋىنىڭ گېپىدىن قارا خوتۇن بۆلەكچىلا خۇش بولۇپ
كەتتى. ئايرىشقا تېگىشلىك چەك - چېگرا ئۇنتۇلدى. تۇنجى

قېتىم بۇ ئىككى ئايال ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا مۇڭداشتى. قارا خوتۇن ئارىدا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى، بولۇپمۇ ئېرى سونۇر ھەققىدە دېيىلگەن ياخشى گەپلەرنى ئېقىتماي ـ تېمىتماي ئېرىگە دېدى. كۇنلەر ئۆتكەنسېرى «ياخشى سۆز تاشنىمۇ ئېرىتىدۇ» دېگەندەك ئىشلار بولۇشقا باشلىدى.

كېيىنكى يىلى ھىلالبۇۋىنىڭ ساۋاتى ئوبدانلا چىقىپ قال‐دى، بىردىن يۈزگىچە سانىيالايدىغان، ئەمەللىك ھېسابلارنى ئىشلىيەلەيدىغان بولدى، بۇنىڭ ئەكسىچە ھىلالبۇۋىنىڭ تۆت ئا‐كىسى بولسا تېخى «I» (ئېلىپ) نى «تاياق» دېيىشتىن باشقىنى بىلمەيتتى، بۇ ئىش مەيدان باشلىقىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

بىر قېتىملىق ئايلىق باھالاش يىغىنىدا مەيدان باشلىقى ئاجايىپ سەنئەتلىك سۆزلىدى. بۇ كۇنى ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئانچە تۇرۇلۇپ كەتمىدى، كەيپىياتى قىزغىن بولدى، ئۇنىڭ سۆزلىرى كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ ئىگىلىرى ئۈستىدە توختالدى، بىراق ئۇنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرى چىگىش ئىدى.

— بىزنىڭ بۇ بىر ئايلىق زەيكەش چېپىش ۋەزىپىمىز ئاشۇ‐رۇپ ئورۇندالدى، بولۇپمۇ جۆھەرخان (مەيدان باشلىقى جۆھەر‐بۇۋىنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى) گەرچە بېشىدا قالپىقى بولمىسىمۇ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەر‐تىش يولىدا... ئۇنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولدى...

مەيدان باشلىقىنىڭ سۆزى داۋاملاشماقتا:

— شۇڭا ئەتىدىن باشلاپ جۆھەرخان مەيداندىكى چوڭ ـ كىچىك باللارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ئوقۇتىدۇ، بىزنىڭ باللى‐رىمىز ساۋاتسىز قالمىسۇن... ھازىرچە بۇغداي قويغان ئىسكىلات رەتلىنىپ سىنىپ قىلىنىدۇ. بىز مۇشۇ ئولتۇرغانلار ئۈچ كۇن ئىچىدە كېسەكتىن پارتا ـ ئورۇندۇق ياساپ ئوقۇشنىڭ ۋاقتىدا باشلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز...

ئەسپەر كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا جۆھەربۇۋىگە قاراپ قويدى.

جۆھەربۇۋى ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك تىرنىقىنى تاتىلاپ ئولتۇ-
راتتى. «ئىچى پىششىق خوتۇن - دە بۇ». ئەسپەر شۇ تاپتا
خوتۇنىنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغاندەك تەمكىن چىرايىدىن
سۆيۈنمەكتە ئىدى.

ئەنە شۇ تاغ باغرىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئۆتكەن يىللار
لالە بىلەن ھىلالبۇۋىنى ئىناق دوستلاردىن قىلىپ يېتىشتۇردى.
ھىلالبۇۋى — نازۇك قىز لالەنىڭ بىردىنبىر يۆلەنچۈكى —
قەدىردان دوستى بولۇپ قالدى، ئاچچىقى يامان، سۆزلىرى قوپال
مەيدان باشلىقىنىڭ مىجەزى، خوتۇنى توشۇپ ئەكەلگەن ھېلىقى
بىر قېتىملىق گەپتىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلى-
دى. شۇنداق قىلىپ مەيدان باشلىقىنىڭ بىر قېتىملىق چوڭقۇر
ئويلىنىشى ۋە ھېلىقى ئورۇنلاشتۇرۇشى بولمىغىنىدا ئى-
دى، بۇ چەت - ياقا تاغ باغرىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا لالەگە
ئاتا - ئانىسىدىن باشقا يۆلەنچۈك تېپىلماس ئىدى. ھىلالبۇۋىنىڭ-
مۇ ئەبجەش مىجەزى ئۇنىڭ قىز بالىلىق تەبىئىتىگە زىت ھالدا
باشقىچە بولار ئىدى. لېكىن كېيىنكى ئىشلار باشقىچە بولدى.
جۆھەربۇۋىنىڭ تەربىيىسىگە ئۆتكەن ھىلالبۇۋىنىڭ «ئەركەكزە-
دەك» مىجەزى ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلىدى، تېنى ئا-
جىز، نازۇك لالەنىڭ قىزلارغا خاس تاتلىق، نازاكەتلىك خۇلقلى-
رى ھىلالبۇۋىگىمۇ يۇقۇشقا باشلىدى، بۇ ھال مەيدان باشلىقىنىڭ
يەنە بىر خىيالىنى ئويغاتتى. بۇ يىل بىر قىسىم كىشىلەر گەمە
ئۆيلەردىن يېڭىدىن قاتار قىلىنىپ سېلىنىۋاتقان يېڭى ئۆيلەرگە
كۆچمەكچىدى، «قارا خوتۇن» نىڭ ئەقلىمۇ ياكى «پرىنسىپال»
باشلىقنىڭ كىشىگە تىنىپ بولمايدىغان ئىچكى سىرىنىڭ مەھسۇ-
لىمۇ، ئىشقىلىپ، باشلىقنىڭ يېڭى «تەدبىرى» پۈتۈن مەيداندى-
كىلەرنى ھەيران قالدۇردى، ئۇ مەيدان بويىچە مەسىلىسى ئەڭ
ئېغىر، قالپىقى ئەڭ چوڭ ئەسپەرنى ئۆزىگە تام قوشنا قىلىۋالغا-
نىدى، مەيدان باشلىقى ئەمدى ئەسپەرنىڭ ئوغرىلىقچە كالا ساغى-

دىغان، غاز ـ توخۇلارنىڭ تۇخۇمىنى ئوغرىلايدىغان، سايدىكى
تۇگمەنگە بېرىپ قوناق يارمىلىرىنى ئەكېلىدىغان «يامان ئىشلە-
رى»نى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدىغان بولدى. ئەسپەرنىڭ شۇ
«يامان ئىشلىرى»نىڭ ئاشۇ نىمجان، نازۇك قىزى لالە ئۈچۈن
ئىكەنلىكىنى مەيدان باشلىقىمۇ چۈشىنىپ قالغانىدى. شۇ تاغ
قاپتىلىدىكى ئىسسىق ـ سوغۇق ھاۋادىمۇ پەرىشتىلەردەك چوڭ
بولۇۋاتقان لالەگە مەيدان باشلىقىنىڭمۇ ئاتىلىق مېھرى قوزغالغا-
نىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ بىر جۈپ قىز بۇ ئىككى ئائىلىنى
ئىچكى جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. لالە
يەنىلا شۇنداق نازۇك، شۇنداق ئاجىز ئىدى، «ئوغۇز سۈتىگە
قانمىغان ـ دە، بۇ بىچارە قىزىم» دەيتتى ئەسپەر بەزىدە قىزىنىڭ
ئاپئاق، ئىنچىكە بارماقلىرى، ئورۇقتىن ئورۇق بوي ـ بەستىگە
قاراپ، بىراق نازۇك تەنىنىڭ نازۇك قىلىقلىرى بۇ قىزنىڭ زىبا-
لىقىنى ئاشۇرماقتا ئىدى. ئۇ تاغ باغرىدىكى دېھقانچىلىق بۇ
مەيداندا سېخىي تەبىئەتنىڭ ھەممە نېمىسىدىن بەھرىمەن ئىدى،
ئېرىق بويىدىكى يالپۇزلار ئۇنىڭ دىماغلىرىنى غىدىقلايتتى. بۆل-
جۈرگەنلەرنىڭ شەربىتى ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە رەڭ بەرمەكتە
ئىدى، نازۇك ئۆسۈۋاتقان قىياقلار ئۇنىڭ بەستىگە ئەنداز ئىدى.
پىشقان قارىقاتلار ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقىدا ئوينايتتى، ھەر يىلى
باش باھاردا ئېچىلىدىغان قاپتاللارنى رەڭدار گىلەمگە ئوخشىتىۋېتىد-
غان قىزىل لالىلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا رەڭدار تەبىئەتنىڭ نۇرلىرى-
نى سىڭدۈرەتتى، قۇياش نۇرىغا چۆمگەن تاغ باغرىنىڭ گۈزەل
مەنزىرىسى ئۇنىڭ قەلب ئەينىكىدىن ئورۇن ئالاتتى.

ھىلالبۇۋى بولسا بوي ـ بەستى تولۇق كەلگەن، بۇغداي
ئۆڭلۈك، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان ھىلال ئايدەك ئىنچىكە
قاشلىرىنى ئوينىتىپ سۆزلىگىنىدە نېپىز لەۋلىرى ئۇنى خېلىلا
گۈزەل كۆرسىتەتتى. شۇنداق قىلىپ لالە بىلەن ئوخشاش تەربى-
يىگە ئېرىشكەن ئوغۇل بالا مىجەز بۇ قىز ئەمدى سۇباتلىق ھەم

ھايالىق قىز بولۇپ چوڭ بولماقتا ئىدى. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى شەھەر ھاياتىدىمۇ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىدا «مەنمەن» دېگەن «نوچى» ئوغۇل ساۋاقداشلىرىنىڭ قىلىقسىزلىقلىرىغا تېتىپ دېگۇدەك ئۆتتى. ھەتتا بەزىدە ئۇلارنىڭ بۇرنىنىڭ «بېزى»نى ئېلىپ قوياتتى. ئۇ ئاچچىقى كەلگەندە خۇددى ئوغۇل بالىلاردەك غۇلاچ كېرىپ مۇشت ئاتالايتتى. شۇ مىجەزى بىلەن لالەنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان «ئاشىق»لارنىڭ ئەددىپىنى بېرەتتى ـ دە، لالەنى «مۇھەببەت» تۇيغۇلىرى ئويغىنىپ، بۇرۇنلىرى كۆيۈشۈپ قالغان تەلۋىلەرنىڭ كاشىلىلىرىدىن قوغدايتتى، بەزى شوخ يىگىتلەرنىڭ يەنىلا لالەنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ چاقچاق قىلغۇسى كېلەتتىيۇ، لېكىن قىزلارنىڭ ئاچچىقى يامان ئاكىسىدىن ئېھتىيات قىلغاندەك ھىلالبۇۋىدىن ئېھتىيات قىلىشاتتى. شۇنداق قىلىپ ھىلالبۇۋى چىرايلىق چوڭ بولماقتا ئىدى، ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تۇرمۇش يولىغا جۆھەربۇۋىنىڭ ئەجرى سىڭگەنىدى. ئاق كۆڭۈل، كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىمگە ئىگە بۇ ئايالنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەقىل تامچىلىرى ئۇنىڭ يۈرەك قېنى بىلەن قوشۇلۇپ لالەنىڭ تومۇرلىرىغا ئاققان بولسا، ئۇنىڭ ئەقىل بىلەن ئېيتقان ھەربىر سۆزى ھىلالبۇۋىنىڭ ئەقىل نۇرىنى جۇلالاندۇرغانىدى.

تاغ باغرىدىكى كەڭ جىلغىنى بويلاپ كەتكەن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئەتراپىدىكى تەبىئىي گۈزەللىك بىلەن مەيداندىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر گىرەلىشىپ مۇشۇ مەيدانغىلا خاس بولغان بىر خىل كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى. چوڭلارنىڭ بېشى كۈندە ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان دەبدەبىلىك شوئار ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن تەڭداشسىز قەسىدىلەر بىلەن بەند بولغان كۈنلەردە، بالىلارنىڭ — نارەسىدىلەرنىڭ نازۇك قەلبى يەنىلا سېخىي تەبىئەتنىڭ ئالىقىنىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ تېپىرلاپ تۇرغان كىچىككىنە يۈرەكلىرى تەبىئەتنىڭ بىپايان ئېتەكلىرىگە

تەلپۈنەتتى. تەبىئەت قانداقتۇر بىر ئىلاھىي قۇدرەت بىلەن ئۇلار-
نى پەپىلەپ ئۆستۈرمەكتە ئىدى.

* *

لالە كېچىكىپ ئويغاندى، ئالدىنقى ئاخشام ئېغىر ئۇيقۇسىز
بولغاچقىمۇ، ئۇ بۈگۈن ھېچنېمىنى تۇيماي دېگۈدەك ئۇخلىدى،
كېچىدىن بېرى كۆڭلى ئارامىغا چۈشمىگەن ھىلالبۇۋىنىڭ نەچچە
قېتىم ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلگەنلىرىنىمۇ، ھەتتا ئۇنىڭ قۇلد-
قىغا پىچىرلاپ «مۇشۇ تۇرقىدا مەن بىر ئوغۇل بالا بولۇپ قال-
سام، سەن قانداق قىلاتتىڭ» دېگەن چاقچاقلىرىنىمۇ تۇيمىدى،
بىچارە لالە ھەقىقەتەنمۇ بۇ بىرقانچە كۈندىن بېرى ھەم جىسما-
نىي، ھەم روھىي جەھەتتىن بەكمۇ چارچىغانىدى. ئوغلىنىڭ
سۈننەت تويى ئۈچۈن يىراق - يېقىنغا كەم - كۈتىلەر ئۈچۈن
ماڭغىنى، تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە مەسلىھەتكە بارغانلىرى،
ئوغلى ئۈچۈن كىيىم - كېچەك ھەم تويدا بولىدىغان ئادەمگەر-
چىلىكلەر ئۈچۈن ھە دېسىلا بازارغا يۈگۈرۈپ، دۇكان ئارىلىغان-
لىرى ئۇنىڭ نازۇك جىسمىنى چارچاتقانىدى. ئالدىنقى كۈنى
كەچتىكى ھېلىقى «بۇرۇتلۇق» يىگىت ئەكەلگەن خەت بولسا، بىر
كېچىدىلا ئۇنىڭ روھىيەت ئالىمىنىڭ ئاسمىنىدا چاققان گۈلدۈر-
مامىدەك شىددەتلىك دولقۇنلارنى پەيدا قىلىپ ئۇنىڭ نېرۋىلىرى-
نىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى كاردىن چىقارغانىدى. ئۇ تولىمۇ ئىشتىھا-
سىزلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى، ئەسلىدىلا تامىقى ئاز لالە بۇ-
گۈنكى ناشتىلىقى ئۈچۈن چىنىگە قۇيۇلغان ئەتكەنچاينىڭ يېرىمى-
نىلا سۈمۈردى، بىر چىشلەم ناننى بەكمۇ تەسلىكتە گېلىدىن
ئۆتكۈزدى، بۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇرغان ئانى-
نىڭ چىرايىغا ئەنسىزلىكنىڭ بۇلۇتلىرى قوندى. بۇ چاغدا ھىلال-
بۇۋى تەمتىرەپ قالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ چىرايىغا زورىغا

كۆلكە يۇگۇرتۇپ:
— چاينى ئىچ، لالە، يەپ تۇر، بەك تۇر دەپتىكەن، — دېدى.
— بىردەم تۇرۇپ ئىچىمەن، — دېدى - دە، لاللە بىر پەس بىرنېمىنى خىيال قىلغاندەك بولدى ۋە، — ئاپا، زىلالنى ئېلىپ ماشىنىچى ئۇستىغا بېرىپ كېلەمسەن، كىيىملىرى پۈتتىمىكىن؟!
— بارايلى، موما، بازارغا بارايلى.
گۈدەك زىلالنىڭ خىيال كەپتەرلىرى قايناق بازارغا ئۇچتى. ئۇ سۈننەت توي مۇناسىۋىتى بىلەن ئالدۇرىدىغان بىرقانچە ئويۇنچۇق ۋە بالىلار ۋېلىسىپىتىنى ئويلاپ قويغانىدى. ئويۇنچۇقلار ئىچىدىكى قوش ئىستوۋۇللۇق، لازېر نۇرلۇق قورالغا تەقلىد قىلىنغان قوراللارنىڭ ئاۋازى ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا يەنە نۇرغۇن رەسىملىك چۆچەك كىتابلىرىمۇ بار ئىدى.
— تۇرۇپ تۇر، بالام، ھىلالبۇۋى ئاپاڭ ئۆيىنى بىر يوقلاپ چىقسۇن.
ئانا بىر پۇرسەت ئىزدەۋاتاتتى، لالە يالغۇز قالغاندا ھېلىقى «بۇرۇتلۇق يىگىت» ئەكەلگەن خەتنىڭ ئۇچۇرىنى سوراپ بىلگۈسى كېلەتتى. ھىلالبۇۋى بولسا ھېچنېمىگە باقماي ئەتكەنچاينىڭ چىنىسىنىڭ ئاستىغا تىنىپ قالغان قايماقلىق شامىنى چىمدىپ - چىمدىپ ئېلىپ ئاغزىغا سېلىۋالدى. ئۇ ئەتكەنچاينىڭ شامىسىنى چايناشنى ئاپىسىدىن ئەمەس، دادىسىدىن ئۆگەنگەنىدى. جۆھەربۇۋىنىڭ كۆز ئالدىغا مەرھۇم مەيدان باشلىقىنىڭ سۆرۈن تەلەتى كەلدى. مەيدان باشلىقىنىڭ ئەتىگەنلىك چاينىڭ شامىسىنى چاينىغانچە كۈننى چاشگاھ قىلىدىغان ئادىتىنى ئويلىدى ۋە ئىچىدە: «ھەي رەھمەتلىك، ئۆزى قوپال بولغان بىلەن كۆڭلى يۇمشاق ئادەم ئىدى - دە» دەپ ئويلىدى.

— ھىلالبۇۋى، ئەختەم ئۆيدە يوقمىدى، بالىلىرىڭىز...

— ۋىيەي، جۇھەر ھەدە، ئەختەم بالىلارنىڭ چىپىنى بېرىپ، ئۆزى ئىشقا كەتكىلى نەۋاخ، ئاخشام مەن شۇنداق قىلىڭ دەپ يېنىپ چىققان. بىردەمدىن كېيىن چىقىپ قاچىلارنى يۇيۇ-ۋەتسەم بولدى.

لالەنىڭ كۆز ئالدىغا ساۋاقدىشى ئەختەمنىڭ مۇلايىم چىرايى كەلدى. ئۇنىڭ ھىلالبۇۋى بىلەن توي قىلغان كۈندىن باشلاپ، ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىدىغان ھەتتا بەزىدە ھىلالبۇۋى بولمىسا تاماقلارنىمۇ بىر ئەپلىكلا ئېتىۋېرىشكە ئادەتلىنىپ قالغىنىنى ئوي-لىدى.

— ھىلالبۇۋى ئاداش، سەن نېمىدېگەن بەختلىك!

— ھە، شۇنداقمۇ؟!

لالە ئىغىر ئۇھسىنىپ قويدى، ھىلالبۇۋىنىڭ سۆزى بىلەن ئانىنىڭ لالە بىلەن بىردەم يالغۇز قېلىپ خەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلىپ بېقىش خىيالى بوشلۇقتا لەيلەپ قالدى. ھىلالبۇۋى جۆ-ھەربۇۋىنىڭ نەزىرىدە لالەنىڭ قېشىدىن ئايرىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھىلالبۇۋى ئاللىبۇرۇن جۆھەربۇۋىگە «تاقابىل تۇ-رۇش» ، لالەنى «ئارامىغا قويۇش» تاكتىكىسىنى ئويلاپ قويغان-دى. بۇ تۇيغۇن قىز خەتتىكى كۆڭۈلسىزلىكنى جانجان دوستى لالەنىڭ بۇگۈنكى سولغۇن چىرايىغا بىر قاراپلا بايقاپ بولغانىدى، ھىلالبۇۋىنىڭ دوستلۇقتا بولغان ساداقەت بىلەن جانلانغان يۈرىكى لالە ئۈچۈن سەدپارە ئىدى.

— بوپتۇ، مەن زىلالنى ئېلىپ بازارغا بېرىپ كېلەي، — دېدى ئاخىرى ئامالسىز قالغان ئانا.

— شۇنداق قىلىڭ، جۆھەر ھەدە... لالەنىڭ قېشىدا مەن...

— شۇنداق، شۇنداق، شۇڭا دادىڭىزمۇ بىزنى قىيامەتلىك قوشنىلار دەپ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن شەھەرگە قايتىپ كىرگەن-

دىن كېيىنمۇ ئىزدەپ ـ سوراپ بۇ مەھەللىدىن قورۇ ـ جاي
ئېلىپ يەنە بىز بىلەن قوشنا ئولتۇرغان ـ دە! — ئانا دەسلىپىدە
قانداقتۇر تەنە ئارىلاش گەپ قىلىپ قويغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي
قالدى. بىر پەستىن كېيىن خىجىل بولۇپ قالدى.
لالەنىڭ كۆز ئالدىغا ھىلالبۇۋىنىڭ دادىسىنىڭ جىددىي چى-
رايى كەلدى، باشلىقنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن مىس رەڭ چىرايىنى
لالەمۇ، ھىلالبۇۋىگە ئوخشاشلا ياخشى كۆرەتتى، قاتتىق قول،
سۆرۈن تەلەت لېكىن كۆڭلى يۇمشاق بۇ ئادەم لالەنىڭ بالىلىقى
ئۆتكەن دېھقانچىلىق مەيدانىدا لالە ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە كۆپ
ياخشىلىق قىلغانىدى، ئۇ ئەسپەرنىڭ بىلىملىك، ئالىم ئادەملى-
كىنى بىلەتتى، ئالىم ئادەملەرنىڭ ھەرگىزمۇ بىھۇدە خاتالىق
ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىنى ئەسپەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن،
گەپ ـ سۆزلىرىدىن پەملەپ قالغانىدى.
— ئەسپەر ئۇكام، ئۆزىڭىزنى ئايپراق ئىشلەڭ، بۇ دۇنيادا
سىز قىلىدىغان ئىشلار كۆپ…
جىلغىنىڭ قاپتىلىدا زەيكەش چېپىۋاتقان ئەسپەرگە چۈشلۈك
چاينى ئېلىپ ئاران دېگەندە يېتىپ كەلگەن، ئەمدىلەتىن يەتتە
ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان لالە ئۆز ۋاقتىدا مەيدان باشلىقىنىڭ بۇ
سۆزلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغانىدى.
لالە تۇيۇقسىز ئۇھ تارتىۋەتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى
يىللاردىكى ئېغىر چىلىقلار…
— ۋاي سىڭىلىڭ ئۇھ… تارتىشلىرىڭ، تاۋى نازۇك خې-
نىم، بەردەمرەك بول، ھەر قېتىم بىر ئۇھ… دېسەڭ يۈرىكىڭ-
نىڭ بىر ھۇجەيرىسى ئاغزىڭدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدۇ، تولا
ئۇھ تارتىۋېرىپ يۈرەك كېسىلى بولۇپ قالمىغىن يەنە، بۇ ئاي،
بۇ كۈنلەردە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۇھ… تارتىۋېرىپ يۈرەك
كېسىلى بولۇپ ئىچىدىن تۈگىشىپ كېتىپ بارىدۇ. سەن بولساڭ-
مۇ تىرىكرەك تۇر، زىلالغا ئانا كېرەك، باياتتىن جۆھەر ھەدەمنى

ئاياپ ئوشۇق گەپتىن ئاغزىمنى يىغدىم. ئەمدى بولدى قىل، ئەكەل خەتنى، سېنى بۇ ساراسىمىگە سالغان شۇ خەتنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي.

ھىلالبۇۋىنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەيلا لالە يەنە «ئۇھ...» تارتىۋەتتى.

— نېمانچە كۆپ ئۇھ بۇ، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ. ئالمۇتا، بېشكەك دېگەنلىرىڭ قانچىلىك يىراق يەر ئىدى... يامىنى كەلسە ئۆزۈم بېرىپ رەخىم بىلەن سۆزلىشىپ ئۆردىكىنى ئۆردەك، غېزىنى غاز قىلىپ كېلەرمەن. ئەتىدىن كەچكىچە ئۇھ تارتقىلى تۇردۇڭ، شۇنىڭ ئورنىغا چىشىڭنى يېرىپ گەپ قىلساڭچۇ...

— ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم، پەقەت دېھقانلىق مەيداندىكى ئىشلار كۆز ئالدىمغا كەلدى، ئۇ چاغدا بىز شۇنچە غەمسىز ئىدۇق - ھە! ھەتتا ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ كىم ئۇچۇن، نېمە ئۇچۇن ئۆزىنى شۇنچە خار قىلىپ جاپا تارتقانلىرىنى، كۆڭۈل ئازارى يېگەنلىرىنى چۈشەنمەپتىكەنمىز.

ھىلالبۇۋىنىڭ خىيال كەپتىرى تاغ باغرىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۇچتى، ئۇ ئېتىزدا سۆرەم سېلىۋاتقان ئەسپەرنىڭ قېشىغا خۇددى ئالدىراش ئىشى باردەك ئاختارمىدىكى داڭگاللاردىن ئاتلاپ - ئاتلاپ يۈگۈرۈپ كەلدى - دە:

— ئەسپەر دادا، لالە دېگەن لەيلىقازاق گۈلىمۇ؟

— ھە شۇنداق، قىزىم، نېمە بولدى سىزگە شۇنچە ھاسىراپ كېتىپسىز؟

— ھە، بىلدىم، مەن بايا لالەدىن سېنىڭ ئىسمىڭنىڭ مەنىسى نېمە دەپ سورىسام، ئۇ، سېنىڭچۇ دەپ سورىدى، مەن... مەن ئىسمىمنىڭ مەنىسىنى دادام دەپ بەرگەندەك دېدىم.

— دادىڭىز نېمە دېگەن؟

— دادامىۇ، دادام سىنىڭ ئىسمىڭ ئەگەمە قاشلىرىڭنىڭ ئۈچلىرىنىڭ ھىلال ئايغا ئوخشايدىغانلىقىغا قاراپ··· دېگەندەك قىلىۋىدى.

— توغرا، قىزىم، بۇ ئىسىم ئۆزىڭىزگە، قېشىڭىزغا شۇنچە ماس كەلگەن چىرايلىق ئىسىم.

— ئۇنداق بولسا، لالە دېگەنچۇ؟

— لالەمۇ، ئەنە قاراڭ، قىزىم، ئاۋۇ ئېدىرلارنىڭ قاپتاللىرىغا قىپقىزىل ئېچىلىپ كەتكەن نېمە ئۇ؟

— لەيلىقازاق، ئاۋۇ سېرىقلىرى سېرىقچېچەك، يەنە كاككۇكگۈلىمۇ بار تېخى.

— لالەنىڭ ئىسمى ئاشۇ قاپتالدىكى گۈللەرگە قاراپ قويۇلغان.

— قايسى گۈلگە قاراپ؟

— ئاشۇ قىزىللىرىغا قاراپ بولىمامدۇ، ئەخمەق قىز.

— ئۇنى لەيلىقازاق گۈلى دەيمىز دېدىمغۇ.

— ئۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ، لېكىن بىز ئۇنى ئەسلىي قىزىل لەيلى دەيمىز. قەدىمكى تىلىمىزدا ئۇ گۈل «لالە» دەپمۇ ئاتالغان. شۇڭا بىزنىڭ شائىر ـ يازغۇچىلىرىمىزنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئۇ قىزىل رەڭلىك گۈل «لالە» دەپ يېزىلىدۇ، بىزمۇ ئادەتتە ئۇنى لالە دەپ ئاتىشىمىز كېرەك.

ئۇنىڭ خىياللىرى يەنىلا ئاشۇ تاغ باغرىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى تەرەپكە ئۈچ تارتىپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دادىسى سونۇرنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن مىس رەڭ چىرايى···

نېمىشقىدۇر بىردەمدىلا ئۇنىڭ خىيالىغا ئەختەم كىرىۋالدى. ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا ھەممە ساۋاقداشلىرىنىڭ: ھىلالبۇۋى ئۆزىنىڭ شوخ، تېتىكلىكىگە ماس كەلمەيدىغان تازا بىر «مۆرىمەس»نى تېپىۋاپتۇ دەپ ھەيران بولۇشقانلىرىغا قارىماي، ئەختەمنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلغانىدى.

ئەختەم يىراق يېزىدىن شەھەرگە كىرىپ ئوقۇغان، ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ مومىسىنىڭ قولىدا چوڭ بول- غان، شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن تاغىسىنىڭ ھامىيلىقىدا ئوقۇغان يېتىم بالا ئىدى. ئەختەمنىڭ شەھەردىكى ھاياتى باشقا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆتكەچكە، لالە، ھىلالبۇۋىلەر بىلەن تونۇش- مايتتى. دۇنيادىكى بارلىق يېتىم بالىلاردا دىل سۇنۇقى بولغىنىغا ئوخشاش ئەختەمنىڭمۇ دىلى سۇنۇق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇنىۋېرسى- تېت ھاياتىدا باشقا ستۇدېنتلاردەك ئويۇن ـ تاماشىنىڭ پەيزىنى سۇرمىدى. ئۇنىڭ ئەس ـ يادى مومىسى بىلەن تاغىسىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇشتا بولغاچقا، باشتىن ـ ئاخىر تىرىشىپ ئوقۇدى. يېتىملىكنىڭ دىلخەستەلىكى ئۇنىڭدا جىمغۇر، ئۆز ئىشىغا پۇختا، باشقىلارغا ئانچە ئارىلى- شىپ كەتمەيدىغان، ئوقۇشتىن باشقا ھېچنېمىنى خىيالىغا كەل- تۈرمەيدىغان بىر خىل روھىي ھالەتنى يېتىلدۈردى. يىراق، شوخ، ئەركىن چوڭ بولغان ھىلالبۇۋىنىڭ يېقىنچىلىقى ئەختەم- دىكى جىمغۇرلۇقنى ئۆزگەرتىۋەتتى. كۆنلەر ئۆزارغانسىرى ئەختەم ھىلالبۇۋىنىڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈكىنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئەختەم بىلەن ھىلالبۇۋىنىڭ ئېجىل ـ ئىناقلىقى ئۇلارنىڭ ياش يۈرىكىگە مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى چاچتى. ئەختەمنىڭ مىسكىن قەلبى ھىلالبۇۋىنىڭ دوستلۇق، مۇھەببەتنىڭ مېھرىگە تولغان يۈرىكىدىن سۇ ئىچتى. ئەنە شۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىن باشلانغان سا- ۋاقداشلىق، دوستلۇق، ھىلالبۇۋىگە ئوخشاشلا ئەختەمنىمۇ ئەس- پەر ئەپەندىنىڭ ئائىلىسىگە يېقىنلاشتۇرغانىدى.

# بەشىنچى باب

— مە ئالە، ھىلال، بۇ خەتنى ئەمدى ئوقۇساڭ بولىدۇ. راستىمنى ئېيتسام، ئاپامنىڭ بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى سۈرۈشتۈرۈشىدىن شۇنچە قورقتۇم. ئاپامنىڭ ئەمدى ئوشۇقچە دەرد كۆتۈرگىچىلىكى يوق.

ھىلالبۇۋى خەتنى قولىغا ئالدى. خەت قەغەزگە دانە - دانە قىلىپ يېزىلغانىدى. ھىلالبۇۋىنىڭ كۆز ئالدىدا رەخىمنىڭ تونۇش پوچېركىسىنىڭ ئەينى ئۆزى. ھىلالبۇۋى ئەينى يىللىرى، بولۇپمۇ رەخىمنىڭ لالەگە مۇھەببەت تەلپى قويغان يىللاردىكى لالە ئۈچۈن يازغان خەتلىرىنى كۆپ قېتىم لالە بىلەن بىللە ئوقۇپ، بىللە ھۇزۇرلانغانىدى. رەخىمنىڭ خەتلىرى، لالە ئۈچۈن، لالە بىلەن بولغان مۇھەببىتى ئۈچۈن يېزىلغان كۈندىلىك خاتىرىلىرى، تولىمۇ ھېسسىياتلىق، تولىمۇ يالقۇنلۇق يېزىلاتتى. رەخىم ئۆز يازمىلىرىدا لالەنى يەنە قانداقتۇر گۈللەرگە ئوخشىتاتتى. «لالە، مەن سېنى دۇنيادىكى جىمىكى چىرايلىق گۈللەرگە ئوخشاتسام يەنىلا ئازلىق قىلىسەن...» دەپ يېزىلغان قۇرلارنى ئوقۇغاندا بىر - بىرىگە ئېجىل بولۇپ كەلگەن بۇ بىر جۈپ قىز ئىچ - ئىچىدىن ۋىلىق - ۋىلىق قىلىپ پىخىلدىشىپ كۈلۈشەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، رەخىمنىڭ شۇ يالقۇنلۇق خەتلىرى لالەنى «ئىندەك» كە كەلتۈرۈشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بولغانىدى، خەت ۋە خاتىرىدىكى نازۇك تەسۋىرلەر رەخىمنىڭ قەلبىنى لالەگە چۈشەندۈرگەنىدى. لالەمۇ بۇ يالقۇنلۇق سۆزلەردىن تەسىرلىنىپ كېچە - كېچىلەرنى بىدارلىق ئىلكىدە ئۆتكۈزگەنىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە دېگۇ-

دەك ھىلالبوۋىگە ئېنىق ئىدى.

ھىلالبوۋىنىڭ كۆز ئالدىدىكى بوگوڭكى خەت شۇ ھېسسىياتچان يىگىتنىڭ خېتى ئىدى. خەت مۇنداق باشلانغانىدى:

«قەدىرلىك لالە:

ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ زىلال چوڭ بولۇپ قالدىمۇ؟ ئاپاڭنىڭ ساقلىقىچۇ؟ ئۇرۇق - تۇغقان، قوشنىلارنىڭ ھەممىسىگە سالام ئېيت. لالە، ئاڭلىسام پۇل، دەپ مېنى بوگوڭكى ھالەتكە چۈشۈرگەن دادىمىز ئالەمدىن ئۆتكەن ئوخشايدۇ، بەلكىم دادام ئەل قاتارى تۆت ماتا بىلەن گۆرگە قويۇلغاندۇر، يىغقان - توگكەن دۇنيالىرىدىمىزدىن مىسقالچىلىكىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئەكېتەلمىگەندۇر، دادامنىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن قايسىنىڭدۇر بىرىنىڭ مۇنداق ئىككى مىسرا غەزىلى يادىمغا كەلدى:

جاننىغۇ بەردى خۇدايىم بىر كۈن ئامانەتنى ئالغۇدەك،
مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن سالغان ئىمارەت قالغۇدەك.

مەن ئاپامنىڭ ۋاپاتىنى، ئاپامنىڭ يەتتە نەزىرىدىن كېيىن بىلدىم. نەزىردىن كېيىن سىڭىلىڭ بىزنىڭ ئۆيدىن ھېچنېمە ئالماي، دادامدىن ھېچقانداق نەرسە تەلەپ قىلماي، زىلال ئۈچۈن بولسىمۇ مىراس ھەققىدە چىش يېرىپ بىر ئېغىز سۆز قىلماي كېتىپ قالغىنىڭنى ئاڭلاپ تازا يىغلىغانىدىم، مەن مېھرىبان ئاپام ئۈچۈن يىغلىغانىدىم. سىڭىلىڭ بىزنىڭ ئۆيدىن كەتكىنىڭ ئۈچۈن تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان بۇ ئەڭ چوڭ زىيان ئۈچۈن يىغلىغانىدىم. بىراق بۇ قېتىم دادامنىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلاپ گەرچە قايغۇرغان بولسام-

مۇ. كۆز ياشلىرىم قېتىپ قالغان چېغى، كۆزۇمدىن مىت قىلىپ ياش چىقىپ قويمىدى، دادام ھەققىدىكى ھېسسىيات-لىرىم مۇزلاپ قالغاندەك ئىدى، شۇ كۈنلەردە مەن ئويلىغان-سېرى، مېنىڭ كۆز ئالدىمغا دادامنىڭ كېيىنكى چاغلاردا «پۇل تېپىش»، «دۇنيا تېپىش» ھەققىدە ماڭا قادىلىپ تۇرۇپ تاپا - تەنە قىلغانلىرىدىكى ئاچچىق يۈتۈۋالغاندەك چىرايى كەلدى. مەن نېمىدېگەن ئەخمەق ئادەم، مېنىڭ دادامنىڭ پۇل ھەققىدە دېگەنلىرى بىلەن سېنىڭ داداڭنىڭ پۇل ھەققىدە دېگەنلىرىنى نېمىشقىمۇ ئەقىل تارازامغا سې-لىپ چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئۆز ئىرادەم بويىچە ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، نېمىشقىمۇ كىشىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭنىڭ دۇنيا دەپىنەلىرى باقمەندىمۇ، دېگەنلىرىنى چۈ-شەنمىگەندىمەن…

مەن ئەمدى ھەممىدىن ئايرىلغان — ئاتا - ئانامدىن، سېنىڭدىن، تاپقان - تەرگەن دۇنيالىرىمدىن ئايرىلغان چې-غىمدا، چوڭقۇر ئازاب ئىچىدە، تولدۇرۇۋالغۇسىز پۇشايمان ئىلكىدە، ھەسرەت - نادامەت چېكىپ تۇرۇپ، ئۆز گۆشۈمە-نى ئۆزۈم يېگۈدەك ھالدا بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن… مەن ئەمدى نىمجان مۇساپىرمەن… مەن يۇرتۇمنى سېغىندىم، سىلەرنى سېغىندىم، زىلالنى تېخىمۇ سېغىندىم. ھىلالبۇ-ۋىنىڭ مەن بىلەن يۇزتۇرانە تۇرۇپ ئاچچىق كىنايە قىلغانلى-رىنى سېغىندىم…

مەن سىلەردىن ئايرىلغىنىمغا مانا توپتوغرا بەش يىل بوپتۇ، بۇ بەش يىل مېنى بىر ئەسىرلىك ھىجران بالاسىغا مۇپتىلا قىلدى. راست، مەن ئەسىر ئالمىشىدىغان پەيتتە ھىجران بالاسىغا مۇپتىلا بولدۇم. بىزنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرى-مىز — ھايات شېرىنلىكىگە تولغان دەقىقىلىرىمىز ھېسسى-يات جەھەتتىن مېنى بەكمۇ يىراق ۋاقىت نېرىغا تاشلىۋەت-

كەندەك، بىز ئىككىمىزنىڭ بىر ياستۇقتا باش قويغىنىمىز
ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئىشلاردەك بىلىنىدۇ. مەن
سىلەردىن شۇنچىۋالا يىراقلاپ كەتتىممىكىنە!

يېقىندىن بېرى كۆپ ئويلىنىپ بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن،
نېمە سەۋەبتىن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالدىم،
ئادەم ئالدى بىلەن ھېسسىي جەھەتتىن قېرىيدىكەن، روھى-
يەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار ئەمدىكى زاماندا
ئادەملەرنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ گاللىشىش ئەھۋالىغا
قاراپ ئۇلارنىڭ ئۆمرىگە، ياش - قېرىلىقىغا باھا بەرسە
بولغۇدەك. چۈنكى سېنىڭ ئەمدىلا ئوتتۇز ياشتىن ھالقىغان
رەخىمىڭنىڭ روھى قېرىپ كەتتى. ھايات مۇساپىسىدىكى
كېيىنكى داۋالغۇش، بولۇپمۇ كېيىنكى يىللاردىكى روھىي
داۋالغۇش مېنى باشقىچىلا بىر ئادەم قىلىپ قويدى. مېنىڭ
جىسمانىي جەھەتتىن يولۇققان پېشكەللىكلىرىم بەلكى سې-
نىڭ تەسەۋۋۇرۇڭغا سىغماس، ئەمدىكى جىسمانىي كەمتۈك-
لۈكۈم مېنى ئادەم قاتارىدىن چىقاردى، سېنىڭ ئەينى چاغدا
«پۇلنىڭ كويىغا كىرمەڭ، رەخىم، بىز تىنچ ئۆز خىزمە-
تىمىزنى قىلساقلا ئۆز روزغارىمىزنى قانائەتلەندۈرەلەيمىز»،
دېگەن سۆزلىرىڭنى كۆپ ئويلايدىغان ۋە ئۇنى تىلتۇمار قى-
لىپ بوينۇمغا ئېسىۋالمىغىنىمغا پۇشايمان قىلىدىغان، پۇ-
شايمان ئىچىدە ئۆزۈمنى تېخىمۇ ئازابلايدىغان بولدۇم، ئاللا
ئىگەم مېنى دوزاخ ئازابىنى مۇشۇ پانىي ئالەمدە تارتسۇن
دېگەن چېغى...

مەن يېقىندىن بېرى كۆپ نەرسىلەرنى ئويلايدىغان بو-
لۇپ قالدىم، ئويلاش، سېلىشتۇرۇش، يەنە ئويلاش، يەنە
سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنى بىلدىمكى، سېنىڭ داداڭ
بەك ئەقىللىق ئادەم ئىكەن. ئەسلىدە ئۇ ئادەم ئۆز ئەقلى-
نىڭ كارامەتلىرى بىلەن ئەل - يۇرت ئىچىدە يۇقىرى

ئابرۇيغا ئىگە بولغانىكەن. مەن سودا بىلەن شۇغۇللىنىش ھەققىدە مەسلىھەتكە بارغىنىمدا ئۇنىڭ «پۇلدارلىق — بەختىيارلىق ئەمەس، رەخمىجان بالام...» دېگەنلىرى ھېلە-مۇ قۇلىقىمدا. شۇ كۈنى مەن داداڭنىڭ ئېغىر يۈرەك كې-سىلىنىڭ بارلىقىنى ئويلاشمايلا، «خىزمەتتىن توختاپ، دېڭىزغا سەكرەش» ئويۇمنى ئېيتقانىدىم، بىراق داداڭ يۇ-قىرىقى بىر ئېغىز گەپتىن باشقا بىر ئېغىزمۇ ئوشۇق گەپ قىلمىغانىدى، پەقەت مېنىڭ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇ-رۇپ ئىستىھزالىق بىلەن كۈلۈپ قويغان ۋە ئىتتىك دېرىزە تەرەپكە قارىۋالغانىدى. ئېھتىمال شۇ كۈنى مېنىڭ گەپلىر-رىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆپنى كۆرگەن، ھەرقايسى دەۋرنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىمگە ئىگە بۇ ئادەمنىڭ ماڭا قارىغۇ-سى كەلمىگەن چېغى، سۆزلىرىمگە ئاچچىقى كەلگەن چېغى، يەنە ئېھتىمالكى، بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ كەلگۈ-سىدىن ئاتا - ئانىلارغا خاس غەم يېگەن چېغى. مەن ئۇ زاتنىڭ شۇ ئىستىھزالىق كۈلكىسىنىڭ مەنىسىنى بەكمۇ كېچىكىپ چۈشەندىم، كونىلارنىڭ: «ئاقىللار ئاز سۆزلەي-دۇ. كۆپ ئويلايدۇ» دېگەنلىرى دەل داداڭدەك كىشىلەرگە قارىتىلغان بولسا كېرەك.

لالە، سەن بىلەمسەن، مېنىڭ دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە، بىزنىڭ ئائىلە نەچچە ئەۋلاد سودا ئىشى بىلەن شۇغۇل-لانغانىكەن، ۋۇجۇدىغا پۇلپەرەسلىك داۋراڭلىرىنىڭ چاڭ - توزانلىرى قونغان، ئۆز زامانىسىدا ئۆزىنىڭ دۇنيا دەپىنەلىر-رى تۈپەيلى ئۆزگە تەمەننا قويۇپ ئەل ئىچىدە ساختا ئابرۇي-غىمۇ، يەكلىنىشكىمۇ ئۇچرىغانىكەن. بۇ تەجرىبىلەرنى قات-تىق ساۋاق قىلغان ئادەم مېنىڭ دادام، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا بەك پۇختا، ئىچى پىششىق، ئوڭايلىقچە باشقىلارغا سىر

بەرمەيدىغان ئادەم ئىدى. پۇل تېپىش تەس بولغان كېيىنكى يىللاردا دادامنىڭ تەبىئىتىگە «خەسىس»لىكمۇ قوشۇلغانىدى. بۇنى مەن بىلىپ قالغانىدىم. ئىككىمىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەت تەقسىماتىنى كۈتۈپ يۈرگەن كۈنلەردە، مەن بۇ دۇنيادا ماڭا ھەممىدىن مېھرىبان، كۆيۈمچان، بالىلىرىنىڭ ھەرقانداق ئىشىغا جان تەسەددۇق قىلالايدىغان ئاپامغا ئىچكى سىرىمنى — ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا سەن بىلەن چىقىشىپ قېلىپ، بىر - بىرىمىزگە كۆڭۈل بېرىشكەنلىكىمىزنى ئېيتقانىدىم. ئاپام سېنىڭ ئاپاڭنى تونۇيدىكەن، دادىڭ ھەققىدە ياخشى تەرەپلەرنى ئاڭلىغانىكەن، جېنىم ئاپام شۇ كۈنى مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇشال بولغانىدى.

— ئاپا، لالە ھەددى - ھېسابسىز چىرايلىق ھەم ئەقىللىق قىز، ئۇنىڭ زىلۋالىقى تاغ گۈللىرىگە ئوخشايدۇ، — دېگىنىمدە، رەھمەتلىك ئاق كۆڭۈل ئاپام (ئاللا ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغاي):

— بىلىمەن، بالام، جۆھەربۇۋى دېگەن بۇ ئايالمۇ ياش ۋاقتىدا شۇنداق چىرايلىق قىز ئىكەندۇق، ئۆتكەندە بىر چايدا كۆرۈپ قالدىم، ئۇ ئايال ھېلىمۇ شۇ گۈزەللىكى بىلەن تۇرۇپتۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئاشۇ قارا يىللاردا كىشىلەر دەپ يۈرگەن ھېلىقى جاپالارنى تارتمىغان بولسا، قانچىلىك تۇرار ئىدىكى.

— ئاپا، — دېدىم مەن، ئاپامنىڭ مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قاراپ، — بىز كېلەر يىلى توي قىلىدىغان بولدۇق، ئەمما شۇنىڭغىچە... لېكىن...

— نېمە، تىلىڭنى چاينىماي دېمەمسەن، چوپچوڭ بالىمۇ تىتى - مىتى دەيدىكىنا، نېمە گېپىڭ بولسا دېگىن، ئاپاڭ بولغاندىكىن، مەن...

— باشقا گەپ ئەمەس، شۇنىڭغىچە ئۇنىڭ بېشىنى باغلاپ قولىغا بىر خاتىرە ئۈزۈك سېلىپ قويساقمىكىن، — دېگەنىدىم. ئاپام ئويلىنىپ تۇرمايلا:

— ئۇنداق پەزىلەتلىك ئائىلىنىڭ قىزىنى كېلىن قىلسام جام تەسەددۇق، بالام، ئۈزۈك دېگەن چاغلىق ئىش، — دېگەنىدى.

شۇ كۈنى مەن ئاپامنىڭ «چاغلىق ئىش» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇشال بولغانىدىم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي رەڭگى قىزغۇچراق كەلگەن ئىككى تىللانى ئاپام قولۇمغا تۇتقۇزدى ۋە:

— مۇنۇ بىرىنى كۆز ئورنىدا ئىشلەت، مۇنۇ بىرىنى بۇزۇپ يېرىمىنى ئۈزۈك گەردىشى قىلىدۇ. ئاشقىنىنى قايتۇرۇپ كەل، تىللا ئۈزۈك مانا مۇنداق بولىدۇ، — دەپ قاچاندۇر بىر چاغلاردا بارمىقىغا سالغان، كېيىن ساندۇقنىڭ تېگىدە ساقلانغان تىللا ئۈزۈكىنى ماڭا كۆرسەتكەن ۋە «تويلۇق ئۈزۈكۈم بۇ» دەپ قوشۇپ قويغانىدى.

لاله، مەن ساڭا دادامنىڭ مال - دۇنيا ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان نۇرغۇن مىجەزلىرىنى دېمىدىم تېخى، بىراق شۇ كۈنى ئۇ تىللا ئۈزۈك ۋەقەسىنى بىلىپ قېلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئاپامغا كايىغاننى ئاز دەپ مېنى:

— قاپاق باش، ھېلىتىنلا تىللا ئۈزۈك سوۋغا قىلساڭ، كېيىن بىزنىمۇ سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىدىغان ئوخشامسەن، ئەبلەخ، — دەپ تىللىغانىدى. بىچارە ئاپام بۇ ئىشلار ئۈچۈن نەچچە كۈن يىغلىغانىدى.

مەن بۇ ئىشلارنى نېمىشقا يازدىم، پەقەت بىرلا مەقسەت، يەنە مېنى مۇشۇ پۇلپەرەسلىك كوچىسىغا سېلىپ قويغان دادامنى چۈشەندۇرۇش، ئەينى چاغدا سېنىڭ ئالدىڭدا خىجىل بولۇپ سەندىن سىر تۇتقان ئىشلارنى ئاشكارىلاش،

ئاندىن قالسا ئۆز ئەقىدىسىگە ئىگە بولالمىغان، ئىرادىسىز ئۆزۈمنى ئەيىبلەش ئۈچۈنلا...

قالغان ئىشلار ساڭا ئېنىق، مەن ئۆزۈك پۈتكەندىن كېيىن ھېلىقى ئىلى دەريا بويىدىكى «ئارزۇ» رېستوراننىڭ خاس خانىسىدا ساڭا تېخىمۇ يېقىن ئولتۇرۇپ، سېنىڭ ئاپئاق، نازۇك بىلەكلىرىڭنى ئۆزۈنغىچە سىلاپ تۇرۇپ ھىلالبۇۋېنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن تىللا ئۆزۈكنى نامىسىز بارمىقىڭغا سېلىپ قويدۇم ۋە ھاياجانلانغىنىمدىن:

— لالە، بىز ئۆز مۇھەببىتىمىزگە خىيانەت قىلماسلىق ئۈچۈن مۇشۇ ئۆزۈكنى گۇۋاھ قىلىپ قەسەم ئىچەيلى، — دېدىم. ئەزەلدىن بىزنىڭ ئارىمىزدا تۇيغۇن دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ھىلالبۇۋى:

— ھەي، رەخىم، سەن نېمىدەپ يۈرىسەن، گۇۋاھچى ئەسلى مەن ئىدىمغۇ، بىر دەمدىلا مەندىن يېنىۋېلىپ «مۇشۇ ئۆزۈكنى گۇۋاھ قىلىپ» دەپ يۈرسەنغۇ، — دەپ ماڭا بىر ئالىيىۋالغانىدى. سەن بولساڭ تۇيۇقسىز بىرنېمىدىن چۆچۈگەندەك ماڭا «لاپ» قىلىپ قارىدىڭ - دە، ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا شوكلەپ كەتتىڭ، نېمىلەرنى ئويلىغىنىڭنى تېشىڭغا چىقارمىدىڭ.

ئەمدى دېسەم، شۇ كۈنى ھەددىدىن ئارتۇق ھاياجانلىنىش ئىچىدە تاپقان چىرايلىق گېپىم شۇ ئىدى. مەن بۇ گەپنى پەقەت سەندىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپلا دېگەنىدىم، مېڭەمدە قانداقتۇر قىممەتلىك بىرنەرسە بىلەن سېنى ئۆزۈمگە رام قىلىۋېلىش، كۆزگە كۆرۈنگۈسىز يىپلار بىلەن يۈرىكىڭنى يۈرىكىمگە باغلىۋېلىش ئىدى. ئەمدى ئويلىسام مېنىڭ شۇ كۈنى دېگەن، ئەتكەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ئائىلىمىزنىڭ نەسەبىدە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان «مال - دۇنيا ھەممىگە قادىر» دېگەن قۇرۇق پەلسەپىنىڭ مېنىڭ روھىمى-

ـدىكى ئىپادىسى ئىكەن...
لالە، شۇ كۈنى سەن بەكمۇ شۈكلەپ كەتتىڭ، سەن شۈكلەپ كەتكەنسېرى سېنىڭ ئالدىڭدا ئىزا ـ نومۇستا ئۆلـدۇم، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا قان بىلەن سىڭگەن، مېنىڭ ماـھىيىتىمنى ئىپادىلىگۈچى روھىي ھالەت شۇ كۈنى سېنىڭ نەزىرىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. چۈنكى بىزنىڭ ئائىلە شۇنچە باي تۇرۇپ بەكمۇ ئەتىۋارلىق بىلگەن ھېلىقى «تىللا ئۈزۈك»، كە سەن نەزەر كۆزۈڭنىمۇ سېلىپ قويمىغانىدىڭ، بەلكى ئەنىسىز قاراشلىرىڭ بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈمگىمۇ ئەنـسىزلىك سالغانىدىڭ. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن كېيىن مەن ھىلالبۇۋىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئاللاتائالا ئىگەمنىڭ مۇباـرەك نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ:
— ئەگەر، لالەگە بولغان مۇھەببىتىمگە خىيانەت قىلـسام، تۇرمۇشۇمدىكى ھەرقانداق ئىشتا لالەدىن سىر تۇتسام مېنى خـۇدا ئۇرسـۇن، — دەپ قـەسىمىمنى ئاخىرلاشتۇرـغانىدىم.
لالە، مېنى راستتىنلا خۇدا ئۇردى!»

ھىلالبۇۋى كۆزىنى خەتتىن بىر پەس ئېلىپ لالەگە قارىدى. لالە بولسا، دېرىزىنى يوغان ئېچىۋېتىپ كەڭ ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى. ھىلالبۇۋىنىڭ كۆز ئالدىغا بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇـرۇنقى باھارنىڭ چىرايلىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە «ئارزۇ» رېستوراـنىنىڭ خاس خانىسىدا، بىرقانچە يېقىن دوسـتلارنىڭ، ساۋاقداشـلارنىڭ يىغىلىشى كەلدى. شۇ كۈنى لالە بىلەن رەخىمنىڭ مۇناـسىۋىتى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ يېقىن كىشىلىرى ئىچىدە ئاشكاردـلانغانىدى، مېھمانلار ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن، لالە:
— ھىلال، ماڭا بىردەم ھەمراھ بولغىن، — دېدى.
— بىزگە گۇۋاھ بولۇڭ، ھىلالبۇۋى، — دېدى رەخىم ۋە

خاس خانىنىڭ كېيىم ئاسقۇچىدا ئېسىقلىق كاستۇمىنىڭ يانچۇقى-دىن چىرايلىق بىر قۇتىنى ئالدى، رەخىمنىڭ ھەرىكىتى بەكمۇ چەبدەس ئىدى، ئۇ چاققانلىق بىلەن چىرايلىق قۇتىغا سېلىنغان، پارقىراپ تۇرغان ئۈزۈكنى ئېلىپ:

— ھىلالبۇۋى، بۇ مېنىڭ لالەگە تۇنجى سوۋغىتىم، مەن مۇشۇ ئۈزۈكنى گۇۋاھ قىلىپ...

ھىلالبۇۋىنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆزىنىڭ رەخىمنىڭ سۆزىنىڭ شېخىغا ئۆرۈۋەتكىنى كەلدى. شۇ چاغدا رەخىم ئۆزىنى ئوڭشاپ باشقىدىن:

— ھىلالبۇۋى، مېنىڭ لالەگە بولغان ساداقىتىم ئۈچۈن قىلىدىغان قەسىمىمگە گۇۋاھ بولۇڭ، — دەپ قەسىمىنى ئاخىر-لاشتۇرغانىدى. ئاندىن لالەنىڭ نازۇك قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۈزۈكنى بارمىقىغا سېلىپ قويغانىدى. ئۈزۈكنىڭ كۆزى ئورنىدا ئەرەب تىللالىرىغا ئوخشىتىپ قۇيۇلغان «تىللا» ئۈزۈكنىڭ گەر-دىشى بەكمۇ چىرايلىق نەقىشلەنگەنىدى. «تىللا» نىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ زىل ۋە نەپىس نەقىشلەر ئوراپ تۇرغان «ئاللا» سۆزى ئەرەب ھۆسنخېتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى نامايان قىلغان بولسا، بۇ خەتنى ئوراپ تۇرغان چەمبىرەك ۋە ئۈزۈك گەردىشىدىكى نەقىش-لەر ئۇيغۇر زەرگەرلىق سەنئىتىنىڭ ئالىي ناماياندىسى سۈپىتىدە خاس خانىدىكى گۇڭگا يورۇقتىمۇ شۇنچە جۇلالىنىپ تۇراتتى...

ھىلالبۇۋى چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋېلىپ خەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

«... لالە، جېنىم لالە، مېنىڭ لالەم، مەن پۇشايمان-لىرىمنى ساڭا چۈشەندۈرەلمەيمەن، مەن تولا كىشىلەرنىڭ ‹ھايات ماڭا رەھىمسىزلىك قىلىۋاتىدۇ› دېگەنلىرىنى ئاڭ-لاپ يۈرگەنىدىم. ئەمدى ئويلىسام مەن ھاياتقا رەھىمسىز-لىك قىلىپ ساپتىمەن، مېنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىمنى

ھاياتتىن ئىبارەت رەھىمسىز قاينامنىڭ ئىنچىكە تارازىسى-
نىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس ئۆلچەم تاشلىرى كۆتۈرەلمىدى.
بەختىيارلىق (ئەگەر باياشات تۇرمۇشنى شۇ بەختىيارلىقنىڭ
بىر قىسمى دەپ چۈشەنگىلى بولسا) ئىچىدە چوڭ بولدۇم،
ئوقۇدۇم، مېنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىم سېنىڭدەك بىر
گۈزەلنىڭ نۇرى بىلەن نۇرلاندى، سېنىڭ گۈزەللىكىڭ ماڭا
تېخىمۇ پۈتمەس بەخت ئاتا قىلغاندى، كېيىن بىز ئوقۇشنى
پۈتتۈرۈپ داداڭنىڭ ئابرۇيى ۋە ھىمايىتى بىلەن ئالىي مەك-
تەپكە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ ئۆزىمىز ئوقۇغان بىئولوگىيە
كەسپىنىڭ ئىرسىيەت ئىلمى بويىچە خىزمەتكە — ئوقۇتۇش
ۋە تەتقىقاتقا كىرىشىپ كەتكەندۇق. ياخشى خىزمەت شارا-
ئىتى مېنى تېخىمۇ بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈرگەن-
دى، زىلالنىڭ تۇغۇلۇشى بىزنىڭ بۇ بەختلىك ئائىلىمىزنى
شادلىققا چۆمدۈرگەندى. ئۇنىڭ گۆگراشلىرى، تەلپۈنۈش-
لىرى بىزنى پەرزەنت ئىشقىدا ئاتەشلىك يالقۇنلارغا ھەمراھ
قىلغاندى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بالىغا ئىسىم قويۇشتىن بىر
كۈن بۇرۇن سېنىڭ ئوغلىمىزغا «زىلال» دەپ ئىسىم
قويايلى دېگىنىڭنى دادامغا ئېيتقانىدىم، دادام دەسلەپ بۇ
ئىسىمنىڭ مەنىسىنى ئاڭقىرالمىدى بولغاي «نېمانداق مۇ-
قامدا يوق ئىسىم بۇ ئادەم چۈشەنمەيدىغان» دەپ كايىغان-
دى. كېيىن مەن سېنىڭ ئارزۇيۇڭنى، بالىنىڭ يېڭى تۇ-
غۇلغىنىغا قارىماي ئۇنىڭ تېرىسىنىڭ سۈزۈكلۈكىنى بىر
ھازا چۈشەندۈردۈم، مەن سۆزلىگەنسېرى دادامنىڭ جەھلى
قاتتىمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلماي ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتكە-
نىدى. مەن بۇ ئەھۋالنى ساڭا دېدىم، سەن بولساڭ بۇ
ئىسىمنى دادام تېپىپ بەردى دەپ كىتاب ئىشكاپىدىكى «ئە-
رەبچە - خەنزۇچە لۇغەت» نى ئالدۇرۇپ ئۇنىڭ بەش يۈز
يىگىرمە بىرىنچى بېتىنى ئېچىپ «زىلال» سۆزىنى

تاپتىڭ - دە ‹رەخمەت، ئاچچىقىپ دادىمىزغا كۆرسىتىپ بې-
قىڭ، دېدىڭ. شۇ كۈنى مەن دادامنىڭ قېشىغا كىرگىنىمدە
دادام ئاپامغا كايىۋاتقانىكەن: ‹شۇمۇ ئىسىم بولدىمۇ، مۇنۇ
بالىمۇزە...›، دادام مېنىڭ كىرگىنىمنى كۆرۈپ گېپىنى
توختىتىۋالدى. ئاپام بايىقى ئۆزىنىڭ مېھرىبانلارچە قارىشى
بىلەن بىر ماڭا، بىر دادامغا قارىغانچە سۈكۈتتە ئىدى.
شاڭخەيدە ئۇزۇن يىل تۇرۇپ سودا بىلەن شۇغۇللانغان ۋە
شۇ تۈپەيلى قادىرەم «شاڭخەي» دەپ نام ئالغان دادام خەنزۇ-
چە خەتنى خېلىلا ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا مەن ھېچ ئىككىلەن-
مەي دادامنىڭ ئالدىدىكى شىرەگە يېقىن كېلىپ: ‹دادا،
مانا ئۆزىڭىز قاراپ بېقىڭ [زىلال] دېگەن ئەرەبچە سۆزنىڭ
مەنىسى مانا مۇنداق يېشىلىدىكەن،— دېدىم ۋە،— بۇ ئى-
سىمنى قېيناتامىمۇ مۇۋاپىق تاپقان چېغى›، دەپ قوشۇپ
قويدۇم. دادام كۆزەينىكىنىڭ بېغىنى قۇلاقلىرىغا قىستۇر-
دى - دە، ‹زىلال› دېگەن خەتنىڭ يېشىمىگە قارىدى ۋە
ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ‹ھە،
بوپتۇ، شۇنداق بولسۇن›، دېدى. ئىسىم قويغان كۈنى بالى-
نىڭ يۈزىنى ئېچىپ كۆرگەن دادام: ‹ھوي ئانىسى، مۇنۇ
نەۋرەڭ راستتىنلا سۈزۈكتىن سۈزۈك ئىكەنا›، دەپ ھەيران
قالغاندى. سۈزۈك دېگەن بۇ سۆز ‹زىلال› سۆزىنىڭ ئۇي-
غۇرچە مەنىسى ئىدى. لالە، مەن نېمىشقا ئەزۋەيلەپ يۇقى-
رىقى تەپسىلاتلارنى يېزىپ كېتىمەن، مەن سېنى، زىلالنى
شۇنچە سېغىندىم، زىلالنى كۆرگۈم كەلدى، باغرىمغا باس-
قۇم كەلدى. ئۇنى باغرىمغا بېسىپ ھىجران بالاسىنىڭ
ھەسرەت - نادامەتلىرىدىن بىردەم بولسىمۇ قۇتۇلغۇم كەل-
دى. قىسقىسى، ھاياتىم سۆيۈنگەن سېنىڭ قېشىڭغا، بىز-
نىڭ مۇھەببەتلىك كۆڭلىرىمىزگە قايتقۇم كەلدى. ھېسابلاپ
باقسام زىلال يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. ئۇ چوڭ بولغانسېرى

ئۇنىڭ چىرايى ساڭا تارتىپ كەتتىغۇ دەيسەن، سىنىڭ چىرايىڭغا تارتقان بولسا ـ ھە! مەن سىنى تۇنجى كۆرگەندە سەن شۇنداق سۈزۈكلۈكۈڭ بىلەن مىنى ھەيران قالدۇرغانىدىڭ، سەن خۇددى رىۋايەتلەردىكىدەك «سۇ ئىچىسە گېلىدىن كۆرۈنىدىغان»، گۈزەللەردەك سۈزۈك ئىدىڭ، كېيىن مەن سىنىڭ داداڭ ۋە ئاپاڭ بىلەن تونۇشتۇم، شۇ چاغدىلا سىنىڭ بارلىق گۈزەللىكىڭ داداڭ ۋە ئاپاڭنىڭ گۈزەللىكىنىڭ سىنىڭ جىسمىڭدا نامايان بولغانلىقىنى ھىس قىلدىم ۋە بۇ سىرلىق ئالەمنىڭ، بۇ سىخىي تەبىئەتنىڭ مۆجىزىسىگە ھەيران قالغانىدىم، سەن گويا داداڭنىڭ قويۇق قاش ـ كىرپىكلىرىنى، ئويچان كۆزلىرىنى، قاڭشارلىق بۇرنىنى، ئاپاڭنىڭ زىلۋا بويىنى ئەندار قىلغاندەك تولىمۇ گۈزەل قىز ئىدىڭ. سىنىڭ نېپىز لەۋلىرىڭ ئاپاڭغا تارتقاندەك ئىدى. سىنىڭ ھۆسنۈڭدىكى جىمىكى گۈزەللىك گويا قاپقارا ئىككى كۆزۈڭدىن تۆكۈلۈۋاتقاندەك ئىدى.

يەنە، يەنە سورىغۇم كېلىدۇ، زىلالنىڭ بىرەر يېرى ماڭا ئوخشىغانمىدۇر؟! لاله، مەن بۇ خېتىم بىلەن ساڭا بىر ئىشنى، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشنى ئەمەس، دادام بىلەن مەن ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىشنى — دادامنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان بىر ئىشنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي: مەن ساڭا خىزمەتتىن توختاپ سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش پىكرىنى دېيىشتىن بۇرۇن دادام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتنى سەندىن سىر تۇتقانىدىم. مىنىڭ سەن كەچۈرگۈسىز گۇناھلىرىم ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغانىكەن، چۈنكى مەن شۇ چاغدىن باشلاپ ھېلىقى بارمىقىڭغا ئۆزۈك سېلىپ قويغان چاغدىكى قەسەملەرنىڭ ئىچىدىكى دەبدەبىلىك سۆزلەردىن ئائىلە تۇرمۇشىمىزدىكى ھەرقانداق ئىشتىن سىر ساقلىمايمەن، ئائى-

لىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىشنى مەسلىھەتسىز قىلمايمەن، مەڭگۈ ئائىلىگە، ئايالىمغا، باللىرىمغا سادىق ئەر بولىمەن. ساڭا مەڭگۈ سادىق يېكىرداش بولىمەن... دېگەندەك سۆزلەرگە خىلاپلىق قىلغانىدىم. ئەمدى ئويلىسام ساڭا بولغان خىيانەتكارانە تۇرمۇشۇمنىڭ دەسلەپكى قەدىمى ئەنە شۇ كىچىككىنە بىر ئىشنى سىر تۇتۇشتىن باشلانغانىكەن. سەن بىلىسەن، مېنىڭ دادام راستىنلا پۇل دېسە ھەممىنى ئۇنتۇيدىغان ئادەم ئىدى. 90 ـ يىللارنىڭ بېشى غۇلجىلىق سودىگەرلەرگە ئامەت ئەكەلدى. جانلانغان چېگرا سودىسى نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. شۇ يىللاردا ھەتتا بەزىلەر ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ كوچىدىن پۇل سۈپۈرۈپ كىرگەندەك ھېسابسىز پۇل تاپقانىدى. شۇ چاغدىكى چېگرا سودىسى ھەقىقەتەنمۇ تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ بولغانىدى. ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ھەتتا ئۇنىڭدىن ھالقىپ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى بىرقانچە دۆلەتلەر ئارا توختىماي قاتناپ «پۇللۇق» بولۇپ قالغان دادام، ئەتكەس مال — بۆكەن مۈڭگۈزى سودىسى بىلەن چېگرىدا تۇتۇلۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ چېگرىدىن ھالقىپ ئىككىنچىلەپ سودا قىلىشىنىڭ يولىنى بىراقلا توسۇۋەتكەنىدى. دادام گەرچە شۇ چاغدىكى كەڭچىلىك تۈپەيلى قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، بىراق چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىدىن تامامەن، ئۇزۇن مۇددەت مەھرۇم قىلىنغانىدى. شۇ كۈنلەردىكى دادامنىڭ روھىي ھالىتىنى ساڭا تىل بىلەن چۈشەندۈرەلمەيمەن. دادام قايناق قازان ئىچىگە چۈشۈپ قالغان چۈمۈلىلەردەك بىر جايىدا ئولتۇرالماي قالغانىدى، مىجەزىمۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ تېرىككەك بولۇپ كەتكەنىدى. تاماكىسى تۈگەپ قالغان بەڭگىلەردەك بىكاردىن ـ بىكار تېرىكەتتى. كىملەرگىدۇر تاپا ـ تەنە

قىلاتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ كىنايىلىك گەپلەر بىلەن ماڭا دارتمىلايتتى. بەزىدە تۇرۇپلا يوقىلاڭ بىرنېمىلەرگە ئاچچىقلاپ نېمىدۇر بىرنېمىنى ئىزدەپ تاپالمايۋاتقاندەك ھەر تەرەپكە ئەلەڭلەپ قارايتتى... ئەمدى ئويلىسام، ئۇ شۇ ئاچچىق چىراي بىلەن مېنى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىلا سودىغا قىستىغانىكەن.

لالە، سەن مېنىڭ ئوقۇشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدا پايپاق ۋە ئېلېكترون سائەت قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىپ پۇل تاپقانلىرىمنى بىلمەيسەن. بىرەر قوشۇمچە ئوقەت بولمىسا دادام ئەۋەتكەن ئۈنچىلىك پۇل بىلەن ئۇنىۋېرسىتېت ھاياتىمدا شۇنچە بەتخەجلىك قىلالايتتىممۇ؟ ئۇ يىللاردا نىلون پايپاق خېلى ئوبدان پۇل بولاتتى. دادام شاڭخەيدىن باھاسىنى قويۇپ ئەۋەتكەن ھالەتتىمۇ يەنە ئاشۇرۇپ پايدىسىغا ساتاتتىم.

رەخىم «پايپاس» لەقىمىدىن باشقا يەنە رەخىم «پايپاق» دېگەن لەقەمگىمۇ ئىگە بولۇپ قېلىشتىن قورقمىغان بولسام، ئۇ چاغدىكى «ئوقەت» ماڭا خېلى ئارام بېرىپ كېمىمىنى تولۇقلىغانىدى.

ئويلىسام شۇ چاغدىكى پۇلپەرەسلىكىنىڭ خۇمارى دادامنى خېلىلا گاڭگىراتقانىكەن، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادام تويۇقسىز:

— رەخىم بالام، ئەمدىكى تەتقىقاتىڭنى بازارغا قاراتقىن، ھازىرقى نۇرغۇن كادىرلار خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، سودا بىلەن شۇغۇللانغىلى تۇردى. مېنىڭ قولۇمدىكى ئىشنى ئەمدى سەن ئالغىن، سەن داۋاملاشتۇرغىن، — دېدى.

ئېسىڭدە بولسا كېرەك. بۇ دەل ئىككىمىزنىڭ ئىرسىيەت ئىلمىنىڭ گېن قۇرۇلۇشى بويىچە يېڭى بىر تەتقىقات

تېمىسى ھەققىدىكى دوكلاتىمىزنى كۆتۈرۈپ خىراجەت ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يۈگۈرۈپ يۈرگەن كۈنلىرىمىز ئىدى. دەسلەپتە مەن دادامنىڭ گەپلىرىگە ماقۇل بولمىدىم. چۈنكى بىز تەتقىقات تېمىمىزنى خېلى بىر يەرگە ئاپىرىپ قويغانىدۇق. دەلىللەشلىرىمىزمۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتكەنىدى. مەن ئەسلىدە ئىككىمىزنىڭ بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزدىن دادام خۇشال بولار دېگەن ئۈمىدتە ئۇنى خەۋەرلەندۈرگەنىدىم. بىراق ئۇ... شۇنداق، ئۇ مېنى خىزمىتىمنى توختىتىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى.

بىلەمسەن، لالە! مەن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم شۇ كۈنى ئىرادەمنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدىم، مەن دادامنىڭ پۇل توغرىسىدىكى «ھېكمەت»لىرىدىن جاق تويدۇم ـ دە، «زادى سودا قىلسام بولامدۇ»، دەپ ئىشىكنى جالاقلىتىپ يېپىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم، چۈنكى دادامنىڭ گېپىگە كىرمىسەم، ئۇنىڭ دېگەنلىرى بويىچە ئىش قىلمىسام، ئاتا ـ بالىلىقتىن ئادا ـ جۇدا بولۇشقا، ماڭا قىلغان ئەجرىگە قەتئىي رازىلىق بەرمەيدىغانلىقىنى دەپ ماڭا بەكمۇ قاتتىق تەگكەنىدى. شۇ كۈنى بىچارە ئاپام نېمە قىلارىنى بىلمەي پەقەت كۆز يېشىغىلا زورلايتتى ۋە مېنىڭ تەسلىكتە:

— بولدى قىلسىلىچۇ، دادىسى، — دەپ ئەمدى ئاغزىنى ئېچىشىغا، دادام:

— ھە، سەن نېمە دەيسەن؟ مېنىڭ تاپقانلىرىم قورسىقىڭغا تەپمىگەن بولسا، ئاغزىڭنى يۇم، خوتۇن كىشى دېگەنچۇ ئەرشىئەلاغا چىقىپ كەتسىمۇ ئەرنىڭ دېگىنىنى قىلىشى، ئەرنىڭ ئالدىدا ئۆز قۇللۇقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك، — دەپ ئاپامغا دوق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، — ھەي، تولا ئوقۇپ مېڭىسىنىڭ سۈيى قالمىغان مەتۇ، مەن

گەپ قىلمىسام ھېلىتىن سەن خوتۇنۇڭنىڭ تور سومكىسىغا
چۈشۈپلا كەتتىڭ. زىيالىي خەق دېگەنغۇ ئاشۇنداق غورىگىل
تۇرمۇشقا كۆنۈك، لېكىن بىزچۇ، بىز ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد
پۇلنىڭ مېغىزىنى چېقىپ ھاياتىمىزنى قەنتتەك ئۆتكۈزۈپ
كەلدۇق...، — دەپ كايىپلا كەتتى. ئۇ كۈنى دادامنىڭ
تەلەتى قارىغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ تاتىرىپلا كەتكەنىد-
دى، غەزەپلىك كۆزلىرى ماڭا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغان-
دەك بولۇپ كەتكەنىدى. شۇ كۈنى دادامنىڭ سۆزلىرى يۈرى-
كىمگە ئوقتەك تەگدى. دادا تۇرۇپ ئۆز بالىسىغا قىلغان
ئەجرىنى، يېگۈزگەن ـ ئىچۈرگەن، كىيدۈرگەنلىرىنى مىن-
نەت قىلىپ بالىسىغا دوق قىلغىنىنى... مەن ئۇ كۈنى
قىينالدىم. ئۇ ياققا قارىسام سەن، بۇياققا قارىسام دادامنىڭ
قەھرلىك سۆزلىرى...

دادامنىڭ پۇل ھەققىدىكى گەپلىرى شۇ كۈنلەردە گويا
كىشى روھىيىتىنى قاماللىغۇچ ئەرۋاھتەك ۋۇجۇدۇمنى ئە-
سىر قىلىشقا، مېنى گاڭگىرىتىشقا باشلىدى. مېنى ئازابلاپ
تەپەككۇرىمنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. شۇ كۈنلەردە مەن:
،لالە، مېنىڭ بېشىمدا نۇرغۇن سەۋدالار بولۇۋاتىدۇ، مەن
قانداق قىلىشىم كېرەك...، دەپ ساڭا بىر ئېغىز مەسلىھەت
سالمىغىنىمغا بۈگۈنكى كۈندە ھەددى ـ ھېسابسىز پۇشايمان
قىلىمەن. مەن ساڭا تۇيۇقسىزلا سودا بىلەن شۇغۇللىنىد-
غانلىقىمنى ئېيتقان ۋاقتىمدا، سەن تاڭ قالغانىدىڭ. شۇ
كۈنكى سېنىڭ قويۇق كىرپىكلەر ئارىسىدىكى كۆزلىرىڭنىڭ
يوغان ئېچىلىشى، قانسىز لەۋلىرىڭ، چىرايىڭدىكى تۇيۇق-
سىز تاتىرىش ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا. سەن ئەزەلدىنلا كەم
سۆز ئىدىڭ، شۇ كەم سۆزلۈكۈڭ بىلەن مەيۈس ھالدا ماڭا
تىكىلگىنىڭچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىڭ ـ دە، ئىتتىك
ئۆرۈلۈپ بۆشۈكتە بۆلەكلىك زىلالنىڭ قېشىغا بېرىپ تىز-

لىنىپ ئۆلتۈردۈڭ. بۇ چاغدا سىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ تىترەۋاتاتتى، بىرقانچە قېتىم چوڭقۇر ئۇھ تارتتىڭيۇ. مېنىڭ مەسلىھەتىمگە يا ياق، يا ماقۇلمۇ دېمەي جىم بولۇۋالدىڭ. مەن بىلىمەن، شۇ چاغدا سىنىڭ نازۇك قەلبىڭ ئازابلانغانىدى. بۇ ئازابلىنىش بىزنىڭ بەختىيار ئائىلىمىزنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدىكى ئەنسىرەشلىرىڭدىن كېلىۋاتقان ئازاب ئىدى. بۇ ئازاب پۇل بىلەن ئىنسانىي قەلب ئوتتۇرىسىدىكى گۇلدۇرمامىلىق چېقىننىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەسلىكتىن كېلىۋاتقان ئازاب ئىدى. بۇ ئازاب بىزنىڭ قەسەم قىلىشقان چىن ئەقىدىمىزگە دەز كەتكەنلىكىدىن كېلىۋاتقان ئازاب ئىدى. بۇ دۇنيادا ئۆزۈمنىڭ ياخشى كۆرگەن، سۆيگەن ئادىمىمنىڭ قەلبىنى ئازابلاشنىڭ نېمىلىكىنى بەكمۇ كېچىكىپ چۈشەندىم، لالە، مەن شۇ ئاتالمىش «مەسلىھەتىم» بىلەن شۇ كۈنى سېنى بەكمۇ ئازابلىغان چېغىم...

مەن بۇ ئويلىرىم (ياق، مىڭ مەرتىۋە ياق، دادامنىڭ ماڭا تاڭغان پىكىرلىرى)نى داداڭغا ئېيتقاندا، داداڭ يۇقىرىدا يازغىنىمدەك، «رەخمجان بالام، پۇلدارلىق بەختىيارلىق ئەمەس...»، دەپ مېنىڭ ئالدىمدا تۇنجى قېتىم بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ پۇلدارلىقىنى پەسەنتىڭمۇ ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

لالە، ئازماس ئاللا، مەن ئازغان بەندىمەن، يەنە كېلىپ ئۆز ئەقىدەمدىن ئېزىشىمغا ئاتا بولغۇچى يول كۆرسەتكەن ئازغۇنمەن!

بولدى قىلاي، خېتىم بەك ئۇزىراپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇ خەتلەرنى يوشۇرۇن يېزىۋاتىمەن، ساڭىمۇ يوشۇرۇنچە ئەۋەتمەكچىمەن، ئەمدى مەيلى، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق بەدەل تۆلىسەم مەيلى... مەن نېمىشقا مۇشۇ ھالغا

چۆشۈپ قالدىم. بۇنى ساڭا دېيەلمەيمەن، دېسەم تىلىم كۆيىدۇلا ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم كۆيىدۇ… مەن ئەمدى ئانا ۋەتىنىمگە، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا يۇرتۇمغا، سېنىڭ، زىلالىڭ يېنىغا قايتالمايدىغان ئوخشايمەن.

لالە، سېنىڭ مېنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، لېكىن يەنىلا سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن. مەن شۇ كۈنلەردە پەرىشتىلەرنىڭ پىچىرلىشىدەك، ئېقىن سۇنىڭ شىلدىرلىشىدەك يېقىملىق ئۈنۈڭ بىلەن بىر قېتىم «كەچۈرىمەن» دېگەن سۆزۈڭ يېزىلغان خەتلىرىڭنى كۆرسەم ئۆزۈمنى جەننەت ھۆزۈرىدىن بەھرىمەن بولغاندەك ھېس قىلاتتىم. مەن بىلىمەن، ئەمدى بۇ كۈنلەر ماڭا نېسىپ بولمايدۇ.

لالە، مەن خېتىمنى ئاخىرلاشتۇراي، مەن ساڭا ئەمدى راست سۆزلىمىسەم، قىيامەت كۈنى سېنىڭ ئالدىڭدا قارا يۈز بولۇپ كېتىمەن، مېنى قەسەم ئۇردى. شۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتەر، مەن بىرقانچە قېتىم چېگرا ئاتلاپ سودا قىلىپ قايتقاندىن كېيىن سودامنىڭ يۈرۈشكىنىدىن، پۇلنىڭ پۇل تېپىۋاتقانلىقىدىن ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم. بۇ كۈنلەردە ھەممە ئىشلىرىمنى ھەتتا تاپقان پۇللىرىمنىڭ سانىنىمۇ سەندىن سىر تۇتتۇم، مېنىڭ كۆزلىرىم يىراق - يىراققا، ياۋروپاغا، ئافرىقىغا تىكىلمەكتە ئىدى. چۈنكى خېلى كۆپ سودىگەرلەر پۇلغا تايىنىپ يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ ئەتكەس ماللار بىلەن ھەپىلەشمەكتە ئىدى. مەنمۇ قەدەملىرىمنى ئۇلاردىن ئىتتىك قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سودا مەيدانلىرىدىن ھالقىدىم - دە، تۈرلۈك تائىپىلەر ئىچىدىكى سودىدا ئۆز زېرەكلىكىمنى نامايان قىلدىم، ۋاستە تاللىماي ناھايىتى كۆپ پۇل تاپتىم… كىشىلەرنىڭ «پۇل دېگەن ئۆزىگە دۈشمەن» دېگەنلىرى راست ئىكەن، مېنىڭ تاپقان

پۇللىرىم ئۆزۈمگە دۈشمەن بولدى. مەن ئازدىم. ئازغۇنلۇق تۈپەيلى باشقىلارغا قارام بولۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولدۇم، ھەممىدىن قۇرۇق قالدىم. ھەممىدىن جىداپ بولمايدىغىنى سېنىڭدىن، زىلالدىن مەھرۇم بولدۇم.

لالە، قالغان ئىشلارنى ساڭا دېمەسلىك شەرتى بىلەن ئىشەنچلىك بىر ئادەمدىن بۇ خەتنى ئەۋەتتىم. يەنە سىلەرگە ئەللىك مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بېرىشنى ھاۋالە قىلدىم. مەن بۇنىڭدىن باشقا نېمىمۇ قىلالمايمەن. مەن بىلىمەن، سەن پۇلنى نەزىرىڭگە ئىلمايسەن، شۇنداقتىمۇ مۇشۇ خېتىم بىلەن سېنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ، سېنىڭدىن گۇناھلىرىمنى تىلەپ مېنىڭ ئاقىۋىتىمنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىيامەتلىك كۈنلىرىم ئۈچۈن رازىلىقىڭنى ئالالىغان بولسام ھەرقانداق بەختسىزلىك ئىچىدىمۇ ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلاتتىم، كۆڭلۈم ئازادىلىككە ئېرىشەتتى. لېكىن بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزۈم يېتىدۇ.

لالە، ئاھ مېنىڭ نازۇك لالەم، ئەمدى مېنى ئىزدىمەڭلار، مەن ئۆز ئازابىمنى ھەمراھ قىلىپ بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشاي، مېنى خۇدانىڭ قانداق ئۇرغىنىنى بىلمەيلا قېلىڭلار، مېنىڭ شۇنداق ئىز - دېرەكسىز بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىمغا رازىلىق بېرىڭلار.

سېغىنىش يالقۇنلىرىدا كۆيۈپ ۋەيران بولۇۋاتقان:

رەخىمدىن

2001 - يىل ئىيۇل

«ھۇ كاززاپ، — دېدى ھىلالبۇۋى ئىچىدە، — شۇنچە يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ، گۇناھىنى تىلەپ يازغان مۇنۇ خېتىدىمۇ

كازاپلىق قىلسا ـ ھە! ‹تاسما يېگەن ئىتنىڭ خۇيى ئۆلگۈچە
قالماپتۇ› دېگەن شۇنداق بولىدىغان چېغى. خۇددى ئۇ ھەممە
قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە يەنە دادىسىنىڭ ئەرۋاھىدىن مەدەت تىلە-
گەندەك ھەممە ئىشنى دادىسىغا دۆڭگەپ قۇتۇلماقچى بولۇۋات-
قان ئوخشايدۇ... ‹ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق› بولغاندى-
مۇ بۇ تازا قۇيرۇقنى تۇتقۇزغىلى قويمايدىغىنىدىن ئىكەن ـ
دە!» ھىلالبۇۋىنىڭ ئىچى ئاچچىققا تولدى. ئۇ خەتنى تۇتقانچە
ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا شۇكلەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا لالە
بىلەن بىللە ئۆتكەن تاغ باغرىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى، ئۇنىڭ
كۆز ئالدىدا نازۇك لالەنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كالپۇكىغا
تەككۈزۈپ كىتاب ۋاراقلاشلىرى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئوتتۇرا
مەكتەپ ھاياتىدىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ سىيماسى، ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدا لالەنى «ئىنەك»كە كەلتۈرۈش يولىدا ئۆزئارا بىر ـ
بىرلىرى بىلەن رىقابەتلىشىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ لالەنى يەپ قويغۇ-
دەك ئەلپازدا كۆزلىرىنى يالقۇنغا تولدۇرۇپ ئوتلۇق قاراشلىرى،
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئالىي مەكتەپتىكى لالە، ئەنە رەخىمنىڭ لالە-
نىڭ كەينىدىن تولا پايپاسلاپ، قايسى رەخىم دېسە «رەخىم پاي-
پاس» دەپ «پايپاس» لەقىمى بىلەن ساۋاقداشلارنىڭ ئارىسىدىكى
چاقچاقلارنىڭ ئاساسلىق تېمىسى بولۇپ قالغىنى، ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدا رەخىم بىلەن لالەنىڭ تويىنى كۆچۈرگەن كەچقۇرۇنلۇقى
كوچا چىراغلىرىنىڭ ئاستىدىكى چىرايلىق بېزەلگەن ماشىنا، يەنە
ئەسپىدر ئاكىنىڭ بۇ تويغا ئانچە رازى بولۇپ كەتمىگىنىنى بىلدۈ-
رىدىغان مەيۈس چىرايى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جۆھەربۇۋى ھەدىنىڭ
لالەنىڭ شۇكلىشىپ كېتىشلىرىدىن ئەنسىرەشلىرى، ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدا رەخىمنىڭ چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىگە — ھازىرغىچە ئىز ـ
دېرەكسىز يوقالغان سەپىرىگە ئاتلانغان كۈنى...

ھىلالبۇۋىنىڭ كۆزلىرى چىڭقىلىپ بېشى ئايلانغاندەك بول-
دى، ئۇ تەسلىكتە بېشىنى كۆتۈرۈپ لالەگە قارىدى. لالە شۇ

ئورنىدا گويا گۈزەللىك ئىلاھىنىڭ ھەيكىلىدەك تىك قېتىپ قالغان ھالەتتە تۇراتتى. قۇياش نۇرى ئاستىدا ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرى، ياش بىلەن سۇنغان كىرپىكلىرى، ھىمىرىلگەن قويۇق ئەگمە قاشلىرى، يېرىم ئوچۇق ھالدىكى نېپىز لەۋلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان سەدەپتەك چىشلىرى تۆۋەنكى كالپۇكىنى قاتتىق ئىزتىراپ بىلەن چىشلىگىنىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. لالەنىڭ شۇ تۇرقىغا قارىغانسېرى ھىلالبۇۋىنىڭ نېرۋا ھۈجەيرىلىرى تامامەن تورمۇزلىنىپ قالغاندەك ئىنكاس قايتۇرۇشقا مادارسىز ئىدى. تۇنۇگۈندىن بېرى لالەنىڭ يېنىدىن بىر مىنۇتمۇ نېرى بولمىغان ھىلالبۇۋى روھىي جەھەتتىن بەكمۇ چارچىغانىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى غەزەپ ئوتىدا يانغانىدى، لالەنىڭ دىل مەيۈسلۈكى تۈپەيلى ھىلالبۇۋىنىڭ چىرايى سولغۇن ئىدى. ئۇنىڭ ئالىلىقانداق خىياللار تۈپەيلى تۇرۇلگەن قوشۇمىلىرى ئۇنىڭ ئىنچىكە قاشلىرىنى تىك - تىك قىلىۋەتكەنىدى.

بۈگۈن بۇ بىر جۈپ قەدىردان دوستلارنىڭ قەلبى ئاتەشلىك يالقۇنلار ئىچىدە بىرلىكتە پۇچىلانماقتا ئىدى.

*　　*

چۈشكە يېقىن «بۇرۇتلۇق» مېھمان كەلدى، ئۇ لالەنىڭ سولغۇن چىرايىنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلاندى، ھىلالبۇۋىنىڭ جىددىي قاراشلىرى «بۇرۇتلۇق» يىگىتنى تەمتىرىتىپ قويدى. «بۇرۇتلۇق» يىگىتنىڭ گەپلىرى قولاشمايۋاتاتتى، ئالدىدىكى چاي، تاتلىق - تۇرۇملارغىمۇ ھەپسىلىسى قالمىغانىدى، گويا ئۇ نېمىگىدۇر بىرنېمىگە ئالدىراۋاتقاندەك بىئارام ئىدى.

— سىز قاچان ماڭىسىز؟

ھىلالبۇۋىنىڭ ئاۋازى خىرىلداپ، تىترەپ كەتتى.

— ئەته ماڭىمەن، مېنىڭ بۇياقلاردا تۇغقانلىرىممۇ يوق،

سودا ئىشىمۇ يوق، مېنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىم پەقەت مۇشۇ ئىش ئۈچۈن.

«بۇرۇتلۇق» يىگىت بىر باغلام ئامېرىكا دوللىرىنى شىرە ئۈستىگە قويىدى ۋە:

— بۇنى چېگرىدىن ئۆتكۈزمەك بەك تەس ئىكەن، ئىشقىلىپ، يۈك تۇشۇيدىغان شوپۇرلارنىڭ يەنىلا ئامالى بار چېغى، بۇگۈن سالامەت قولۇمغا تاپشۇردى. ساناپ ئېلىڭلار، نەق ئەللىك مىڭ دوللار، ماڭا مۇشۇ پۇلنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىڭلار ھەققىدە ئۆز پوچېركاڭلار بىلەن ئىككىلىك خەت بەرسەڭلار بولدى.

— بىز دوللارغا موھتاج ئەمەس، بىزنىڭ پۇلىمىز ئۆزىمىزگە يېتىپ ئاشىدۇ. مەن رەخمىنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ بۇ دوللارنى قوبۇل قىلالمايمەن...

بۇ چاغدا لالەنىڭ يۈزلىرى بەكمۇ تاتىرىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ياڭاق ئۈستىخانلىرى ئەتراپىدىكى تېرىلىرى لىپىلداپ، لەۋلىرى تىترىگەنىدى.

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ، ھەدە، — «بۇرۇتلۇق» يىگىت ئالدىراپ لالەنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — رەخىم ئاكام بەلكى... ھە بۇ رەخىم ئاكامنىڭ ئوغلىغا... ھەدە، بۇنى ئوغلىڭىز ئۈچۈن بولسىمۇ قوبۇل قىلىڭ، رەخىم ئاكا شۇنداق دېگەن.

«بۇرۇتلۇق» يىگىتنىڭ گەپلىرى قولاشمايلا قالدى، ئۇ كۆز ئالدىدىكى لالەنىڭ ھېچنېمىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان، تېڭىرقىغاندەك چىرايىغا قاراپ قېتىپلا قالغاندەك ئىدى. لالەنىڭ كۆز چاناقلىرى نەملىنىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ كۆز ئوۋىدا رەڭگارەڭ ھەسەن - ھۈسەن.

ھىلالبۇۋى لەۋلىرىنىڭ تىترىگىنىنى چىشى بىلەن باستى. «بۇرۇتلۇق» يىگىت ئۆزرە ئېيتىپ:

— خەت بولسا، ئەتىگىچە مەن چۈشكەن مېھمانخانىنى «قارلىق چوققا» دەيدىكەن، شۇ مېھمانخانىنىڭ تۆت يۈز تۆتىنچى

ئۆيىگە... ،— دېدى- دە، ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشقان بولدى.

دەل شۇ چاغدا لالەنىڭ ئاجىز ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. لالە ھوشىدىن كەتكەنىدى.

— سىز، سىز دوللارلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇپ كۆزۈمدىن يوقىلىڭ، — ھىلالبۇۋىنىڭ ئاۋازى ئۆي ئىچىنى چاڭ كەلتۇردى.

«بۇرۇتلۇق يىگىت»:

— كەچۈرۈڭ، ھەدە، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، مەن بۇ دوللارنى قايتۇرۇپ ئەكېتەلمەيمەن. بۇ سىلەرنىڭ... زىلالىنىڭ...، — دېدى - دە، دوللارنى شىرە ئۈستىگە قالدۇرۇپ تاپىسىدىكى ئايىغىنى كىيىپ تالاغا يۈزلەندى.

ھىلالبۇۋى غەزەپلىك ئاۋازىدىن، «بۇرۇتلۇق» يىگىتكە قات- تىق تەگكىنىدىن خىجىللىق ھېس قىلىپ قالدى، «بۇرۇتلۇق» يىگىتنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق ئىدى. راست، ئەلمىساقتىن بېرى ئەلچىدىن ياماللايدىغان ئىش يوق - دە! بىراق بۇ ئارىدا ھىلالبۇ- ۋىنىڭ ياڭراق ئاۋازى نېرىقى ئۆيدە پېشىن نامىزىغا تەرەددۇت قىلىۋاتقان جەۋھەربۇۋىنى ئەنسىزلىككە سالدى، لالەنىڭ قېشىغا ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كىرگەن ئانىنىڭ ئۈمچەرەپ تۇرۇپ:

— قىزىم لالە، مېنىڭ لالەم، كۆزقارىچۇقۇم، — دېگەن ئاجىزانە ئاۋازى ئۆي ئىچىنى بەكمۇ مەيۈسلۈككە تولدۇردى. بۇگۈن يەنىلا ھىلالبۇۋى غەيرەتلىك كەلدى، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئوغۇل باللارغا خاس غەيرىتى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى، شۇ تاپ ئۇ لالەنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈۋالغانىدى، ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ:

— جەۋھەرھەدە، سۇ سوغۇق سۇ...، — تۇرۇۋېنىڭ مۈزدەك سۈيى لالەنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە، چاچلىرىغا تاكى كۆكسىگىچە پۇركۈلدى. لالەنىڭ تىنىقلىرى بارغانسېرى پەسلەپ كېتىپ باراتتى.

— بولمىدى، جۆھەر ھەدە، دوختۇرغا··· دوختۇرغا تېزرەك بارايلى، خەۋەر قىلايلى···

ھىلالبۇۋىنىڭ ئەنسىز ۋە جىددىي ۋارقىراشلىرىدىن ئانىنىڭ پۇت - قولىدا جان قالمىدى، شۇنداق بولسىمۇ غەيرىتىگە ئېلىپ «120» جىددىي قۇتقۇزۇش ئورنىغا خەۋەر قىلالىدى، بۇ چاغ ئۆيىنىڭ ئىچى يەنىمۇ تىمتاسلىقتا چۆمگەن بولۇپ، لالە ئۇچۇن مېھىر - شەپقەت تىلىگۈچى ئىككى جۈپ كۆز لالەنىڭ بارغانسېرى كۆكىرىپ كېتىۋاتقان يۈزىگە، قانسىراپ كېتىۋاتقان لەۋلىرىگە تىكىلگەنچە شەپقەت پەرىشتىلىرىنى چاقىرماقتا ئىدى. ھايال ئۆت-مەي جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ كىشى كۆڭلىنى ئەنسىز-لىككە سالغۇچى سىگنالى ياڭراپ، ماشىنا دەرۋازا ئالدىدا توختى-دى، دوختۇر - سېسترالارمۇ لالەنىڭ رەڭگىرويىغا قاراپلا ئەھ-ۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى پەملىدى بولغاي، شۇنچە تېز ۋە شۇنچە جىددىيلىك بىلەن لالەگە كىسلورودنى ماسكىرات قىلىپ بىلەك تومۇرىدىن قانداقتۇر بىر ئوكۇللارنى ئۇرۇپ، شۇمەيدىغان نىترو گىلتسىرىن تابلېتكىسىنى لالەنىڭ كۆكىرىپ، قېتىپ قالاي دې-گەن كالپۇكلىرىنىڭ ئاستىغا باستى - دە، تەييارلانغان ناسولكىغا سېلىپ بالنىتسىغا ئەكەتتى.

*　　　*

لالە شۇ ياتقانچە بالنىتسىدا توپتوغرا تۆت ئاي ياتتى، يۈرەك-كە قان يېتىشمەسلىكتىن كېلىپ چىققان يۈرەك مۇسكۇل تىقىلما كېسىلى ئۇنى بەكمۇ ھالسىرىتىۋەتكەنىدى. ئەسلىدىلا تېنى ئا-جىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە نازۇك تەبىئەتلىك بولۇپ ئۆسكەن بۇ قىزنىڭ ئۇست - ئۇستلەپ كېلىۋاتقان دەرد - ئەلەمگە بەرداشلىق بەرگۈچىلىكى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ قەدىرلىك، ئەڭ سۆيۈم-لۈك، ئەڭ مېھرىبان دادىسى ۋاقىتسىز كۆز يۇمدى. ئۇنىڭ

دادىسىنى بۇ پانىي دۇنيانىڭ ھەسرەت ـ ئەلەملىرى يەپ كەتكەنىدى، ئاندىن ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەكلا ئىشلار بولدى. رەخىم سودا يوللىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ھەققىدىكى خىياللىرى بىلەن لالەنىڭ نالە ـ پەريادلىق كۈنلىرىگە ھەمدەم بولۇشىنىڭ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشىنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ كېڭەيتىش خىياللىرى بىلەن بەند ئىدى. بۇ كۈنلەردە رەخىمنىڭ كۆزىگە پۇلدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالغانىدى، نە لالەنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى ۋە لالەنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىغا پىسەنت قىلمىغاندەك چېگرا تەرەپكە ئاتلاندى. مانا بۇ ئىشقىمۇ ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە بەش يىل بولۇپ قالدى، بۇ بەش يىلدىن بېرى دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن ئېرى رەخىمدىن مانا ئاخىرى ئۇچۇر كەلدى، بىراق بۇ كەلگەن ئۇچۇرنىڭ تېگى ـ تەكتىدىن بىر خىل شۇملۇق، كىشى چۈشىنىپ بولمايدىغان ئەنسىزلىك بىلىنىپ تۇراتتى، لالەگە قانداقتۇر بىر مەشئۇم كۈچ رەخىمنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ لالەنىڭ، زىلالنىڭ بەختىنى پايمال قىلىۋاتقاندەك بىلىنىدى.

لالە بۈگۈن كۈن چاشگاھ بولغاندا ئويغاندى. كېسەلخانىنىڭ ئىچى قۇياش نۇرىغا چۆمگەنىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئېغىرلاشقان قەدەملىرى بىلەن دېرىزە يېنىغا كېلىپ بىر پەس تۇردى، ئۇنىڭ باش باھارنىڭ ھاۋاسىدىن كۆكسىنى تولدۇرۇپ ـ تولدۇرۇپ سۈمۈرگىسى كەلدى ـ دە، دېرىزە قاناتلىرىنى كەڭ ئېچىۋەتتى، يىراقتا كۆرۈنگەن يېشىل تاغلار ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ئەنە ئۇنىڭ ئېتەكلىرىدە ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان دېھقانچىلىق مەيدانى، مەيدان ئەتراپىدىكى ئېدىرلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشقا باشلىدى، ھازىرقى باھار قۇياشى ئۇ جايلارنى نۇرلاندۇرماقتا، ئېتىزلار، تاغ قاپتاللىرى، كەڭرى كەتكەن بوز دالىدا ئېچىلىشقا باشلىغان كۆك، قىزىل، سېرىق، سۆسۈن، ھال رەڭ يەنە قانداقتۇر گۈل ـ چېچەكلەر لالەگە

تونۇش، قىشچە قاياقلارغىدۇر كېتىپ باش باھار بىلەن تەڭ پەيدا بولىدىغان قارغۇجىنىڭ جاھاندىكى جىمىكى قۇشنى دوراپ ساي-راشلىرى، يېڭىلا ھەيدەلگەن ئېتىزدا يۈرۈزلارنى بويلاپ يەر تاتىلاپ قۇرت ـ قوڭغۇز تېرىۋاتقان ھەر خىل جانلىقلار، كۆككە ئۇقچۇپ چىقىپ يەنە قاناتلىرىنى جۇپلەپ ئۆزىنى تاشلاپ ئەتىياز-نىڭ ھاۋاسىغا جان بېرىدىغان بوزتورغايلارنىڭ سايراشلىرى، يەر يۈزىنى سۆيۈپ ئۆتكەندەك پەسلەپ ئۇچىدىغان قارلىغاچلارنىڭ قىيغاچ قاناتلىرىنىڭ پەرۋازى...

ئېغىر خىيال لالەنى يەنە ئۆز ئىلكىگە ئالماقتا، ئىختىيار-سىز ھالدا ئۇنىڭ كۆزلىرى نامسىز بارمىقىدىكى تىللا ئۈزۈككە چۈشتى. ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى ئېچىشقاندەك بولدى، كۆز چا-ناقلىرى ياشقا تولدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بايىقى رەڭگارەڭ دۇنيا جىلۋىلەندى...

خىياللار، ئايىغى چىقماس خىياللار، كىشى روھىنى ئازاب-لىغۇدەك خىياللار. خىياللار كىشىلىك دۇنياسىنىڭ ئۇلانما كۆ-رۈنۈشلىرىگە زەنجىرسىمان باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ، كىشى ئۆزىنىڭ تاتلىق ئەسلىمىلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن خىياللىرى بىلەن قەلبىنى سۆيۈندۈرۈپ ھۇزۇرلىنىدۇ، بۇنداق ھۇزۇرلان-دۇرغۇچى خىياللار ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ، ئەگەر نېسىپ بولغىنىدا ئىدى، كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل خىيالىي دۇنياسىنى يارىتىپ ئۆزىنى جەننەت ھۇزۇرىغا بۆلىگەن بولاتتى، چۈنكى شېرىن خىيال جاننى ياشارتىدىغان غايىبانە تۇيغۇ! بىراق ئازابلىق ئەسلىمىلەرگە گىرەلىشىپ كەتكەن خىياللار بولسا، يەنىلا كىشى ۋۇجۇدىنى ئاچچىق ـ ئاچچىق غىدىقلاپ، قەلبىنى شۇركۇندۇرىدۇ، يۈرىكىنى يەيدۇ، قانلىرىنى سۇسلاشتۇرىدۇ، كۆز نۇرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ھاياتنىڭ ئايىغى چىقماس ئەگ-رى ـ توقاي يوللىرىغا تاشلايدۇ، تاشلايدۇ ـ دە، قىسمەت ئىسكەنجىسىدە قالغان بۇ ئالەمنىڭ دەردى بىلەن تويۇنغان تۇيغۇلار

ئارقىلىق كىشى ئۆز ئۆمرىنى خورىتىدۇ.
لاله يىراق تاغ چوققىلىرىغا تىكىلدى. ئۇنىڭ ئاچچىق - چۈچۈك ئەسلىمىلىرىگە ئاشۇ تاغلار گۇۋاھ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئايىغى چىقماس، تۈگىمەس خىياللىرى بىلەن بۇ دۇنيانىڭ تۈگىمەس دەرد - ئەلەملىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئازابلىق بىر تۇيغۇغا بۆلەنمەكتە ئىدى.

# ئالتىنچى باب

1978 ـ يىلىنىڭ باھارى بەكمۇ ئىللىق ئىدى، باھار قۇياشى
ئانا زېمىننى ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرىغا بۆلىدى. زىمىستاندىكى
قېلىن مۇزلار ئېرىشكەن باشلىدى. ئانا دەريا ساھىلى بولسا
قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ جانلىنىپ ھاياتقا باشقىچىلا كۆز ئاچماقتا
ئىدى. تارام ـ تارام جىلغىلاردىن ئوقچۇپ چىقىپ دەرياغا قوشۇ-
لۇپ ئېقىۋاتقان سۇلار مۇنبەت تۇپراقلىق بۇ مۇقەددەس زېمىننىڭ
شادلىق كۈلكىسىدەك شاۋقۇن سېلىپ، تەبىئەتكە جان ئاتا قىل-
ماقتا ئىدى. ئويغىنىۋاتقان تەبىئەت كۆڭۈللىرىنى مۇڭ باسقان
كىشىلەرگە يېڭىچە سېزىم بەخش ئەتمەكتە ئىدى. بەختلىك بىر
تۇيغۇغا تەشنا بۇ زېمىن كىشىلىرى باھار قۇياشىغا ئۈمىد بىلەن
بېقىپ، تۇمانلىق ھاۋادا ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن بۇرۇقتۇرما بولغان
قەلبلەر كەلگۈسىدىكى تاڭلارنىڭ تېخىمۇ نۇرلۇق بولۇشىنى ئارزۇ
قىلاتتى.

بۇ باھار شىمالىي تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان دېھقانچىلىق مەي-
دانىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان ھەر خىل «قالپاق»لار
ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى بىر خىل ئىللىق سېزىمغا
بۆلىدى. يۇقىرىدىن كەلگەن «سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش»
خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى كىشىلەر ئۇزۇن يىل ئىنسانىي مۇھىت-
تىن چەك ـ چېگرىنى ئاجرىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇپ
قېلىشقا ئاز قېلىۋاتقان بۇ بىر توپ كىشىلەرگە— «بۇزۇق ئۇن-
سۇرلار»غا يېقىنلاپ ھېلىقى قاتتىق ئاجرىتىلغان چەك ـ چېگرى-
نىڭ تىكەنلىك قاشالىرىنى چۇرۇپ تاشلىدى. باھار قۇياشىنىڭ
ئاپتىپىدا تاغ باغرىدىكى قاپتاللاردا ئېچىلغان قىپقىزىل لالە يۇر-

تىمىزنى زىلچا ـ گىلەمگە ئوخشىتىپ قويدى. ئەسپەر ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا يېڭى باھارنىڭ بۇ گۈزەل مەنزىرىسىگە تويماي قارايتتى. ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان لالىلەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۆيۈندۈردى. بۇنىڭدىن توققۇز يىل مۇقەددەم قىزى تۇغۇلغان شۇ باھارنىڭ ئەتىگىنىدە ئۆز پەرزەنتىگە ئىسىم قويۇشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. كىشىلەر قەلبىدىن شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ كەت-كەن ئۇ كۈنلەردىكى ئەسپەرنىڭ قەلبى ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك-نىڭ زۇلمىدىن پۇچىلانغانىدى. شۇنىداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇغۇتلۇق ئورۇن تۇتۇپ ياتقان جۆھەربۇۋى:

— ئەسپەر، بالىغا نېمىدەپ ئىسىم قويىمىز، — دېگەنىدىلا، ئۆز قىزىغا تېخىچە بىرەر ئىسىم قويمىغانلىقى يادىغا كەلدى. ئەمما ئۇ نېمىدەپ ئىسىم قويۇشنى بىلمەيۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا جۆھەربۇۋى:

— قىزىمىزغا بىر ياخشى ئىسىم قويايلى، ئۆزىڭىز دەڭ، ئەدەبىي كىتابلارنى جىق ئوقۇغان ئادەمغۇ سىز.

— سەن ئۆزۈڭ دېگىن.

— ياق، سىز دەيسىز. بىز ئۇيغۇرلاردا ئەلمىساقتىن كېلى-ۋاتقان بىر گەپ بار، ئۇ بولسىمۇ ئاتا بولغۇچى، ئۆز پەرزەنتىگە ياخشى ئىسىم قويۇشى، ياخشى ئوقۇتۇش، ياخشى نىكاھقا مۇشەر-رەپ قىلىشتەك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دېگەن-دىن ئىبارەت. قېنى ئۆزىڭىز...

ئەنە شۇ باھار، ئەنە شۇ كۈنى، ئەنە شۇ گەمە ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە مانا بۈگۈنكىدەك لالىلەر ئېچىلغان قاپتاللارغا زوق بىلەن قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— تاپتىم، جۆھەر، تاپتىم. قىزىمىزغا قويىدىغان ئىسىمنى تاپتىم، — دېگىنىچە ھاياجانلىنىپ كىچىككىنە جاننى باغرىغا باسقانىدى.

— ھە، نېمىدەپ ئىسىم قويىدىغان بولدۇق؟

— لاله، قارىغىنە، جۈھەر، ئاۋۇ قاپتاللاردا ھۆپپىدە ئې-
چىلغان لالىلەرگە قارىغىنا، ھەي… بۇ كۈنلەردە، بۇ يىراق جايدا
قىزىمىزنىڭ ئىسمىنى كىممۇ قويۇپ بېرەر، ئىمام - مەزىننى
ئىزدەپ نەگىمۇ بارارمىز…
— ئېمىلەرنى دەيدىغانسىز… ئۆزىڭىزچۇ، تەرەت ئېلىڭ،
ئاندىن ئاتا - بوۋىمىزدىن كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە ئەزان توۋلاپ،
سۈرە پاتىھەنى ئوقۇيسىز - دە، «قىزىم، سىزگە ئاسماندىن لاله
دېگەن ئىسىم چۈشۈپتۇ» دەيسىز شۇ. شۇنىڭغىمۇ باش قاتۇرامدۇ
كىشى، ئۇنىڭسىزمۇ بېشىمىزنىڭ قېتىۋاتقىنىنى ئازمىدى، «لا-
لە»! دېگەن بۇ ئىسىم ئېمىدېگەن چىرايلىق، ئېمىدېگەن سۆيۈمـ-
لۈك ئىسىم - ھە!
شۇ كۈنى ھاياجاندىن تىترىگەن ئانىنىڭ يۈرىكى ئۆز پەرزەن-
تىنىڭ ئىشقى بىلەن زۇلمەت ئىچىدە «يالت» قىلغان نۇردىن
سۆيۈنگەندەك سۆيۈنگەنىدى. چۈنكى ئۇ يىللار ھەممە ئادەمنىڭ
جېنى بۇ رەھىمسىز دۇنيانىڭ زۇلمەت ئىسكەنجىسىدە قىرچىلد-
ۋاتقان يىللار ئىدى. لالەنىڭ دۇنياغا كېلىشى بۇ گەمە ئۆيگە
شادلىق ئاتا قىلغانىدى. روھىي جەھەتتىن ئېغىر خورلۇققا ئۇچ-
رىغان بۇ ياش ئاتا - ئانىنىڭ قۇچىقىدا ئەلەم - ھەسرەتلەرنى
ئۇنتۇلدۇرىدىغان ئەرمەك بار ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىر - بىرىدىن
بەتتەر بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدلىـ-
رىنى ئاشۇ كىچىككىنە جان ئىگىسىگە بېغىشلىماقتا ئىدى. دېمە-
سىمۇ ياشاشتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدىغان ئۇ كۈنلەردە
پەرزەنت ئىشقى ئۇلارغا يېڭى ئۈمىد ئەكەلگەنىدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي ئەسپەرنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.
بىراق ئۇن يەتتە يىللىق جاپا - مۇشەققەتلىك ھايات ئۇنى جىسما-
نىي جەھەتتىن قۇرۇتۇپ قاقشال قىلىپ قويغانىدى. بۆرتۈپ چىق-
قان ياڭاق ئۇستىخانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاڭشارلىق بۇرنى تېخى-
مۇ قىرلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئاق پىشماق

چىرايى جۇدۇن - چاپقۇنلاردا يېرىلىپ، ئاپتاپلىق كۈنلەردە كۆيگەندى.

بىراق، نازارەت ئاستىدىكى ئەمگەكلىرى تۈگىمەيدىغان، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان كۈرەش يىغىنلىرى ئۇنى روھىي جەھەتتىن قاتتىق چېنىقتۇرغان بولسا، بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا يۈز بەرگەن قاتتىق قىستاشلار، زورلاپ ئىقرار قىلدۇرۇشتەك جازا ئەترىتى «يىگىتلىرى» نىڭ رەھىمسىزلىكى ئۇنى جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقتۇرۇپ قاتتىق ئۇستىخانلىق كىشىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. بەزىدە مەيداننىڭ بىر چېتىدىكى يالغۇز ئۆيى ئىچىدىن چىققان نالە - پەريادتىن كۆڭلى بىئارام بولىدىغان مەيدان باشلىقى، ئەتىگىنى ئىش مەيدانىدا پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ مېڭىپ يۈرگەن ئەسپەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن بولۇپ، كىشى ئاڭلىماس دەرىجىدە: «كېچە بەك ئازابلاندىڭىز - ھە، ئۇكام، تۇما قېشىدىكى ئازگالنىڭ ئىچىدىكى كۆتمەك چىغىنىڭ قېشىغا تۇخۇم قويۇپ قويدۇم...» دەپلا ئۆتۈپ كېتىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ مەيداندا ھەممە ئادەم ئۆز ھالەكچىلىكى بىلەن ئىدى. مانا بۇ مۇھىت ئۇنى ئەسلىدىكى ئېھتىياتچان، ئالىيجاناب، يۇمشاق كۆڭۈل، سىپايە بىر ئادەمدىن، قورقۇمسىز، جاسارەتلىك، ناھەقچىلىكلەر ئۈستىدىن ئۆز ۋىجدانى بويىچە غالىب كېلەلەيدىغان بىر ئادەمگە ئايلاندۇرغانىدى. بۇ ئون يەتتە يىل جەريانىدا بولۇپ ئۆتكەن ئەسپەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەسپەرنى خورلۇقتا ئىتتىرىۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ ئىشلارغا پەقەت يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تاغلار، كىشى روھىغا ئىلھام بەرگۈچى ياپيېشىل قارىغايلار سۈكۈت ئىچىدە گۇۋاھ بولۇپ كەلدى. ئەسپەرنىڭ بۇرۇنقى ئاپئاق، نۇرلۇق كۆرۈنىدىغان چىرايىنىڭ ئورنىغا ئەمدى بىر خىل تاتىراڭغۇلۇق قونغانىدى. تېخى ئەمدىلەتىن قىرىق بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ئادەمنىڭ ئويچان كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كېتىد-

ۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ قالماستىن، قو-
يۇق قاشلىرىنىمۇ ئاق ئارىلىغانىدى. بۇ ئون يەتتە يىل ئىچىدە
قۇياش نۇرى تولۇق چۈشمەيدىغان قاراڭغۇ گەمە ئۆي ۋە پىلىلداپ
تۇرغان جىنچىراغ ئاستىدىكى يورۇقلۇقتا ۋە ياكى پەقەت ئىشتىن
چۈشكەندىن كېيىنكى «بوش» ۋاقىت — گۇگۇم ۋاقتىغىلا ئو-
رۇنلاشتۇرغان ئۆزۈندىن - ئۆزۈن يېزىلىدىغان مەسىلە تاپشۇ-
رۇش ماتېرىياللىرى ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزىنى يەپ كەتكەنىدى.
ئەسپەر خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كېلىپ باشقىلاردەك ئولتۇ-
راق ئۆي دەۋاسىنى قىلمىدى، تۇرمۇش تەمىناتى دېگەندەك ئىش-
لارنى ئويلاپمۇ كەتمىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە ئويلىغىنى بى-
رىنچى بولۇپ كۈندىن - كۈنگە قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كېتىپ بارغان
كۆزىنى تەكشۈرتۈپ كۆزەينەك ئېلىش بولدى. يەنە بىر قىلغان
ئىشى جاپا - مۇشەققەتتە، خېيىمخەتەر ئىچىدە ئارزۇلاپ بېقىپ
چوڭ قىلغان يالغۇز پەرزەنتى لالەنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە
ئورۇنلاشتۇرۇش بولدى. ئون ئىككى ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ
قالغان بۇ قىز ئېغىر شارائىت ئاستىدىمۇ شۇنچىلىك چىرايلىق،
شۇنچىلىك زىلۋا چوڭ بولغانىدى. ئۇنىڭ قايرىما كىرپىكلىرى
ئاستىدىكى كېپىكتەك مۆلدۈرلەپ تۇرغان بىر جۈپ قارا كۆزى
ئۇنىڭ ئاق پىشماق يۈزىگە نۇر چېچىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. لالە-
نىڭ كىچىككىنە ۋۇجۇدىدىن سۆيۈنگەن ئەسپەر ئۆزىنىڭ بارلىق
ئۈمىدىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغانىدى. ئەسپەر قىزىنى مەكتەپكە تى-
زىملاتقىلى بارغان كۈنى، مۇتلەق كۆپ ئوقۇتقۇچىلار كىچىككىنە
لالەنىڭ ھۆسنىگە لال بولۇشقانىدى. ئۇنىڭ تېرىسىنىڭ سۈزۈك-
لۈكى ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغانىدى. ئوقۇتقۇچىلار لالەنىڭ تىنى-
رەپ تۇرغاندەك بىلىنىدىغان ئاجىز - زىلۋا بويىغا قاراپ ئۇنىڭغا
بەكمۇ ئىچ ئاغرىتقانىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى
مەشھۇر ئادەم — ئەسپەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك ھايات سەپىرى-
دىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ لالە ئاق

كۆڭۈل ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە ئېرىشتى. ھەممە بۇ قىزغا كۆڭۈل بۆلدى. ھەممە ئۇنىڭ زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە، دەرسلەردىكى تىرىشچانلىقىغا قايىل بولدى. كىچىككىنە بىر قىزنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشلىرى، گەپ - سۆزلىرى، پەزىلىتى، گويا ئېغىر - بېسىق چوڭ ئادەمنى كىچىك قىلىپ قويغاندەك ئىدى. ئەسپەر لالەدىكى بۇ ئالاھىدىلىكلەردىن بەزىدە ئۆزىمۇ ھەيران قالاتتى.

نېمىلا بولمىسۇن ئەسپەر قىزىدىن خاتىرجەم بولدى. مېھرىبان ئانا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى مۇشۇ قىزىغا بېغىشلىغاندەك ئىدى. جۆھەربۇۋى لالە كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ ئېيتىپ بېرىدىغان تۈگىمەس چۆچەكلىرى — «تۇتۇ قوزام»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «ئۇر توقماق»، «قىزىل بۆكلۈك قىز»... قاتارلىقلارنىڭ ئورنىغا ئەمدى كىچىك لالەنىڭ دەرسلىرىگە، قوشۇمچە چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا قاراتتى.

ئەسپەر بىلەن جۆھەرنىڭ نەزىرىدە ھايات باشقىدىن ئۆز ئوقىدا دەۋرىي قىلىشقا باشلىغاندەك ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەتلىرى خېلى سەرەمجانلىشىپ، ئىشلارغا قىزغىن كىرىشىپ كەتكەنىدى.

* *

يىللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوغلىشىپ تېز ئۆتمەكتە. ئەسپەرنىڭ فاكۇلتېتقا كېلىپ ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە چىققىنىغىمۇ، فاكۇلتېت كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغىنىغىمۇ مانا بىردەمدىلا ئون يىل بولۇپ قالدى. بۇ ئون يىل ئىچىدە ئىلىم - پەن ساھەسى ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ ئۆز ئىلمىي ئەمگەكلىرى

بىلەن ئۆزىنىڭ كىشىلىك قىممىتىنى يارىتىشقا مۇيەسسەر
بولالىدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا يۇكسەك ئابرۇي، ئىلىم ساھەسىدە
نوپۇز ئاتا قىلدى. ئانا زېمىن ئۆز ئوغلىنى ئاستا ـ ئاستا مەشھۇر
جامائەت ئەربابى سۈپىتىدە تونۇشقا باشلىدى.

شۇنداق، ئىرادەڭ كۈچلۈك بولمىسا، بۇ دۇنيانىڭ شەپقەتـ
سىز ئىشلىرىغا تاقابىل تۇرماق تەس. رەزىللىك، پەسكەشلىك،
ئىككى يۈزلىمىلىك ئەۋج ئالغان شۇ كۈنلەردە پەقەت ۋىجدان
سورىقىنى ئويلىغان ئادەملەرلا ئۆزىنىڭ ھەربىر قەدىمىنى ئۆز
تەقدىرى بىلەن باغلاپ، ئۆزى يول ئېچىپ ماڭماقچى بولغان يولغا
ئىشەنچ بىلەن ئويلىشىپ مەزمۇت قەدەم باسالايدۇ. بۇ مۇقەددەس
ئانا زېمىنىنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تارىـ
خى، ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق جىگەرلىك ئوغلانلىرى بىلەن پەخىرـ
لەندى. ئەكسىچە ئىككى يۈزلىمىچى زالىملارنىڭ، مۇناپىق خۇمـ
سى، خائىن ـ ساتقۇنلارنىڭ، پەسكەش تەمەخورلارنىڭ قەبرىسىـ
نىڭ توپىسىنى كۆككە سورۇدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ تارىخنىڭ سورىـ
قى ئىدى. بۇ ئىشلارنى چىن مەنىسى بىلەن ئويلىغان كىشىلەرلا،
بۇ خىل سوراقنىڭ تارىخنىڭ شاللىشى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەـ
لايدۇ. بۇ تارىخ ياخشىلارغا كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئابىدە
تىكلەيدۇ. يامانلارنى بولسا، تارىخنىڭ ئىبرەتلىك چاقىنىڭ ئاسـ
تىغا تاشلايدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا تارىخچىلار بۇ دۇنيانىڭ ئىبرەتـ
لىك ئىشلىرىدىن دەستۇر تۈزۈپ كېيىنكىلەرگە قالدۇرىدۇ. شۇـ
ڭا تارىخ كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن يېزىلىدۇ. ئەسپەر
باشتىن ـ ئاخىر ئۆز ئەقىدىسىدىن قايتمىدى. شۇ مۇدھىش
يىللاردا ئۇ باشتىن ـ ئاخىرى ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىغا ئىشەنـ
گەچكە، بۇ خىل ئىشەنچ يۈكسەك ئېتىقاد بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى
ھاياتنىڭ قىستاڭ يوللىرىدىن ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈپ كەلدى.
بىراق ھەددى ـ ھېسابسىز جىسمانىي زۇلۇم بىلەن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا
سوزۇلغان روھىي ئازاب ئۇنىڭ يۈرىكىگە دەز كەتكۈزگەنىدى...

*　　　*

ئەسپەر قىزى لالەنىڭ رەخىم بىلەن مۇھەببەتلەشكىنىدىن بەكمۇ كېچىكىپ خەۋەر تاپتى. تاغ باغرىدىكى ھېلىقى خىلۋەت جايغا جايلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانىدا چوڭ بولغان بۇ قىز كىچىككىدىنلا جىمىغۇر ئىدى. ئۇ شۇ جىمىغۇرلۇقى بىلەن ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى بۇ مۇقەددەس ئىشنى ئاتا - ئانىسىدىن سىر تۇتقانىدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئولوگىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان بۇ گۈزەل قىزنىڭ ئىشقىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن يىگىتلەرنىڭ لالەگە كۆڭۈل ئىزھار قىلىشلىرىنىڭ كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولۇشلىرى ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەردىن ئەنسىرىگەن جۆھەربۈۋى ئالدىنقى يىللار ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ساۋاقداش، دوستلىرى ئارقىلىق خەۋەردار بولۇپ، لالەدىن خاتىرجەم بولغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆتكەن يىلقى يازلىق تەتىل كۈنلىرىنىڭ بىرىدە جۆھەربۈۋى ھىلالبۈۋىنى چاقىرتىپ:

— قىزىم ھىلالبۈۋى، لالەنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئەھۋالى قانداق؟ — دەپ سورىغاندا، ھىلالبۈۋى:

— جۆھەر ھەدە، قىزىڭىز لالە ئالتۇن. ئالتۇننى ئوخايلىقچە چاڭ - توزان بېسىۋالمايدۇ. ئاڭلىغانلىرىڭىز راست، لالەنىڭ گۈزەللىكى يىگىتلەر ئارىسىدا غوۋغا قوزغىدى. بىراق بىزنىڭ لالە پەقەت ئوقۇش بىلەن...

— ئېنىقراق دەڭە! قىزىم؟!

— ئېنىق دېيىمغۇ، ھەدە، سىزنىڭ بۇ جىمىغۇر قىزىڭىز ئۆز ئىشىغا پىششىق، خاتىرجەم بولۇڭە...

— ئۆزىڭىزچۇ؟

— مەنما؟...، — ھىلالبۈۋى قىزارغىنىچە جۆھەربۈۋى

ھەدىنىڭ يېنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ لالەنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ئارقىدىنلا ئۆي ئىچىدىن ھىلالبۇۋى بىلەن لالەنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى ئاڭلاندى، ئانا باللارنىڭ كۈلكىسىدىن خاتىرجەم بولغانىدى.

ھىلالبۇۋىنىڭ سۆزىدىن ئەسپەر ئەپەندى خەۋەر تاپتى. ئاتا ـ ئانا قىزىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ھاياتىدىن كۆڭلى تىنغاندەك بولدى. ئەسپەرنىڭ «قىز بالىغۇ بەربىر ياتلىق بولىدۇ، لېكىن مۇھەببەت سەۋداسى لالەنىڭ كۆڭلىنى چالغۇتۇپ ئۇنىڭ زېھنىنى چېچىۋېتەمدىكىن دەپ ئويلايمەن» دېگەن ئەنسىزلىكلىرى، جۆھەربۇۋى ھەدىنىڭ يەتكۈزمىسى بىلەن بىرئاز پەسكويغا چۈشكەندەك بولغانىدى. ئۇ كۈنلەردە ھىلالبۇۋى ئۆزىنىڭ ئەركىن مىجەزىگە يارىشا فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدىغان بىر يۈرتلۇقى، تولىمۇ ياۋاش ئەختەم دېگەن بالا بىلەن ئۆزىنىڭ مۇھەببەتلىك دۇنياسىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان رومانتىك تۇرمۇشىنى باشلىۋەتكەنىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە لالەگە تەكلىپ قويۇش نۆۋىتى خۇددى ئۆزىگە كېلىپ قالغاندەك لالە بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان رەخىم لالەگە سۆز ئېچىپ قالدى. بۇ دەل رەخىم بىلەن لالە ئىككىسىنىڭ سىنىپتىكى كەچلىك مۇزاكىرىنى تۈگىتىپ ئوقۇتۇش بىناسى ئىشىكىدىن بىللە چىققان خالىي ۋاقىت ئىدى.

— لالە، ساڭا بىر گېپىم بار ئىدى.

— بىز كۈندە گەپ قىلىشىمىزغۇ؟! — دېدى لالە ۋە يالت قىلىپ رەخىمنىڭ كۆزىگە قارىدى. بۇ چاغدا رەخىم ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك دەرىجىدە لالەگە قاراپ تەلمۈرمەكتە ئىدى. رەخىمنىڭ كۆزلىرى ئوتتەك يانغان بولۇپ، لەۋلىرى نېمىدۇر بىرنېمىنى دەپ پىچىرلىغاندەك ئۈنسىز مىدىرلىماقتا ئىدى. يۈز مۇسكۇللىرى تارتىشقاندەك بولۇپ يۈزىنى يالقۇنلۇق بىر قىزىتما قاپلىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ غەيرىتىگە ئېلىپ:

— لالە، بۇگۈنكى گېپىم باشقىچە… مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. سەن بىلمەسكە سېلىپ يۈرۈۋەرمىگىن. مەن ساڭا تەلمۈرۈپ ئۆلىدىغان ئوخشايمەن. تېزرەك جاۋاب بەر…

رەخىم يۇقىرىقى سۆزلىرىنى دېدى ـ دە، گويا ئاياغ ئاستىدىنلا ئۆز كۆشەندىلىرىنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك تېز ـ تېز قەدەم بىلەن يۈرۈپ كەتتى. دېمىسىمۇ لالەنىڭ كەينىدە يۈرگەنلەر قەدەمدە بىر دېگۈدەك ئىدى. لالەگە ئۆز كۆڭلىنى ئىزهار قىلىپ مەغلۇپ بولغانلارنىڭ ھەر خىل خاھىشى بىلەن يانغان ھەسرەتلىك يۈرىكى لالەگە يېقىنلاشقان ھەربىر قەدەمنىڭ تىۋىشىنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزەتتى. بۇ ئىشلارنىڭ مەسلىھەتچىسى ھىلالبۇۋى بولدى. لالە رەخىمنىڭ «تەكلىپ» قويغىنىنى ھىلالبۇۋىگە دېگەندە، ھىلالبۇۋى خېلى كۆپنى كۆرگەن كىشىلەردەك سۇكۇتكە چۆمۈپ، يوغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

— گەپ قىلساڭچۇ، ھىلال…

— مېنىڭ مەسلىھەتىمگە تەقەززالىقىڭدىن بىر ئىشنى پەملىدىم، لالەجان!

— نېمىنى؟

— رەخىمگە كۆڭلۈڭ بارلىقىنى.

— قوي ئۇنداق گېپىڭنى، ساڭا مەسلىھەت دەۋاتىمەنغۇ!

— بۇنىڭدىن بۇرۇنقىلىرىغا — ساڭا مەستانە بولغان مەستانىلەرگە ئۆزۈڭلا جاۋاب بېرەتتىڭغۇ؟!

— ئۇغۇ شۇنداق…

— بۇ قېتىمقىسى بۇرۇنقى «تەكلىپ» چىلەرگە ئوخشاشمايۋاتامدۇ؟

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، ھىلال، رەخىم، بىزنىڭ ئون نەچچە يىللىق ساۋاقدىشىمىز، يۇرتلۇقىمىز، شۇڭا باشقىلارغا جاۋاب بەرگەندەك مۇنداقلا…

— خوش مۇنداقلا جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ دېگىن، ئۇنداق جاۋاب بەرمىسەڭ، مۇنداق بەرگىن.

ھىلالبۇۋى لالەنى قۇچاقلاپ باغرىغا باستى ۋە يىگىتلەردەك بىر قىلىق قىلىپ:

— ئۇھ... ئەقىللىق جېنىم...، — دېدى.

— بېشىڭنى يە، ھىلال، سېنىڭ مۇشۇ مىجەزىڭ قاچان ئۆزگىرەر.

— ئۆزگىرىدۇ، جېنىم، ئۆزگىرىدۇ. ئەرگە تەگكىنىمدە ئۆزگىرىدۇ، ھا... ھا...

ھىلالبۇۋى قىزىقسىنىپ، تېلىقىپ - تېلىقىپ كۈلۈپ لالە-نى قۇچىقىدىن بوشاتتى ۋە:

— بۇنى ئۇبدان ئويلىشايلى، ئاداش، — دېدى.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. رەخمىنىڭ كۆڭلى ئازار يې-مەسلىك شەرتى بىلەن بۇ ئىشنى بىرەر يىل كېيىنگە تاشلاپ ئوقۇش پۈتتۈرۈشنىڭ ئالدىدا جاۋاب بەرسەم.

— دېمەك، سەن رەخمىگە ماقۇلمۇ؟!

— ھازىر ئەمەس كېيىنچە ماقۇل.

— نېمىشقا ئەمدى، رەخمىنى ئىشقى - پىراقىڭدا بىر مەز-گىل كۆيسۇن دەمسەن!

— ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىشى. بىراق مەن ئۆزۈمدىن ئەنسىرەي-مەن. مەكتەپ پۈتتۈرۈشكە يەنە ئىككى يىل تۇرسا.

— ئىككى يىل بولسا بولۇۋەرمەمدۇ. مانا ئەختەممۇ مېنى يەۋەتكىنى يوققۇ!...

— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس. رەخمىنىڭ دەرسلەردە نېمىشقا چېكىنىپ كەتكىنىنى ئەمدى بىلدىم.

— بىلگەن بولساڭ ياخشىغۇ. ئۆزۈڭگە تارتىپ، كېيىن قالغان دەرسلەرگە ياردەم بەرمەمسەن.

— ياق، ھىلال، سەن رەخمىنى چۈشەنمەيسەن.

— چۈشىنىمەن. ئۇ خېلى ئىشەنچلىك، ئەقىللىق، ئون ئۆلچەپ بىر كېسىدىغان تەمكىن بالا. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىراي دېسەڭ چىرايى بار، پۇل دېسەڭ پۇلى بار. يەنە نېمە لازىم ساڭا.

— سەن گەپنى نەلەرگە ئەكەتتىڭ، ھىلال، مېنىڭ خىيالىم ئۇنداق نەرسىلەردە ئەمەس. ساڭا نېمىدەپ چۈشەندۈرسەم بولار.

— گەپنى ئەگىتمەي ئۇدۇللا دېسەڭ مەن ئوڭاي چۈشىنىمەن.

— مەن گەپنى ئەگىتمەي، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم رەخمىگە مايىللىقىمىزدىن بېشارەت بېرىپ، بىرئاز ئارىلىق تاشلاپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ ئاندىن جاۋاب بەرسەك.

— جاۋاب بەرسەك دەيسەنغۇ، جاۋابنى ئۆزۈڭ بېرىسەن. بىر رەخمىگە ئىككىمىز جاۋاب بېرىپ نېمە كەپتۇ. مەن ئەختەمگە جاۋاب بېرىپ بولغان، — ھىلالبۇۋى شوخلۇق بىلەن لالەنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— ھەي ھىلال...

— ھە، ماڭا نېمە بوپتۇ، گېپىڭنى ئەمدى چۈشەندىم. جانان.

ھىلالبۇۋى لالەنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى چۈشەندى. لالەنىڭ سۆزىدىن رەخمىنى بىر مەزگىل كۆزىتىپ، سىناپ باقايلى دېگەن مەنىنىڭمۇ بارلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

ئەسپەر، رەخىم بىلەن لالەنىڭ مۇھەببەتلەشكىنىدىن پەقەت لالە ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندىلا ئاندىن ھىلالبۇۋى ئارقىلىق خەۋەر تاپتى ـ دە، بىرقانچە كۈنگىچە خۇددى بىرەر يېرى ئاغرىۋاتقان ئادەمدەك بىئارام بولۇپ يۈردى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەچكى تاماقتىن كېيىن جۆھەربۇۋى:

— نېمە بولدى سىزگە، ئەسپەر؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ھېچنېمە!

— بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى مىجەزىڭىز يوقتەككۇ

ئەمسە؟!

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— شۇ، لالەنىڭ ئىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇنداقمۇ؟

— بەلكىم.

— بەلكىم - بەلكىملىرىڭىزنى قويۇڭە، ئەسپەر، ھېلىمۇ مېنىڭ قىزىم باشقىلاردەك...

— شۇنداق، سېنىڭ قىزىڭ باشقىلاردەك...

ئەسپەر ئاكا «ئالدىراپ كەتمىدى دېمەكچى بولۇۋاتامسەن» دەپ ئاخىرلاشتۇرماقچى بولغان سۆزىنى يۇتۇۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆزنى يۇتۇۋېتىشى بىلەن ئۆزىنىمۇ ئايىدى، قەدىناس ھەمراھىنىمۇ ئايىدى، يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدىن بېرى ئەسپەر بىرەر ئىشقا ئاچچىقلانسا ياكى بىرەر نەرسىگە بېرىلىپ ئويلانسا ئەنە شۇنداق كالپۇكلىرى كۆكىرىپ كېتىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى، ئارتۇقچە ھاياجانلىنىشنى ئەسلا كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى ھېلىمۇ ئويلىسا تېنى شۈركۈنىدىغان ئىلگىرىكى ئوتتۇز يىللىق جاپا - مۇشەققەتلىك كۈنلىرىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن جۆھەربۇۋى ئەسپەرنىڭ ھەربىر تىنىقىنىڭ رىتىمىدىكى ئۆزگىرىشنى بىلەتتى. بۈگۈنكى ھالەتتىن ئەقىللىق خوتۇن بىرنېمىنى سەزدى. ئۇ لالەنىڭ ئىشى توغرىسىدا ئەسپەرنىڭ كۆڭلىنىڭ تېگىنى بىلىپ قالدىيۇ، بىراق بۇ ئىشنى ئەسپەرگە نېمىدەپ، قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمىدى. ئارىلىقنى سۈكۈت باستى. ئەسپەر چوڭقۇر ئۇھسىندى ۋە بىر ھازادىن كېيىن:

— ئەمدى بولدى. ئىشلارنى لالەگە چۈشەندۈرىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

— نېمە ئۇ چۈشەندۈرىدىغان ئىشلار، ھازىر دېسەكمۇ بولىدىغۇ!؟

— ياق، بولمايدۇ، باللار بىر - بىرىگە كۆڭۈل بېرىپ

بولدى. مېنىڭ دەيدىغىنىم كويئوغلۇڭنىڭ ئائىلىسى...

— ئائىلىسى نېمە بوپتۇ؟ شەھەر بويىچە خېلى نامى بار ئائىلىكەنغۇ؟!

— ھە، گەپ مۇشۇنىڭدا، قادىرەم «شاڭخەي»نى مەنمۇ بىلىمەن. ئۇ شەھەر بويىچە كاتتا بايلارنىڭ بىرى. يەنە شەھەر بويىچە تەڭدىشى يوق خەسىسلەرنىڭ بىرى...

— خەسىس بولسا ئۆزىنىڭ ئىشى، بالىلار ئۆز يولى بىلەن...

— ھەي جۆھەر، پۇلپەرەسلىككە بېرىلگەن ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى تازا چۈشەنمەيسەن ـ دە! سەن شۇنچە ئەقىللىق ئايال، بوگۇنكى كۈندە نېمىلەرنى ئويلايدىكەنسەنكىنتاڭ!

— لالەنى ئويلايمەن. لالەدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىماي-مەن. ئۇنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنى ئويلايمەن. شۇنى ياخشى بىر يەرگە بېرىپ خاتىرجەم بولسام... شۇنىلا ئويلايمەن.

— مەن باشقىچە ئويدا، جۆھەر، لالە ئېزىپتۇ. بىلەمسەن، جۆھەر، پۇل ئادەملەرنى ئاچ كۆز قىلىۋېتىدۇ. خەسىسلىك بول-سا، ئادەملەرنى پەسكەش قىلىۋېتىدۇ. مانا مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى لالەنىڭ قادىرەم «شاڭخەي»نىڭ ئالدىغا كېلىن بولۇپ بېرىشىدىن ئەنسىرەيمەن. لالەگە گاداي بولسىمۇ ئۆز خىلىمىز — ئوقۇمۇشلۇق زىيالىي ئائىلىسىنىڭ بالىلىرى چىقمىدىمىكىنە!

جۆھەربۇۋى چوڭقۇر ئويغا پاتتى. ئەسپەرنىڭ قويۇق قاشلى-رى، كىرپىكلىرى ئوراپ تۇرغان بىر جۈپ قارا كۆزى كىمنىدۇر ئىزدىگەندەك ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا نۆۋەت بىلەن تىكىلمەكتە. ئەر ـ ئايال ئىككىسى دەتالاشتىن كېيىن ئەنە شۇنداق شۈكلەپ قالدى. ئۇيقۇسى قاچقان ئەسپەر تاكى تۈن نىسپىدىن ئاشقۇچە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا لالە ئۆسكەن جاپالىق شارائىت... ئەنە شۇ جاپالىق شارائىتتا تايتاڭلاپ مېڭىشلىرى، چۈچۈك تىللىرى بىلەن ئۆزىگە ئەرمەك

بولغان، ئۆزىگە ئۇمىد بېغىشلىغان لالە… ئۆزىگە غەيرەت - شىجائەت بېغىشلىغان لالە… چۈنكى ئاتا بولغۇچى ئۆز پەرزەنتى ئۈچۈن ئالدى بىلەن قۇربان بېرىش روھىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. لىكىنى ھەممىدىن ئۇبدان چۈشىنىدىغان بۇ ئادەم شۇ ئېغىر يىللاردا لالە ئۈچۈن ياشىغان، لالە ئۈچۈن ھېچنېمىدىن قورقمىغانىدى… ئەسپەر ئويلىغانسېرى خىياللىرى ھەر تەرەپكە ئۇچ تارقىتىشقا باشلىدى. ئاخىرى ئۇ ئېغىر بىر ئۇھسىنىدى - دە:

— بوپتۇ، لالەگە رازىلىق بېرەيلى، — دېدى.

ئۆز - ئۆزىنى تىڭشاپ ياتقان جۆھەربۈۋى:

— شۇنداق قىلمايمۇ بولماس، لالەنىڭ تاللىشىنىمۇ ئويلاش كېرەك.

— ياق، جۆھەر، بۇ يەردە لالەنىڭ تاللىشى يوق، ئېزىپ قېلىشى بار. باينىڭ بالىسى لالە ئۈچۈن جىق پۇل خەجلىۋەتتى بەلكىم. لالە نومۇسچان، بەلكىم شۇنىڭغا يۈز كېلەلمىگەندۇر.

— ئېھتىمال…

بۇ كېچە بەكمۇ جىمجىت بىلىنىدى. بۇ قەدىناس ئەر - خوتۇن تاكى تاڭ ئاتقۇچە ئۆزلىرىنىڭ كۆز نۇرى، ئەتىۋارلىق گۆھىرى لالەنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئېغىر - ئېغىر تىنىقلار ئارىسىدا ئۆز خىياللىرىغا بەند بولدى.

*　　　*

دېمىسىمۇ رەخىم لالەگە نۇرغۇن - نۇرغۇن قېتىملاپ تەلمۈردى. لالە، رەخىمنىڭ مۇھەببەتلىك قەلبىنى بەك بالدۇر ئويغاتقانىدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلى لالەنىڭ يوغان كۆزلىرىدە ئوتلۇق ئۈچقۇنلار چاقناشقا باشلىدى. قىزنىڭ مەسۇم قەلبى ئىلاھىي قىسمەت سالغان سەۋدا بىلەن ئويغىنىشقا باشلىدى. ياش ۋە مەغرۇر رەخىمنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى، لالەنىڭ

كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا رەخىم تىلدىن قالغاندەك لال بولات-
تى. ئۇ مەيلى سىنىپ ئىچى ۋە مەيلى سىنىپ سىرتىدا لالەگە
ھەر قېتىم قارىغىنىدا زېھنى چېچىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن
سىنىپ بويىچە ئەلاچى سانىلىپ كەلگەن رەھىم ئالىي مەكتەپ
ئىمتىھانىدا يۇقىرى نومۇر ئالالمىدى. نېمىلا بولمىسۇن تەقدىر
ئۇنى ئۆز يۈرىكىگە مۇھەببەت ئۇرۇقلىرى چاچقان شۇ گۈزەل قىز
بىلەن بىر يولغا سېلىپ قويدى. رەخىممۇ ئۆز نۆۋىتىدە كېلىش-
كەن يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ قاڭشارلىق بۇرنى، قايرىلما كىرپىك-
لىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزى كۆلۈمسىرىگەندە غىل - پالغى-
نە كۆرۈنۈپ قالىدىغان سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرى، قويۇق بۇدۇر
چاچلىرى رەخىمگە ھەقىقىي يىگىتلەرگە خاس سالاپەت بەخش
ئەتكەنىدى. ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرى ئۈستىدىكى ئىنچىكە بۇرتى،
بۇدۇر چاچلىرىنىڭ قۇلاقلىرىغىچە چېچىلىپ تۇرۇشلىرى، رەت-
لىك كىيىنىشلىرى، روھىدىكى جۇشقۇنلۇقى ئۇنى ئۆز تەڭتۇش-
لىرى ئارىسىدا ئالاھىدە پەرقلەندۈرەتتى. ئۇ سۈكۈت، تاقەت،
چىدام بىلەن پۇرسەت كۈتتى. رەخىم پۇرسەت كۈتكۈچە ئىنسان
روھىيىتىدىكى بۇ ئۇچ ئامىلنىڭ كەم بولمايدىغانلىقىنى چۈشى-
نىپ يەتكەنىدى. ئارىلىقتا نۇرغۇن يىگىتلەر لالەدىن ئىبارەت بۇ
نۇرلۇق چىراغنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىگە ئايلاندى. رەخىم يەنىلا
چىدام بىلەن پۇرسەت كۈتمەكتە ئىدى. رەخىممۇ قادىرەم «شاڭ-
خەي» دەك باي ئائىلىنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى بولغاچقا، ساۋاقداش-
لىرى ئىچىدە مېھماندوست، قولىنىڭ ئوچۇقلۇقى بىلەن ئالاھىدە
ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. لالە داخىل بولغان سورۇنلاردا بولسا،
رەخىمنىڭ بۇ خىل قولى ئوچۇقلۇقى ۋايىغا يېتەتتى. كۆزىگە
ھېچنېمە كۆرۈنمەي دېگۈدەك پۇل خەجلەيتتى. بۇنداق كۈنلەردە
دادىسىنىڭ ھەر قېتىملىق پۇل پېرېۋوت چېكىنىڭ كىچىككىنە
بۇرجىكىگە «تېجەشلىك» بولۇشنى ئىشارە قىلىپ يازغان ئىبارى-
لىرى ئەستىن چىقىپ كەتتى - دە، پۇلنى بولۇشىغا خەجلەپ

ئوغۇل بالىچىلىقىنى نامايان قىلاتتى.

لالە رەخىمنىڭ تەلىپىگە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاخىرقى يىلى جاۋاب بەردى. شۇنىڭغىچە رەخىم لالەنىڭ ئارقىسىدىن ئاز پايپاس-لىمىدى، ھەر خىل ئىشلارنى باھانە قىلىپ، پۇرسەتنى بوش ئۆتكۈزمەي ئۆزى باش بولۇپ سورۇن تۈزۈپ خېلى كۆپ پۇلىنىڭ بېشىغا سۇ قۇيدى ھەم ئۇ «ئەجرى»گە يارىشا «پايپاس» لەقىمى-گىمۇ مۇيەسسەر بولدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا لالەنىڭ كۆپ قېتىم «رەخىم، ئۇنداق بەتخەجلىق قىلماڭ» دەپ ئەسكەرتىشلىرىگە «لالە، پۇلارنىڭ ھەممىسى سەن ئۈچۈن، سەن ئۈچۈن جېنىمنى ئاتىغان يەردە، پۇنچىلىك ئىش نېمىدى» دەپ جاۋاب بېرەتتى - دە، ئۆز خاھىشى بويىچە قىلىۋېرەتتى. نېمىلا بولمىسۇن لالە ئىندەككە كەلدى. رەخىمنىڭ چېچىكى چاي بولدى، ئۆزىنىڭ گۈزەل بەختىدىن ئارام تېپىپ كۆڭلى تىندى. شۇڭا ئۇنىۋېرسىـ-تېتنىڭ ئاخىرقى يىلى ئۇنىڭ دەرسلەردىكى يۇقىرى نەتىجىسى، مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى بىرقانچە قېتىملىق ئىلمىي ماقالى-لىرىنىڭ سەۋىيىسى ۋە ماقالىدىكى يېڭىلىقلار رەخىمنىڭ زېھنى ئۆتكۈر بالا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ھاياتى ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى بىلەن ئۆز مەزمۇنىنى بېيىتتى.

ئەمدىلىكتە ئوقۇتقۇچىلار رەخىم بىلەن لالەنىڭ ئەقىل - ئىدراكىگە بىر دەك قايىل بولۇشقانىدى. لالە ئۆزىنىڭ ئەقىللىق، چىرايلىقلىقى بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەن چىرايلىق قىزلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئالاھىدە پەرقلىنىپ، گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كەم سۆز، جىمى-غۇرلۇقى بۇ گۈزەللىكنى تېخىمۇ تولۇقلاپ ھۆسنىگە ھۆسن قوش-قاندەك بىلىنىپ گويا ئىچكى گۈزەللىك بىلەن تاشقى گۈزەللىك-نىڭ بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن غايىۋى كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ بەكمۇ تاتلىق، نازلىق قىلىقلىرىدا پات - پات ئىپادىلىنىپ قالات-

تى. بۇنداق ۋاقىتلارنى سېزىپ قالغان رەخىم كېچە ـ كېچىلەپ ئۇيقۇدىن قالاتتى ـ دە، ئەتىسى سەھەردىلا مەكتەپ تەنتەربىيە مەيدانىغا چىقىپ يۈگۈرەيتتى. يۈگۈرۈش پەقەت تەنتەربىيە مەيدانىغا سەھەرلىك يۈگۈرۈش ئۈچۈن چىققانلارنىڭ ئارىسىدىن لالەنى بىر كۆرۈش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ئۇ بۇ كۈنلەردە رەخىمنىڭ خىيالىدىن لالەنىڭ جەلپكارلىق قىياپىتى دەقىقە نېرى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەنە شۇنداق ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يانغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، لالەدە بولۇۋاتقان ئۆزگىچە مايىللىقنى ئىپادىلىگۈچى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆزگىرىشلەرگە ئۇمىدلىك نەزىرى بىلەن باققان رەخىم لالەنى تۇنجى قېتىم قۇچاقلاپ باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ غۇنچە لەۋلىرىدىن سۆيدى. ئاندىن يۈرىكىنىڭ پىژىلدىغان جايلىرى ئارام تاپقاندەك بولدى...

*　　　*

ئۇلار ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ ئۆز يۇرتىدىكى ئالىي مەكتەپكە ئورۇنلاشتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بۇ ئىككى ياشنىڭ سۆيگۈ گۈللىرى ئۆز يۈرەكلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە يىلتىز تارتتى. هايات ئۇلارغا ئۆزلىرىدىنمۇ گۈزەل بىلىنىشكە باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلارنىڭ توي شەھەر بويىچە ئەڭ ئېسىل رېستوراندا، يەنى رەخىم لالەنىڭ بارمىقىغا تىللا ئۈزۈكنى سالغان ئورۇن «ئارزۇ» رېستورانىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئۇلارنىڭ ئارزۇ گۈللىرى خۇش پۇراق چېچىشقا باشلىغانىدى. بۇ كۈنلەردە لالەنىڭ جانجىگەر دوستى هىلالبۇۋى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. هېلى لالەنىڭ تويلۇق كىيىملىرى ئۈچۈن ماشىنىچى خانىملارنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىيىملەرنىڭ لالەنىڭ بوي ـ بەستىگە چىپپىدە كېلىشىنى، تېزرەك بولۇشىنى دەپ بارسا، هېلى لالە بىلەن رەخىمنىڭ ئائىلىرىنىڭ ئارىسىدا يۈگۈرۈپ ئۇلارنىڭ توي كۈنى، هۇجرا

كۆرپىسى ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ھەمدەم بولاتتى. بۇ-گۇنكى توي كېچىسىگە قىز قولداش بولغان ھىلالبۇۋى ئاپئاق كىيىملەر ئىچىدە پەرىشتىدەك مۇلايىم ئولتۇرغان لالەنىڭ قولىدىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. لالەنىڭ ئىچ - سىر ئېلىشقان بۇ قەدىناس دوستى بەلكىم شۇ ھالەتتە ئۆزىنىڭ توينىڭ تۇنجى ئاخشىمىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ لالەنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇۋاتقاندۇر...

رەخىم بولسا، قەددىنى تىك تۇتۇپ قىزغىن كەيپىياتقا چۆمگەن ھالدا كەڭ سورۇنغا قاراپ مەغرۇرانە ئولتۇراتتى.

*        *

يىراقتىن قىز كۆچۈرۈپ كەلگەنلەرنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى ئاڭلاندى. قادىرەم «شاڭخەي» نىڭ بۇ چوڭ قورۇسى ئۆز تارىخىدا تۇنجى بولۇپ توي شادلىقىغا چۆمدى. لالە ئۇچۇن خەجلىگەن ھېسابسىز پۇل قادىرەم «شاڭخەي» نىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرغىنى بىلەن توينىڭ داغدۇغىسى پەلەككە يەتتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالقۇنلاپ يېنىۋاتقان گۈلخاندىكى ئوتۇنلارنىڭ چارسىلداپ كۆيۈشىدىن كۆككە ئۇچقان ھېسابسىز ئۇچقۇنلار قاپقاراڭغۇ باغ ئوراپ تۇرغان بۇ چوڭ قورۇنى بۈلۈڭ - پۇچقاقلىرىغىچە يورۇتۇۋەتكەنىدى. ھويلىنىڭ ئۆزۈن يىل ئېچىلمىغان قوش قاناتلىق چوڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى. چىرايلىق بېزەلگەن پىكاپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى. لالە ئۆزىنىڭ نازۇك ھەرىكەتلىرى بىلەن پىكاپتىن چۈشۈپ ھىلالبۇۋىنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن يەرگە سېلىنغان پاياندازنى يېنىك دەسسەپ گىلەم ئۈستىگە كەلگەندە ھىلالبۇۋى چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. قاۋۇل تۆت يىگىت گىلەمنىڭ تۆت بۇرجىكىدىن قاماللاپ تۇتۇپ لالەنى يالقۇن ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈپ خاس ھۇجرىنىڭ بوسۇغىسىدا

توختاتتى. يەڭگە بولغۇچى ئايال قىزنى ھىلالبۇۋىنىڭ قولىدىن تاپشۇرۇۋېلىپ ھۇجرىغا ئەكىرىپ كەتتى.

يىگىتلەر ئۆزىنىڭ قىزىق چاقچاقلىرى بىلەن رەخىمنى ھۇجرىنىڭ ئىشىكىدىن ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتكەندە، لالە تېخى ھۇجرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ھەشەمەتلىك بېزەلگەن، ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ئۆينىڭ تام - تورۇسلىرىغا، ئېسىل جابدۇقلارغا، تەكچىلەرگە قويۇلغان چەت ئەلنىڭ خرۇستال قاچا - قۇچىلىرىغا ئەنسىزلىك ئىچىدە قاراۋاتاتتى. يەڭگە بولغۇچى ئايال لالەنىڭ سىرتقى كىيىملىرىنى يېشىندۇرگەندە لالەنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەنسىزلىك ۋايىغا يېتىپ بەدەنلىرى نېمىشقىدۇر شۈركۈنگەندەك بولدى.

رەخىم ئايىغىنى يېشىپ پۇتىغا سايما كەش كىيدى ۋە ماڭغىنىدىكى تىۋىشىنى ئۆزىمۇ بىلمىگۈدەك دەرىجىدە يېنىك قەدەملەر بىلەن تېخىچە ھۇجرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا داڭ قېتىپ تۇرغان، ئۆزىگە يارىشا تولۇق ۋە زىلۋا گەۋدە تەرەپكە ماڭدى. رەخىمنىڭ كۆز ئالدىدىكى قىپقىزىل لەۋلىرى ئېچىلىش ئالدىدىكى غۇنچىنى ئەسلىتىدىغان تولىمۇ گۈزەل بىر قامەت ئۆزىنىڭ ئاھۇلاردەك ئەنسىز قاراشلىرى بىلەن كۆز قارىچۇقلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرماقتا ئىدى. بۇ ۋىسال دەملىرىدىكى رەخىمنىڭ مەستخۇش كۆزلىرى لالەنىڭ كۆزىگە تويماستىن باقتى. يەڭگە بولغۇچى ئايال چوڭ چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئىشىكنى ھىم يېپىپ چىقىپ كەتتى. ئەمدى بولسا تامدىكى چىراغ ئۆينى گۇڭگا يورۇتماقتا ئىدى. رەخىمنىڭ كۆز ئالدىدىكى لالەنىڭ نازۇك بىلەكلىرى ئادەتتىن تاشقىرى سۈزۈك بولۇپ خوتەن قاشتېشىدىن ياسالغان نازۇك سەنئەت بۇيۇمىنى ئەسلىتەتتى. يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە تۇرغان بۇ نازۇك بەدەن ئاق رەڭلىك نېپىز يىپەكتىن تىكىلگەن نەپىس ئىچ كىيىمى ئىچىدە ئەينەن كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇنىڭ چىرايلىق بويىنى، كۆكرىكى ۋە تولغان يوتىسى رەخىمنىڭ نەپسىنى تاقىلـ

داتتى. رەخىمنىڭ كۆز ئالدىدا، ئويناپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان
ئېغىر ـ بېسىق، قارا كۆزلەر، غۇنچە لەۋلەر بىلەن ئويماقتەك
ئېغىز، شۇنداقلا سۆيۈش، لەززەتلىنىش ۋە ئەركىلىتىش ئۈچۈن
يارىتىلغان گۈزەل بىر ۋۇجۇد رەخىمنى مەست قىلماقتا ئىدى.
ئۇنىڭ ھېسسىيات دولقۇنلىرى مەۋج ئۇرۇپ قەلب قەسرىدىن
تاشقىن ياساپ پۈتۈن ۋۇجۇدنى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى.
رەخىم لالەنى چىڭ قۇچاقلاپ قانغۇچە سۆيدى، ئاندىن ئۇنى ئىككى
قوللاپ ئاۋايلاپ كۆتۈرۈۋالدى ـ دە، قوش كىشىلىك كارىۋاتقا
يۈزلەندى. نازۇك بەدەن تېپىرلاپ يۇلقۇنۇپ باقتى…

بۇ كېچە رەخىمنىڭ سۆيگۈ ھېسسىياتلىرى ئۆز قۇياشىنىڭ تەپتىدە پەلەككە يەتتى. مىسلىسىز دەرىجىدە ئۆرلىگەن بۇ ھېس-سىيات بىلەن پۈتكۈل ۋۇجۇدنى چىرمىۋالغان مۇھەببەت يالقۇنى بىر ـ بىرىگە تەشنا بولغان يۈرەكلەرگە ماغدۇر بېغىشلاپ تومۇر-لاردىكى قانلارنى ئۇرغۇتتى. ئۇلارنىڭ ھارارەتلىك كۆكسىدىن چىقىۋاتقان نەپەسلىرى تېخىمۇ تېزلىشىپ بۇ بىر جۈپ نەۋقىرانىنى بەخت بۆشۈكىنىڭ نازۇك تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈرۈشكە باشلىدى.

* *

قادىرەم «شاڭخەي» چىللاق كونى يېڭى كېلىنىنى سالامغا ئەكىرگەندىلا رەخىمنىڭ پۇلنى بىھۇدە خەجلىمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. قادىرەم «شاڭخەي»، بوي ـ بەستىدىن گۈزەللىك تۆكۈ-لۈپ تۇرىدىغان بۇنداق بەرنانى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. توينىڭ ئەتىسى لالە تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. ئەسپەر كۆزلىرىنى كېلىنىنىڭ ئۈزلۈقىغا قاراپ، ھەيران قالغى-نىدىن ئاغزىنى ئېچىپ قالغان قۇدىسى قادىرەم «شاڭخەي»گە يۆتكىدى ۋە ئۆزىمۇ كۆزلىرىنى سەل قىسىپ لالە بىلەن ھىلالبۇ-ۋىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، بۇ بىر جۈپ قىزغا سىنچىلاپ

قاراپ كەتتى. نېمىشقىدۇر قىزلارغا قارىغانسېرى، ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشانلىققا چۆمدى. قىزلارنىڭ ئۆسۈش جەريانى يېتىلىش جەريانى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. بۇ بىر جۈپ قىزنىڭ سەمىمىي دوستلۇقى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قەلبلىرى ئەنە شۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن بەكمۇ ئۇزۇن، بەكمۇ جاپالىق بىر مۇساپىدە پىشىپ يېتىلگەنىدى. بايىقى پەرىشانلىق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ شۇ تاپتا بۇ چوڭ قورۇدا قىزى لالە بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ يۈرىكىمۇ قېپقېلىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇدا ئىدى. ئەسپەر چوڭقۇر ئۇھسىنىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى نەملەنگەنىدى...

* *

شەھەر بويىچە كاتتا ئۆتكۈزۈلگەن توينىڭ ھاردۇقى ھەممىگە يەتتى. قادىرەم «شاڭخەي» توي ئۈچۈن كەتكەن پۇلنىڭ ھېسابىدىن ھېلىدىن - ھېلىغا ئىزىپ چارچىدى. رەخىمنىڭ ئاپىسى ئەلچىلەرنىڭ «ماقۇل جاۋاب»نى ئەكەلگەن كۈنى شادلىق ئىلكىسىدە ھاياجاندىن يىقىلىپ چۈشكىلى ئاز قالغانىدى. بىراق شۇ كۈندىن باشلاپ ئېرىنىڭ مىجەزىدىكى تىرتەكلىك تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ بۇ بىچارە ئايالنى خېلى ئوبدانلا ھالىدىن كەتكۈزگەنىدى. ئۇ قادىرەم «شاڭخەي»نىڭ بىردە چىقىمنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ۋايساپ غودۇڭشىپ تاپا - تەنە قىلىشىغا ئۇچرىسا، بىردە ئېرىنىڭ ئورۇنسىز تېرىكىپ دوق قىلىشلىرىدىن كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ توي بىلەن كەلگەن كۆڭۈل شادلىقلىرىنىڭ ئورنىنى ئۆز - ئۆزىدىن ئەنسىرەش ئالاتتى.

نېمىلا دېگەنبىلەن ئانىنىڭ قەلبى ئالەم سىغىدىغان بىر كەڭرى دۇنيا - دە، ئانا ئۆز ئوغلىنىڭ بەختىنىڭ گۈلدەك ئېچىلىشىدىن بەكمۇ مەمنۇن ئىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ، ئۆزىگە

شادلىق بەخش ئەتكەن بالىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن قادىرەم «شاڭ-
خەي» نىڭ بارلىق دۇنيا دەپىنىسىنى سەدىقە قىلىشقا رازى ئىدى.
چىللاق كۈنى سالامغا ئەكىرگەن كېلىننى تۇنجى كۆرگەندىلا،
كۆڭلى نېمىگىدۇر بىر نېمىگە ئاغقاندەك بولدى - دە، شۇ كۈندىن
باشلاپ قولىغا ئادراسمان سېلىنغان گۇرجەكنى كۆتۈرۈپ بالىلار-
نىڭ ئايىغىنى ئايلاندۇرۇپ ئىسرىق سالىدىغان بولدى ۋە ھەتتا
كىرىپ - چىقىۋاتقان مېھمانلارنىڭ ئارقىسىدىنمۇ ئىسرىق سې-
لىپ: «خۇدا، بالىلىرىمنى يامان كۆزدىن ساقلاپ بەختىنى مەڭ-
گۈلۈك قىلغايسەن» دەپ ئىدا قىلاتتى. دېمەك، ھەددى - ھېساب-
سىز ھاياجان ئىلكىدە ئانىمۇ چارچىغانىدى.

بۇ ئارىدا جۆھەربۇۋى ئەسپەرنىڭ «جۆھەر، پۇلپەرەسلىككە
بېرىلگەن ئادەملەرنىڭ قەلبىنى تازا چۈشەنمەيسەن - دە!» دېگەن
گەپلىرىنىڭ تېگىدىكى يوشۇرۇن مەنىلەردىن راستتىنلا ئەنسىرەپ
قالدى. شۇڭا كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى بىئارام بولۇپ چارچاپ
قالدى.

بىراق ئەسپەرنىڭ چارچىشى باشقىچە بولدى. قىسمەت ئىس-
كەنجىسىدە بىھۇدە ئۆتكەن يىللارنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىغا قالدۇرغان
ئاسارەتلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە جىسمىغا ئېغىر زەخمەت يەتكۈزۈ-
ۋاتقانلىقىنى، كۆز ئالدىدىكى تەتقىقات پىلانلىرىنىڭ قەدەم -
باسقۇچلىرى تېزلىشىۋاتقان شارائىتتا سالامەتلىكىنىڭ ئىزچىل
ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرىمەكتە ئىدى. بۇ خىل
ئەنسىرەش ئۇنىڭ سەزگۈلىرىنى غىدىقلاپ، ئۆز ئىشلىرىنى بال-
دۇرراق تاماملاپ، كۆمۈلۈپ ياتقان مەدەنىيەت خەزىنىلىرىدىكى
مىراسلارنى بالدۇرراق يورۇقلۇققا چىقىرىش تەقەززاسىغا پاتتى.

ئۇنىڭ بۇ ئون نەچچە يىل ئىچىدىكى ئەمگەكلىرى مول
بولدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا رۇس
ئالىملىرى رادىلوف، مالوفلارنىڭ بايقاشلىرىغا ئاساسەن تۈزۈل-
گەن تۈركولوگىيە دەرسلىكىنى ئۆگەنگەنلىكى بۈگۈنكى كۈندە

ئۇنىڭ ئەمەلىي خىزمىتىدە تولىمۇ ئەسقاتتى. ئۆگەنگەنلىرى ئاساسىدا ئورخۇن - يەنسەي ئابىدىلىرى ئۈستىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ خىيالىدا ھامان «ئۆزىمىزنىڭ تارىخىي يادىكارلىقلىرىنى ئۆزىمىز تەتقىق قىلغانغا يېتەمدۇ...» دېيدىغان پىكىر يېتەكچىلىكىدىكى بىر خىل ئالغا ئىنتىلىش روھى، ئىزدىنىش روھى جۇش ئۇراتتى. شۇڭا ئەسپەرنىڭ قىسقىغىنە ئون نەچچە يىللىق ۋاقىت ئىچىدە بۇ ساھەدە نەچچە ئونلىغان ئىلمىي ماقالىلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ ئۇنىڭغا يۇقىرى شۆھرەت ئاتا قىلدى.

ئەسپەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن نەۋائىدىن تارتىپ موللا بىلالغىچە بولغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقىنىڭ تۈزۈلۈشى ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىدا بۇ ساھەدىكى ئوقۇشلۇق كەم بولۇشتىن ئىبارەت بوشلۇقنى تولدۇردى، ئۇ ھامان ئەمگەك بىلەن، ئىدىيە ئۆزگەرتىش بىلەن بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ئون نەچچە يىللىق ھاياتىغا ئېچىناتتى. شۇڭا ئۇ جان تىكىپ ئىشلەپ شۇ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن يىللارنى ئەمەلىي نەتىجىسى بىلەن تولۇقلاشقا، ۋەتىنى، ئانا يۇرتى، ئۆز خەلقى قانائەتلەنگۈدەك ئىلمىي نەتىجىلىرى بىلەن ئىز قالدۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە قولىغا ئالغان موللا بىلالنىڭ «غازات دەرمۈلكى چىن» داستانىنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخىي شارائىتىنى يورۇتۇپ بېرىش ئارزۇسى ئۇنى خۇددى ھايات مۇساپىسىنىڭ ئاخىرقى قەدەملىرىنى تېزلىتىشكە قىستاۋاتقاندەك ئىدى. ئەگەر كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىمىسە ھازىرغىچە ھېچكىم تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تېماتىك پىلانغا كىرگۈزۈلمىگەن بۇ زور ھەجىملىك ئىلمىي ئەمگەكنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەيدىغاندەك بىر سەزگۈ ئۇنىڭغا بىردەممۇ ئارام بەرمەيتتى.

شۇنداق، ئالىملاردىكى سەزگۈرلۈك كۆپ ئىشلاردىن بېشا-
رەت بېرىدۇ. شۇڭا نۇرغۇن ئالىملار ئۆز سەزگۈسىگە تايىنىپ
رېئال دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىك سىرلىرىنى ئاچقۇچى ئامىللارنى
بايقايدۇ، ئۇنى يېشىدۇ. بۇ كۈنلەردە ئەسپەرنىڭ ئەقلىي تەپەككۇ-
رى كىشىلەرگە ئورتاق بولغان بايىقى سەزگۈرلۈكتىن ھالقىپ
ئۇنىڭدىكى ئالاھىدە بىر خىسلەت ۋە چېچەنلىكنى ۋايىغا يەتكۈز-
مەكتە ئىدى. ئىنسان روھىيەت ئالىمىنىڭ ئىختىراسىغا ھەرىكەت-
لەندۈرگۈچ كۈچ بولغان بۇ چېچەنلىك ئەسپەرگە ئىلىم ساھەسىدە
زۆرۈر بولغان تېماتىك مەسىلىلەرنى نۇرلاندۇرماقتا ئىدى.

تويي كۈنلىرىدىكى ئەسپەرنىڭ خامۇشلۇقى دەل مۇشۇ سەۋەب-
لەردىن ئىدى. ئۇ نېمىگىدۇر ئەنسىرەيتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر
غايىبانە ۋەھىمىنىڭ تەسىرىدىن ئۆز ئىشلىرىنى بالدۇرراق تامام-
لاش تەقەززاسىدا بىئارام بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا ئۇ
تويدىن كېيىنلا ئۆز ئىشلىرىغا ئالدىرىدى. ئۇ ئەمدىكى ئۆمرىنى
كۆز ئالدىدىكى ئىشلەپ تاماملاش زۆرۈر بولغان تەتقىقات تېمىلى-
رىغا يەتمەيدىغاندەكلا ھېس قىلاتتى. ئۇ روھ ۋە تەندىن ئىبارەت
ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ قۇرۇلمىسىدا يات - غەيرىي سېزىم ھېس
قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق كۈنلەردە ئۇنىڭ يۈرىكى بەكمۇ
ئاجىز ئاستا سوقۇپ، يۈرەك رىتىمىنىڭ قېتىم سانى كۈندىن -
كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقاندەك، بەدەنلىرىدىن چىقىۋاتقان سوغۇق
تەرلەر، پۇت - قوللىرىنىڭ ئۇيۇشۇپ قېلىشلىرى، تۇرۇپلا
لەۋلىرىنىڭ كۆكىرىپ، سول كۆكسىنىڭ ئازابلىق سىرقىرىشى
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا باشقا بىر دۇنيانىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى نامايان
قىلغاندەك بولاتتى - دە، يەنە دەرھال ئۆز ئەكسىگە قايتاتتى.

ئەسپەر كۈندىن - كۈنگە ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئۆلۈم
ۋەھىمىسىنى سەزگەندەك ئىدى. كونىلارنىڭ «ئەۋلىيالار ئۆز
ئۆلۈمىنىڭ بېشارىتىنى ئالدىن بىلىدۇ» دېگەنلىرى بىكار گەپ
ئەمەس چېغى، ئەۋلىيا سۈپەت ئالىم ئەسپەرمۇ ئۆز ھاياتىنىڭ

ئانچە ئۇزۇن قالمىغانلىقىنى ئۆز جىسمىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن بىلىپ قالغانىدى. ئۇ ئالدىراپ ئۆز ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشقا باشلىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ جۆھەربۇۋىگە لالە ھەققىدىكى ئەنسىرەشلىرىنى دەيتتى.

بۇ قەدىناس ئەر - خوتۇنلارنىڭ قىزىنىڭ تويىدىن كېيىنكى كۈنلىرى ئەنە شۇ ئەسپەرنىڭ تەتقىقات تېمىسى، ئەنە شۇ لالەنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى ھەققىدە ئىدى...

تويىنىڭ كېيىنكى يىلى لالە ئىككى ئائىلە چوڭلىرىنى سۆيۈندۈرۈپ چىرايلىق ئوغۇلدىن بىرنى تۇغدى. ئەسپەرنىڭ كۆز ئالدىدا كەلگۈسى ئەۋلادىنىڭ ئۈمىد چىرىغى ياندى. كىچىككىنە زىلال بوۋاي - مومايلارغا شادلىق بېغىشلاپ تايتاڭلاپ ماڭدى. ھاياتنىڭ ئەمدىكى مۇساپىسىنى تايتاڭلاپ مېڭىشتىن باشلىغان ئۆز نەۋرىسىگە قارىغانسېرى ئەسپەرنىڭ جاراھەتلىك قەلبى بىئارام بولاتتى.

ھاياتنىڭ كۆپ قىسمى دىشۋارچىلىقتا ئۆتكەن ئەسپەر بىر كۈنى سەھەرلىكى ئوڭايلا، بەكمۇ ئوڭايلا پەقەت بىر قېتىملىق بىئارام بولۇشتىن كېيىن تىنىقتىن قالدى. ئېغىر يۈرەك كېسىلى ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدى. خەۋەرنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن لالە بىلەن رەخىم ئۆيگە كىرگەندە ئەسپەر يالغۇز كىشىلىك كرېسلودا ئارقىغا يۆلەنگىنىچە كۆزلىرى يېرىم ئوچۇق ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭ قويۇق قاش - كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى يېرىم ئوچۇق كۆزلىرى نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك، يىراق ئۇپۇققا تىكىلگەندەك بىر نۇقتىغا قادالغىنىچە قېتىپ قالغانىدى.

ئەسپەرنىڭ نامىزى شەھەردىكى ئەڭ چوڭ جامائەدە چۈشۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈم نامىزىغا شەھەرنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىن سانسىزلىغان ئادەملەر داخىل بولدى. شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىكى ھەر خىل كاسىپلار ئۆز دۇئالىرى بىلەن ئالىمنىڭ ئۇ ئالەملىكىنى تىلىدى. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كې-

سىپ ئۆتىدىغان چوڭ يولنىڭ شەرقىدىكى مەدىكار بازىرىدىكىلەر-
مۇ بۈگۈنكى نامازغا خالىس نىيەتلىرى بىلەن قاتناشتى. ئۇلار
ئۆز روزغارلىرىنىڭ كۈندىلىكىنى كۈندە تېپىپ يەيدىغانلىقىغا
قارىماي بۈگۈنكى كۈننى ئۆز ئالىمى ئۈچۈن ئاتىغانىدى. ئۇلار
ھېچقانداق ھەق - تەلەپسىز نىيەتلىرى بىلەن ئالىمنىڭ جىنازى-
سىنى ماشىنىلارغا سالدۇرماي، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ قول-
دىن - قولغا يۆتكىشىپ شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى دۆڭ-
لۈككە — ئاممىۋى زاراتگاھلىققا ئاچىقتى.

بۈگۈن شەھەر سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. باش باھارنىڭ بۇلۇت-
لۇق ئاسمىنى ئەسپەرنىڭ ھاياتىنىڭ خاتىمىسىنى ئۆزىنىڭ پاك
سۈيى بىلەن يازدى. يېغىۋاتقان سىم - سىم يامغۇر ھازىدارلارنىڭ
كۆز ياشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇلۇغ زېمىنغا سىڭىپ كەتتى.
بېھىساپ ئېچىنىش، ھەسرەتلىك ئەلەمگە تىنىپ كەتكەن كۆزلەر
بىر - بىرلىرىگە نادامەت ئىچىدە بېقىشماقتا ئىدى. تولغىنىپ
ئېقىۋاتقان ئانا دەريانىڭ يىراقتىكى كۆرۈنۈشى، كۈمۈشتەك يال-
تىراپ ئەسپەرنى تۇغقان بۇ مۇقەددەس زېمىننى سۆيۈپ - يالاپ،
شاۋقۇنلۇق دولقۇنلىرىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇلاپ
ئۇزاتماقتا ئىدى.

# يەتتىنچى باب

شۈنداق، لالە شۇ ياتقانچە بالىنىسىدا تويتوغرا تۆت ئاي
ياتتى. لالەنىڭ بالىنىسىدىن چىققان كۆنلىرى بۇ يۇرت گۈل ـ
چېچەكلەرگە چۆمكەلگەن ماي ئېيىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى ئى-
دى. بۇگۈن ھاۋا سۈزۈك بولۇپ، باھار ھاۋاسىدىن دىل
سۆيۈنەتتى.

ھويلىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەنلا جايدىكى بۇك ـ
باراقسان بىر تۈپ سىرىنگۈل شاخ ـ شېخىنى تولدۇرۇپ ھۇپپىدە
ئېچىلغان بولۇپ، گۈللەر ئارىسىدا ئۈچۈپ يۈرگەن گۈل ھەرىلە-
رىنىڭ غوڭۇلداشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھويلا ئىچى تىمتاس-
لىققا چۆمگەنىدى.

ئۆز ۋاقتىدا ئەسپەر ئەپەندىنىڭ قولى بىلەن سەرەمجانلاشتۇ-
رۇلغان بۇ ھويلىنىڭ بېغىدا مۇشۇ يۇرتنىڭ شېرىن ـ شەربەتلىك
مېۋىلىرىنىڭ ھەر خىل سورتلىرى تېپىلاتتى. ئۈزۈن كەتكەن
پېشايۋانغىچە سايە تاشلاپ تۇرغان ئۈزۈم بارىڭى بىلەن سىرىنگۈل
ئارىلىقىغا تارتىلغان چۆنەكتە ئېچىلغان رەڭمۇرەڭ گۈللەر، باغ
تېمىنى ياقىلىتىپ تىكىلگەن شاپتۇللار، جىنەستە، ئالۇچا، گى-
لاس قاتارلىق ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەر، ئەسپەر ئەپەندىنىڭ
كۆچەت ئۆستۈرۈپ تەربىيىلەشكە ھېرىسمەن ئادەم ئىكەنلىكىنى
نامايان قىلاتتى. دېمىسىمۇ شۈنداق، ئەسپەر ئەپەندىنىڭ سىياسى-
تى ئەمەلىيلىشىپ خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەندە، سېتىۋالغان بىر
مودىن كۆپرەك، تۆت تەرىپى پاكارغىنا سوقما تاملار بىلەن قور-
شالغان قورۇق، ئون نەچچە يىلدىن بېرى بۇك ـ باراقسان بېغى

ۋە چىرايلىق سەرەمجانلانغان قورۇسى مەنزىرىلىك ئارامگاھقا ئاي-
لانغانىدى. ئەسپەر ئەپەندى ھايات ۋاقتىدا خىزمەتتىن قايتىپ
كېلىپ ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا بىر پەس سالقىنداپ ھاردۇقىنى
چىقىراتتى، ئاندىن رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن گۈللۈك-
نى بىر ئايلىنىپ ھەربىر تۈپ گۈلنىڭ ئۆزگىرىشىنى، ئۇنىڭ
قانچىلىك غۇنچە تۇتقىنى، بۇگۈن قانچە غۇنچىسى پورەك بولۇپ
ئەتە تاڭ بىلەن قانچىسى ئېچىلغانلىقىنى كۆزىتىپ چىقاتتى،
ئاندىن ھەربىر تۈپ مېۋە كۆچەتلىرىنىڭ ھەر كۈنلۈك ئۆزگىرىشى-
لىرىنى سىنچى كۆزلىرىدىن ئۆتكۈزەتتى، بىھۇدە شاخلاپ كەتكەن
ھارام پۇتاقلارنى چاتايتتى، مېۋىسىنى كۆتۈرەلمەي يېرىلىپ
كېتىش ئېھتىمالى بولغان شاخلارنىڭ ئاستىغا تىرەك
قوياتتى.

بۇنداق كۈنلىرى جۆھەربۇۋىنىڭ:

— ئەپەندىم، ئەمدى بولدى قىلسىڭىزچۇ. چارچاپ كەتكەندە
بىر پىيالە قىزىق چاي ئوتلىۋېلىڭا، — دەپ مېھرىبانلىق بىلەن
كايىغان ئاۋازى باغ ئىچىگە سىڭىپ كېتەتتى.

بۇگۈن جۆھەربۇۋى ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا قويۇلغان ئورۇن-
دۇقتا ئولتۇرۇپ جىمجىت باغ ئىچىگە قاراپ چوڭقۇر خىيالغا
چۆمگەنىدى. ئۇنىڭ ئاچچىق - چۈچۈك ئارىلىشىپ كەتكەن شۇ
ئەسلىمىلىرى كۆز ئالدىدىن ئۆتمەكتە ئىدى. ئېھتىمال شۇ تاپتا
بۇ باغدىكى ھەربىر تۈپ مېۋە، ھەربىر گۈل ۋە ھەتتا ھەربىر
تۈپ گىياھ يېنىدا ئەسپەر ئەپەندىنىڭ سىيماسى نامايان بولۇپ،
جۆھەربۇۋىگە جىلۋە قىلىۋاتقاندۇر ۋە ياكى ئەسپەرنىڭ ئورا كو-
لاپ، جۆھەربۇۋىنىڭ كولىغان ئورەكچىلەرگە تىكىلىدىغان كۆ-
چەتلەرنى تۇتۇپ بەرگەن چاغدىكى يۇمۇرلۇق ئەسلىمىلەر بارغان-
سېرى ئىلىكى قۇرۇپ كېتىۋاتقان بۇ ناتىۋان ئايالغا روھ -
ماغدۇر بەخش ئېتىۋاتقاندۇر...

— موما، ھەي موما...

زىلالنىڭ ئىنچىكە ئاۋازى ھويلىدىكى جىمجىتلىقتا جان كىرگۈزدى.

— ھە نېمە، قوزام؟

— سېرىنگۈلدىن ئۈزۈپ بەر، مۇئەللىمگە ئالغاچ بارىمەن. ھەر كۈنى مەن ئاپارغان سېرىنگۈلنى مۇئەللىم ئۆزى دەرس سۆزلەيدىغان شىرەنىڭ ئۈستىدىكى لوڭقىغا چىلاپ قويىدۇ. مەن ئۇنىڭغا قاراپ بەكمۇ خۇش بولىمەن...

— ئوبىدان، ئوبىدان، قوزام، مانا، مانا ھازىر...

جۆھەربۇۋى بايىقى ئولتۇرغان جايىدىكى خىيال يىپلىرىنى ئۈزگىنىچە قانداقتۇر تەمتىرەش ئىچىدىكى ئالدىراش قەدەملىرى بىلەن پەلەمپەيدىن چۈشۈپ سېرىنگۈل تەرەپكە يۈزلەنگەنىدى.

— زىلال، موماڭنى ئاۋارە قىلمىساڭچۇ!

— ئۇنداق دېمە، قىزىم، گۈلدەستىنى يەنىلا مېنىڭ ياساپ بەرگىنىم تۈزۈك. بۇنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بەرسەڭ سېرىنگۈلنىڭ نوتىلىرىنى يىرىۋېتىدۇ.

جۆھەربۇۋى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سېرىنگۈلدىن گۈلدەستە تەييارلىماقتا. ئۇ سېرىنگۈلنىڭ يۇمران شاخلىرىنى رەتلەپ ئىككىلىك كەڭلىكتىكى قىزىل لېنتا بىلەن چىڭ بوغۇپ زىلالنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. زىلال خۇشاللىقى ئىچىگە پاتمىغان ھالەتتە ئىككى تەرەپكە تاشلىنىپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. ھويلا ئىچى يەنە جىمجىتلىققا چۆمدى. لالە ئاپىسىغا قارىغانچە بايىقى جايىدا ئۈن - تىنسىز تۇرماقتا. بۈگۈن ئۇنىڭ كۆزىگە ئاپىسى بىردىنلا قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەندەك باشقىچىلا بىر ئادەمگە — ئىسمى - جىسمىغا لايىق موماي ئايلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. دېمىسىمۇ ئانا قىزى ئاغرىپ يىقىلغاندىن كېيىن يەتكۈدەك ئىچ ئاغرىقى تارتقانىدى. لالەنىڭ تويىدىن كېيىن قۇدىلار ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇقچىلىق، رەخمىنىڭ تۇيۇق-

سىزلا خىزمەتتىن توختاپ «سودىغا يۈزلىنىپ» «دېڭىزغا شۇڭغۇشى» ۋە راستتىنلا دېڭىزغا شۇڭغۇپ غەرق بولغان ئادەمدەك ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىشتى، ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا ئەسپەرنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر… كېيىن رەخىمدىن كەلگەن ئۈمىدسىز خەۋەر. «بۇرۇتلۇق» يېگىتنىڭ رەخىم توغرىسىدا ئېيتقان، كىشى چۈشەنگىلى بولمايدىغان تاققا - تۇققا گەپلىرى… ئەنە شۇ ئىشلاردىن كېيىن خۇددى ياغاچنى قۇرت يەپ كېتىۋاتقاندەك قانداقتۇر بىرنېمە ئانىنىڭ يۈرىكىنى غاجىلاپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ ئىشلار ئانا ئۈچۈن كۆتۈرۈۋالغۇسىز دەرد بولماقتا ئىدى. بۇنىسىنى لالە ئوبدان چۈشىنەتتى.

شۇنداق، تەقدىر - قىسمەت دېگەن شۇنداق رەھىمسىز. ئۆلۈم دېگەن تېخىمۇ رەھىمسىز ۋە قورقۇنچلۇق. ئۇ سېنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنى ۋاقتى يەتتى - يەتمىدى دېمەي، سېنىڭدىن تارتىۋالىدۇ.

مۇنداق ئويلىسا، ئەسلىدە ئۆلۈم ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەس، بەلكى ياخشى ئادىمىڭدىن، سادىق سەمىمىي ھەمراھىڭدىن، بىر ئۆمۈر نەپەسلىرى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ئىچ كۆيەرىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش ئەڭ قورقۇنچلۇق. بىز دەپ كېلىۋاتقان تەقدىرچىلىكىمىزنىڭ رەھىمسىزلىكى شۇ يەردىكى قانداقتۇر بىرلىرى سەن ياخشى كۆرگەن، سەن ئارزۇلىغان، سەن ئەتىۋارلىغان، سەن ئۈچۈن دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن قىممەتلىك بولغان نەرسىلىرىڭنى يەنە قانداقتۇر بىر يوللار بىلەن سېنىڭدىن تارتىۋالىدۇ - دە، سېنىڭ روھىي دۇنيايىڭنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. بۇ ھال سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭنىڭ نازۇك قاتلاملىرىغىچە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ سېنىڭ جىسمانىيىتىڭدە ساقايتىۋالغۇسىز جاراھەت پەيدا قىلىدۇ. بۇ جاراھەت ئۆز نۆۋىتىدە ساڭا تۇيدۇرماستىن ھايات مۇساپەڭنى قىسقارتىدۇ.

ئانىسىغا قاراپ تۇرغان لالەنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى. ئۇ بۈگۈن ئانىسىغا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويلىغانلىرىنى دېمەكچى ۋە ئاپىسىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە رەخىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا كەسكىن قارار چىقارماقچىدى. بىراق شۇ تاپتا ئۇ ئانىسىغا قارىغانسېرى، ئانىسىنىڭ ئەمدى ئۆزىنىڭ دەردلىرىگە شېرىك بولغۇچىلىكى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋەتتى.

— قىزىم!

— ھە، ئاپا!

— بىر يېرىڭ بىر قىسما بولۇۋاتمايدىغاندۇر...

— ياق، ئاپا، خېلى ياخشىغۇ...

— شۇنداقمۇ.

ئانىنىڭ كۆڭلىدىن ھىلالبۇۋىنىڭ دائىم دەپ يۈرىدىغان بۇلۇپمۇ لالەگە «ئۇھ» تارتماسلىق توغرۇلۇق تەكرار ـ تەكرار گەپلىرى كەچتى.

«توۋا، — دېدى ئانا ئۆز ئىچىدە، — ھىلالبۇۋىنىڭ دېگەنلىرى راست چىقىمۇ. ئەسپەر ئاشۇنداق تولا ئۇھ تارتاتتى. ئۇھ تارتە ـ تارتە راستتىنلا ھىلالبۇۋىنىڭ دېگىنىدەك يۈرىكىگە دەز كەتتى. ئەمدىلىكتە قىزىم...» ئەنسىز بىر خىيال ئانىنىڭ مېڭىسىدە «ۋال» قىلىپ يېشىل نۇر چاقناتقاندەك بولدى.

— قىزىم!

— ھە، ئاپا!

— بىرەر گېپىڭ بارمۇ، قىزىم، — ئانىنىڭ تۈيغۇن يۈرىكى لالەنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزگەندى، — مەن ھىلالبۇۋىگە دەپ قويدۇم. ئۇ خىزمەتتىن چۈشۈپلا يېنىڭغا كىرىدىغان بولدى. ئىككىڭلار ئوبدانراق مەسلىھەتلىشىڭلار. مېنىڭچە رەخىم بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ئۈچۈن چېگرا ئاتلاپ ئۇ تەرەپتە سەرسان بولۇپ يۈرۈشنىڭ ئورنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن بۇ

ئازابلىق سەپەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيسەن. ئەگەر ماقۇل كۆر-
سەڭ تەتىل مەزگىلىدە ھىلالبۇۋى زىلالنى ئېلىپ رەخىمنىڭ
زادى نېمە بولغانلىقىنى بىلىپ كەلسۇن. نېمىلا دېگەنبىلەن زىلال
رەخىمنىڭ بالىسى. ھەرقانداق يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش بولسى-
مۇ، زىلالنى كۆرۈپ ئۆز ۋىجدانسىزلىقلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم
سورامدىكىن دەيمىنا...

— ئاپا، — لالەنىڭ ئاۋازى تىترەپ قىرتاق بىرنېمە كېكىر-
دىكىنى قىرىپ ئۆتتى - دە، — ھىلالبۇۋى ئەقىللىق، غەيرەتلىك
قىز، ھەرقانداق ئەھۋالدا ماڭا باشپاناھ بولالايدۇ. مەن ھېلىقى
«بۇرۇتلۇق» يىگىت ئەكەلگەن رەخىمنىڭ بىر پارچە خېتىدىن
ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم. ئۇنى ئاز دېگەندەك بىزگە ۋىزا ئەۋە-
تىپ بېرىمەن دېگەن «بۇرۇتلۇق» يىگىتمۇ قۇدۇققا چۈشكەن
تاشتەك جىمىپلا كەتتى. شۇڭا بىزگە ئەمدى بىردىنبىر يول
ساياھەتچىلەر ئۆمىكىگە قاتنىشىپ ئۇ تەرەپكە بېرىشنى ئىلتىماس
قىلىش، كىشىلەر بۇ يولنى خېلى ئوڭاي دېيىشىدۇ.

— ياق، قىزىم، مەن سېنى كۆزۈمدىن بىردەممۇ نېرى
قىلمايمەن. سەن بۇ يىل ئاز ئىچ ئاغرىقى تارتمىدىڭ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە سالامەتلىكىڭ تېخى ئانچە ئەسلىگە كەلمىدى.

— سەنمۇ ئوخشاش ئىچ ئاغرىقى تارتتىڭ، ئاپا. ئەمدى
مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. بۇ ئىشلارنى تېزدىن بىر تەرەپ
قىلىپ ئازراق بولسىمۇ كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشسەك دەيمىنا.

— ئېيتقانلىرىڭ توغرا، قىزىم. بىراق... بىراق مەن
سېنىڭ بۇ سەپىرىڭدىن خاتىرجەم بولالمايمەن.

— جېنىم، ئاپا، ماقۇل دېگىن. ئەگەر بولمىغاندا ھاۋا يەڭ-
گۈشلەنسە ياخشى بولۇپ قالارمەن. سەن ماڭا ئىشەن، ئاپا. مەن
شۇنداق بىر ئىرادىگە كەلدىمكى، رەخىم ماڭا قانچىلىك ۋاپاسىز-
لىق قىلغان بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك ھېساب ئالماي
قويمايمەن. مەن ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك بىزار بولدۇم... ئاپا،
جېنىم ئاپا، مەن سېنىڭدىن يوشۇرۇپ ساڭا دېمىگەن نۇرغۇن

ئىشلار بار تېخى... رەخىم بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ئاللا بۇرۇنلا ئۆچكەن. تويدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىدىن نەپرەتلىنىشكە باشلىغانىدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئادا - جۇدا بولىدىغان ۋاقىت بەكمۇ ئۇزىراپ كەتتى... نېمىلا دېگەنبىلەن مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا، رەخىم قانداقتۇر بىر تۇيۇق يوللارغا كىرىپ قېلىپ، ئىككى - تۆت تەڭگە پۇلنى بىزگە ئەۋەتىپ يەنە قانداق ئالدامچىلىق قىلىۋاتىدۇ كىم بىلىدۇ... بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلگىنىم تۈزۈك.

— ھىلالبۇۋىمۇ ساڭا ئوخشاشلا مېنىڭ جان كۆيەر قىزىم. سەن بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەن دوستۇڭ، سېنىڭ ۋە مېنىڭ قەلبىمىزنى ئۇنىڭدەك چۈشىنىدىغان ئىككىنچى بىر ئادەم يوق. بىز ئىشەنچ بىلەن شۇ ھىلالبۇۋى بىلەن زىلالنى يولغا سالايلى.

— ياق، ئاپا، مۇشۇ بىر نۆۋەت مېنىڭ جاھىللىقىمنى كەچۈرگىن...

جۆھەربۇۋىنىڭ ئەمدى ئارتۇقچە ھەپىسلىسى قالمىدى. قىزىنىڭ ئەمدىلەتىن ئوڭشىلىپ قېلىۋاتقان چىرايىدا غەلىتە بىر تاتىرىش پەيدا بولغاندەك كۆرۈندى. قىزىنىڭ چىرايىدىكى بۇنداق تاتىرىپ، ئاندىن كۆكىرىپ قېلىشلارنى تولا كۆرۈپ يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتكەن ئانا، ئەمدى قىزىنىڭ رايىغا باقمىسا ئىشنىڭ چاتاق بولىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدى.

— ئۇنداق دەپ تۇرۇۋالساڭ مەيلى، قىزىم، ھىلالبۇۋى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە ئۇ نېمە دەيدۇ تېخى، مەسلىھەتلىشىپ كۆرەرمىز. مەن سەي - كۆكتات ئۈچۈن بازارغا چىقىپ كېلەي.

*　　*

قىزىنىڭ سۆزىدىكى كەسكىنلىكنى ئاڭلىغان جۆھەربۇۋىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئەنسىز ساراسىمىگە چۈشتى. ئۇ، «قانداق بولمى-

سۇن قىزىمنىڭ بۇ سەپەرگە چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك»
دەپ ئويلىدى ـ دە، كوچىغا چىقىپ سەي ـ كۆكتات سېتىۋېلىش
باھانىسى بىلەن ھويلىدىن چىقىۋېلىپ، ئۇدۇل ھىلالبۇۋىنىڭ
خىزمەت ئورنىغا كەلدى. ئۇ لالە بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي دېگەندىن تاش-
قىرى، ئۆزىنىڭ ئەنسىزلىكلىرىنى ئېيتىپ بارلىق غەم ـ قايغۇ-
سىنى، ئەنسىرەشلىرىنى ھىلالبۇۋىگە تۆكتى ۋە:

— ھىلالبۇۋى، سىزمۇ ئوخشاشلا مېنىڭ قىزىم. لالەنىڭ
بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر ئايرىلماس قېرىندىشىدىنمۇ چارە دوستى-
سىز. مېنىڭ كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر لالە ئۇ تەرەپكە
بارسا چوقۇم...

ئانا تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن «جېنىنى سىلىپ بېرىپ، ئۆز
جېنىغا ئۆزى زامىن بولارمىكىن...» دېگەن سۆزنى يۇتۇۋەتتى.

— مەنمۇ نەچچە رەت دېدىم، سېنىڭ بارغىنىڭدىن، زىلالنى
ئېلىپ مېنىڭ بارغىنىم تۈزۈك، ئاۋۋال ئەينى ئەھۋالنى بىر
كۆرۈپ كېلەي، ئاندىن قالغان ئىشنى كۆرمەمدۇق، دېدىم.
بىراق نېمە دەيدۇ دېمەمسىز، جۆھەر ھەدە، «ئۇ تەرەپكە بارغان
بىلەن سەن رەخىمنى مەندەك چۈشەنمەيسەن، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن
بىر كاززاپ، مەن ئۇنىڭ بۇرۇن ماڭا قىلغان كاززاپلىقلىرىنى
نومۇس قىلىپ سىلەرگە دېمىگەن. ئۇ ئەسلىدە بىر شەھۋەتپەرەس
نېمىكەن... بۇ يەردە قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى ئۇ يەردىمۇ قىلغان-
دۇر...» دەيدۇ. بولدى، جۆھەر ھەدە، لالەنىڭ گەپلىرىنى ھا-
زىرچە دېمەي تۇراي. ئۇنىڭدىن كۆرە بۈگۈن كەچ مەن يەنە بىر
قېتىم ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ باقاي. ئەگەر زادى ئۇنىماي
ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالسا، ئۇ ھالدا سىز بىلەن يەنە مەسلىھەت-
لىشىپ بىر ئىش قىلارمىز.

ئانا ھىلالبۇۋىنىڭ قېشىغا بەكمۇ زور ئۈمىد بىلەن كەلگەن
ھەم قىزىنى ھىلالبۇۋى ئارقىلىقلا بۇ سەپەردىن توسۇپ قېلىش

مۇمكىنچىلىكىنى ئۈمىد قىلغانىدى. بىراق ھىلالبۈۋىنىڭ بايىقى سۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۈمىد يىپلىرى ئۈزۈلدى. ئانا قىزىنى بۇ قېتىمقى سەپەردىن توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ تولىمۇ بىئارام بولدى. ھىلالبۈۋى كەچلىك تاماقتىن كېيىن پېشايۋاندا تاپشۇرۇۋېلىنغان قاقىۋاتقان زىلالىنىڭ يېنىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان جۆھەربۈۋىگە كۆز ئىشارىتى قىلىپ قويۇپلا لالەنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئىككى قەدىناس دوست خېلى ئۇزۇن «گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ» قىلىشتى. ھىلالبۈۋى لالەنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيرانۇھەس بولغىنىچە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇپلا قالدى.

— مەن بۇ گەپلەرنى مۇشۇ كۈنلەرگىچە ھېچكىمگە تىنمىدىم. ئىش ئۆز ئايىغى بىلەن بېسىققاندىن كېيىن بولدى قىلاي دېدىم. سەن ئويلاپ باق، ھىلال ئاداش، ئۇنىڭ تېخى باشقا بىر ئايالدىن نىكاھسىز تۇغۇلغان بىر ئوغلى بار ئىكەن. مەن بۇ دەرد ـ ئەلەملەرنى دادامغا، ئاپامغا قانداق ئېيتىمەن. ئەسلىدىلا بۇ تويغا تەستە رازىلىق بەرگەن دادام مېنى نېمىدەپ ئويلايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كۈنلەردە دادامنىڭ يۈرەك كېسىلى ئېغىرلاپ كەتكەچكە بۇنداق ئىشلارغا بەرداشلىق بېرەلەمتى؟ سەن ئاپامنى چۈشىنىسەن. ئاپامنىڭ مېنى قانچىلىك ئارزۇلايدىغىنىنى بىلىسەن. ئەگەر بۇ ئىشلارنى ئاپام ئاڭلىسا، مەن ئۈچۈن پۈچىلىنىپ قايسى ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ دادامنىڭ ئالدىدىكى خىجىللىقىنى نەگە قويىمەن... بۇ كۈنلارنىڭ كىمنىڭ ئەزىزلىرى كىملەرگە خار بولماپتۇ دېگىنىدەكلا ئىش بولدى. ئۈنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا رەخىم ماڭا تەلەپ قويغاندا ئۇنىڭ تەلىپىگە نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ جاۋاب بەرگىنىمنى ئەمدى بىلگەنسەن. ھېلىمۇ مېنىڭ ئېنىق ئېسىمدە، ئۇ كۈنلەر سەن ئەختەم بىلەن پۈتۈشۈپ بولغان كۈنلەر. مەن بولسام ئىككىمىزنىڭ ھېلىقى مەسلىھەتى بويىچە رەخىم بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ

ئارغامچىسىنى سۆرىتىپ قويغان كۆنلەر. كونىلارنىڭ «شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمايدۇ» دېگەن گەپلىرى راست ئىكەن، ئاداش. نەق شۇ كۈنلەردە بىر «سېغىزخان» رەخىمنىڭ ئۇنىۋېر- سىتېتنى پۈتتۈرۈپ كەتكەن ××× يۇرتلۇق ھېلىقى سەتەڭ بىلەن باردى - كەلدىسى بارلىقىنى قۇلىقىمغا تىنىپ قويدى...

— سەن ئۇ چاغدا بۇ ئىشلارنى ئەجەب ماڭا دېمىگەنىدىڭ، — ھىلالبۇۋى لالەنىڭ گېپىنى بۆلدى، — سېنىڭ مېنىڭ- دىنمۇ سىر تۇتقان ئىشلىرىڭ بارمىدى تېخى!

لالەگە ھىلالبۇۋىنىڭ يوغان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ كەت- كەندەك، قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ كۆتۈرۈلگەن ئىنچىكە قاشلىرى تال - تال بولۇپ تىكلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

— شۇنداق، بۇ ئىشلارنى سېنىڭدىن يوشۇرغانىدىم. شۇ چاغدا مېنىڭ ماقۇل جاۋابىمدىن كېيىن رەخىممۇ ئېسىنى يىغىپ ئۇنداق ئىشلاردىن قول ئۈزەر، ئوڭشىلىپ كېتەر دېگەن ئۈمىد بىلەن ئىچىمگە سالدىم. ئېھتىمال بۇ ئىشلارنى بىرەر كۆرەلل- مەسلەرنىڭ تاپقان گېپىدۇر دەپمۇ ئويلىدىم. چۈنكى بۇ كۈنلەردە رەخىم بولسا ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك دەرسلەرنى تىرىشىپ ئو- قۇپ، ئەتە - ئاخشاملىرى ھەممە پائالىيەتتە بىز بىلەن بىللە يۈرگەن كۈنلەر ئىدى. شۇڭا مەن ئۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ يۈرمىدىم. مەن شۇ چاغدا مەسىلىنى بەكمۇ ئاددىي چاغلاپتىمەن، بەكمۇ ئاددىي ئويلاپتىمەن. ئەسلىدە مەن شۇ چاغدىلا كۆڭلۈمگە چۈشكەن گۇماننى ئۇ كاززاپنىڭ يۈزىگە سالسام بوپتىكەن. ساڭا ئېيتمىغانلىقىمنىڭ يەنە بىر سەۋەبى: سېنىڭدىن ئەنسىرىدىم، سېنىڭ ئوغۇل بالىدەك مىجەزىڭدىن ئەنسىرىدىم، ئاچچىقىڭدا ئۇ «سە- تەڭ»نى ۋالاق - ۋۇلۇق بىرنېمە قىلىپ قويۇپ، مەكتەپ پۈتتۈ- رىدىغان چاغدا يوق يەردىن ئىش تېپىپ، بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ يۈرمەيلى، دەپ ئويلىدىم.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، مېنىڭ مىجەزىم شۇنچىۋالا ئىتتىك-
مىدى. ئۇ «سەتەڭ»نى ۋالاق - ۋۇلۇقلا بىرنېمە قىلىدىغاندا
ئىككىمىز نېرى - بېرىسىنى ئويلىشىپ ئىش قىلار بولغىيتتۇق.
ئاچچىقىدا شەيتاننىڭ پەيلىگە كىرىپ چاپىقىنى ئالىمەن دەپ كۆز-
نى قارىغۇ قىلىدىغان ئىش يوق، لالە...

ھىلالبۇۋىنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى. ئەگەر لالە كېسەل
بولمىغىنىدا ئىدى، بۇ ئىشلار ئۇچۇن لالەگە يەنە نېمىلەرنىدۇر
دەپ دوق قىلغۇسى بار ئىدى. ئۇ ئاچچىقىدا خېلىلا بىرنېمىلەرنى
دېمەكچى بولدىيۇ، لالەنى ئايىدى.

— دېدىمغۇ، جېنىم ھىلالبۇۋى، شۇ چاغدا مەن رەخمىگە
سەپسالسام ئۇ ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، شۇنداق بىر خىل
تەمكىن...

لالە بۇ ئىشلارنى ئەينى چاغدا ھىلالبۇۋىگە دېمىگىنى ئۇچۇن
بۈگۈنكى كۈندە راستتىنلا ھىلالبۇۋىنىڭ ئالدىدا خىجىلچىلىقتا
قالغانىدى.

— راستتىنلا كاززاپ ئىكەن ئىتنىڭ بالىسى...

— شۇنداق، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن كاززاپ بىرنېمىكەن. قالغان
ئىشلارنى مانا بۇ خەتتىن بىلىۋالغىن. بۇ خەت تويىمىز بولۇپ
نەق بىر ھەپتىدىن كېيىن قولۇمغا تەگكەن.

— نېمىدېگەن ئىچىڭ پىششىق نېمىسەن، لالە، بۇ خەتنىمۇ
ماڭا كۆرسەتمەي چىرىتىۋەتسەڭ بوپتىكەن.

— بولدى قىل، جېنىم ئاداش، بۇنچىۋالا ئاچچىقلاپ كەتمە.
ئالدىمىزدا ئاچچىقلايدىغان ئىشلارغا يەنە ئۇچرايدىغان ئوخشايمىز
تېخى...

لالە بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ، بىر تەرەپتىن يېزىق ئۈستە-
لىنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ چۆرىلىرى قىرچىلىپ كەتكەن سېرىق
قەغەز ئىچىدىن سارغىيىپ كەتكەن خەتنى ئېلىپ ھىلالبۇۋىگە
بەردى ۋە:

— خەت قولۇمغا تەگكەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا بۇ خەتنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى رەخىمگە بەردىم. ئەسلىي نۇسخىسىنى مانا مۇشۇ يەردە ساقلىدىم. بۇ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن رەخىم نېمە قىلدى دېمەمسەن. مىڭ يەردىن قەسەم ئىچىپ گۇنا-ھىنى تونۇدى. ئىشنى ئۆز ۋاقتىدىلا پۇل بىلەن ھەل قىلىپ بېسىقتۇرۇۋەتكىنىنى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئالاقە قىلمىغىنىنى، ئەمدى بۇ ئىشنىڭ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى... دەپ ئالدىمدا يۇكۇنۇپ ئولتۇر-غانچە تاڭ ئاتقۇچە بىر كېچە كاسىلدىدى. ھىلالبۇۋى، ئەمدى ساڭا دېسەم، مەن رەخىمگە ئاشۇ بىر ھەپتىلا خوتۇن بولدۇم، ئويلىغىنا، دوستۇم، قىز بالىغا بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەلەم ـ ھەس-رەت بولامدۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇق خورلۇق بولامدۇ. «سېنى ياخ-شى كۆرىمەن» دەپ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن كەينىڭدىن پاي-پاسلاپ، ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق مۇھەببەتلىرى ھەققىدە توختىماي، ئاغزى بېسىقمايدىغان ۋىتىلداقتا ئوخشاپ قالغان بۇ كىشى، ئەمە-لىيەتتە بولسا مەكتەپ ھاياتىدىلا ئاشنا ئويناشنى باشلىۋەتكەن بىر كاززاپ ئىكەن ئەمەسمۇ. شۇڭا مەن بۇ ئادەمگە قانداقمۇ ئىشە-نەي! مەن شۇ كۈندىن باشلاپ بىر ياستۇققا باش قويمىدىم. قالغان كۈنلەر ھەر ئىككىلىمىز ئۆز ئالدىمىزغا ئۆز تىزىمىزنى قۇچاقلاپ يېتىش بىلەن ئۆتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بويۇمدا بار-لىقى بىلىندى. شۇڭا پەرزەنت ئۇچۈن مۇشۇنچىۋالا قۇربان بې-رىشكە توغرا كەلدى. ئەمدى ئويلاپ باق، جېنىم ھىلالبۇۋى، ئەگەر شۇ كۈنلەردە نىكاھتىن ئاجراشقان بولسام، مۇشۇ تۇپەيلى ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگە كەتكەن بولسام، ئىشلار قانداق بولۇپ كېتەر ئىدى. بىر ئۆمۈر ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتقان كېسەلچان دادام نېمە بولۇپ كېتەر ئىدى. كۆڭلى يۇمشاق كۆڭۈلچەك ئاپام نېمە بولۇپ كېتەر ئىدى...

ھىلالبۇۋىنىڭ ئىچى ئاچچىققا تولدى. ئۇ ئاچچىقىنى چان-

دۇرماسلىقتا تىترىشقىنى بىلەن، ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرى، خەتنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى تىترەپ پۈتۈن ۋۇجۇدى گويا بېشىدىن بىر قاپاق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ تىترىگەن قوللىرى بىلەن خەتنى تۇتقىنىچە بايىقى تېڭىرقىغان ھالەتتە خۇددى قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك بىر نۇقتىغا قارىغانچە ئولتۇرۇپ قالغانىدى. ئارىنى ئېغىر سۈكۈت باستى. ھىلالىبۇۋى لېپاپىنىڭ سىرتىغا يېنىش - يېنىشلاپ بىرقانچە قېتىم قارىۋەتكەندىن كېيىن كىشىنى مۇدھىش ئويغا سالىدىغان بۇ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. لېپاپىنىڭ سىرتىغا ئادرېسى «غۇلجا شەھەر × × × بەشىنچى يان كوچا ئون بەشىنچى قورۇدىكى لالە خېنىمغا تېگىدۇ» دەپ رەخمىنىڭ قورۇسىنىڭ ئادرېسى ئېنىق يېزىلغانىدى. خەت ئۆزى چىرايلىق پوچېركا بىلەن يولسىز ئاق قەغەزگە دانە - دانە قىلىپ يېزىلغانىدى. خەتنى ئوقۇغانسېرى ھىلالىبۇۋىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، قۇلاقلىرى زىڭىلداپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقتىن يېرىلايلا دەپ قالغاندەك ئىدى. قىسقىغىنە يېزىلغان بۇ خەت ھىلالىبۇۋىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەنىدى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«ئەسسالام لالە خېنىم:

ياخشى تۇرۇۋاتىدىغانسىز؟ پۇلدار يىگىتكە تېگىپ توققۇزى تەل بولغان بەخت بۆشۈكىدە ئەلۋەتتە ياخشى تۇرىسىز - دە، ئاڭلىدىم، ھەممىنى ئاڭلىدىم. بەكمۇ ھەشەمەتلىك توي قىلىپسىلەر، لېكىن مەن تويۇڭلارنى مۇبارەكلەشتىن يىراقمەن، خېنىم. بىلىپ قويۇڭكى، دۇنيادىكى جىمىكى مەخلۇقات (ئەلۋەتتە، تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەمدىن ئىبارەت يۇقىرى دەرىجىلىك مەخلۇقاتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئۆز كۆشەندىسىگە ياخشىلىق تىلىمەيدۇ. بىلىپ قويۇڭكى، دۇنيادا نوقۇل پاكلىق بولمايدۇ. شۇڭلاشقا

سىز رەخىم بىلەن مەن بەختلىك بولدۇم دەپ ئويلىماڭ. سىزگە قالغىنى رەخىمنىڭ ئاللىبۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن بۇلغانغان تېنى. بۇ دۇنيادا بەخت ئىزدەپ يۈرۈپ ئېگىز ئاسماندىن چۈشۈپ كەتكەندەك بولۇپ يىقىلغان سىزدەك گۈزەللەر ناھايىتى كۆپ ئۆتكەن.

ئىقرارمەنكى: سىز تولىمۇ گۈزەل قىز ئىدىڭىز. مەنمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق چىرايلىق ئىدىم. بىراق گۈزەللىكنىڭ مەندە بولمىغان باشقا ئامىللىرى (بولۇپمۇ تېرىڭىزنىڭ شۇنچىلىك سۈزۈكلۈكى) نى سىزدە كۆرۈپ سىزگە ھەسەت قىلاتتىم. بەلكىم سىز بىلىسىز، مېنىڭ چىرايىممۇ ئۇنىۋېرستېت ھاياتىدا مەنمەن دەپ يۈرگەن خېلى ـ خېلى يىگىتلەرنى ۋەسۋەسىگە سالغان. شۇنداق بولغاچقا رەخىممۇ مېنىڭ ئارقامدىن بىر مەزگىل سوكۇلدىغان، مەن ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە (ئوچۇق يازمىساممۇ بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەرنىڭ قىزلاردىن نېمىنى تەلەپ قىلىدىغىنىنى سىز بىلىسىز) بىر ئەمەس بىرنەچچە قېتىم ماقۇل بولغان. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ پۇلى بار يىگىت ـ دە. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن شېرىن مىنۇتلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن... بىراق مەن رەخىمنىڭ سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بەكمۇ كېچىكىپ بىلدىم. قايىلمەن، سىز ھەقىقەتەن ئېچىڭىز پىششىق قىز ئىكەنسىز. مەن سىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىڭلاردىكى قىزغىنلىقنى كۆرۈپ قالغان كۈندىن باشلاپلا قانداقتۇر بىر ئوت يۈرەك ـ باغرىمنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. مەن سىلەرنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشۇڭلارغا قاراپ چىدىيالماي قالغانىدىم. مەن قورسىقىمدىكى تۆرەلمىنى باھانە قىلىپ رەخىمگە چىڭ چاپلاشقۇم كەلدى. لېكىن ئۇنداق قىلىپ ئىشنى يوغىنىتىۋەتسەم ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان چاغدا مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىناتتىم. ھەرقانچە قېلىن بولغىنىم

بىلەنمۇ مېنىڭمۇ ئاتا ـ ئانام بار ـ دە. ئۇلارنىڭ ئالدىغا نېمىدەپ بېرىشىم كېرەك. ئەلۋەتتە بۇنى ئويلىغۇچىلىكىم بار. بىر كۈنى تۇيۇقسىز بىر پۇرسەت تېپىپ سىزگە قەست قىلىش خىيالىغا كېلىپ قالدىم. شۇڭا بىرنەچچە قېتىم سىلەرنىڭ ياتاققا، ئۇيۇشتۇرغان سورۇنلارغا قىستۇرۇلۇپ كىردىم. ئەگەر سىزنىڭ يېنىڭىزدىن بىردەممۇ نېرى بول-مايدىغان ھېلىقى سادىق دوستىڭىز بولمىغىنىدا ئىدى (بىل-مەي قالماڭ، ھىلالبۇۋى دېگەن قارىمۇتۇقنى دېمەكچىمەن) كىچىككىنە ئاق پاراشوك سىزنى ھالاكەت يولىغا ئەكېتەلەيت-تى. بىلسىڭىز سىزنى شۇ قارىمۇتۇق دوستىڭىز قوغداپ قالدى. ئۇ خۇددى بىرنېمىنى سېزىپ قالغاندەك ھامان مېنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمگە نەزەر ئاغدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ ھامان سىز بىلەن بىللە ئىدى. ئەمدى ئويلىسام، مەن ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلغان چېغىم، چۈنكى مەن ئۇنىڭ پەيلى يامان ئەركەكزەدەك ئىكەنلىكىنى بىلىمەن ـ دە!

سىز چۈشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، مېنىڭ يۈرەك ـ باغرىمنى كۆيدۈرگەن ھېلىقى ئوت ماڭا پەقەت ئارام بەرمى-دى. ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى ئامال تاپتىم، قېلىنلىقىم ئەس-قاتتى. رەخىمنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۇنى ئىندەككە كەل-تۈردۈم. ھېلىقى ماڭا ئارام بەرمىگەن ئوتنى رەخىمگە تۇ-تاشتۇردۇم. كىشىلەرنىڭ ھەسەت ئوتى ھەر كويغا سالىدۇ دېگەنلىرى شۇ چېغى.

لالە خېنىم، كىشىلەر دائىم قىزلارنى ئاجىز دەيدۇ، لېكىن يىگىتلەر بەزىدە قىزلاردىنمۇ ئاجىز كېلىدۇ. رەخىم شۇ ئاجىزلىقى بىلەن مېنىڭ تۇزىقىمغا ئىلىنغانىدى... بولدىلا، خېتىمنى ئەمدى يەنە ئۇزارتىپ نېمە قىلاي. ئادەم ئىزا تارتمىسىلا دۇنيادا يول كەڭرى ئىكەن. راستىمنى دېسەم مەنمۇ بېرىپ يۇمشاق باش ئەردىن بىرنى تاپتىم.

شۇنىڭ بىلەن تىنچ تۇرمۇش، ياخشى خىزمەت شارائىتىدا كېتىپ باراتتىم…
لېكىن سىز بىلەن رەخمىنىڭ توي خەۋىرىنى ئاڭلاپ يەنىلا ئولتۇرالماي قالدىم. رەخىممۇ مېنىڭدىن بولغان بالىسىنىڭ ھەققى ئۈچۈن مېنى ئوبدان رازى قىلدى. سىزنىڭ رەخىم توغرۇلۇق بىلمەيدىغانلىرىڭىز بەك كۆپ. سىزگە دەپ قوياي، ئۇ ھەر قېتىم مال يۆتكەش ئۈچۈن بۇ شەھەرگە كەلگەندە مېنى يوقلاپ تۇردى. ئەر كىشىلەرنىڭ يوقلاپ تۇرۇشىنىڭ ئارقىسىدا نېمە بولىدىغانلىقىنى سىزدەك ئېپ-پەتلىك نومۇسچان قىز بەلكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. بىلىپ قېلىڭ، تېخى يېقىندىلا روسىيىنىڭ ئېسىل ماللىرىدىن پوسۇلكا ئەۋەتىپتۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن، مەن ئويلايمەن يەنىلا ئارىمىزدىكى بالا ئۈچۈن. بۇ خەتنى يېزىشتىكى مەقسەت پەقەت بىرلا: ئۇ بولسىمۇ ئۆزىڭىزنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىڭىز بىلەن رەخىمنى مېنىڭدىن تارتىۋالغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزگە ئۆمرىڭىزنىڭ ئاخىرىغىچە خاتىرجەملىك بەر-مەسلىك.
گۈزەل خېنىم لالە، رەخىمنىڭ مېنىڭدىن بولغان بىر ئوغلى بارلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ.
خېتىمنى ئاخىرلاشتۇراي، مەن سىزگە بەخت تىلىمەيمەن.

سىز بىلىدىغان شەھلادىن

2000 ـ يىل سېنتەبىر»

ھىلالبۇۋى خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇنى قاماللىغىنىچە:
— ھۇ، پاسكىنا جالاپ، رەخىمنىمۇ سېسىتىپ بولغانىكەن ـ دە بۇ قانجۇق…

ئاچچىقلانغىنىدىن ھىلالبۇۋىنىڭ يوغان كۆزلىرىگە قان تول-
دى، لەۋلىرى بايىقىدىن بەتتەر تىترەشكە باشلىدى. شۇ ئاچچىقىد-
دا ئۆزىنىڭ ئوغۇل باللاردەك مەردانە مىجەزى بىلەن شەھلا
دېگەن سەتەڭنى يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ
قورسىقىنى بوشاتقۇسى كەلدىيۇ، بىراق بۇ ئالدىدىكى كىچىككىنە
بىر ئىش بولسا يوپۇرماقتەك تىترەپ كېتىدىغان، تىترەش بىلەن
تەڭلا ھالسىزلىنىپ كېتىدىغان ئاجىزانە دوستىنى ئايىدى. ئۆزىد-
دىكى تاشقى كەيپىياتنى مىڭ تەستە پەسلەتكەن ھىلالبۇۋى ئاستا
بېرىپ لالەنى يېنىككىنە قۇچاقلىدى. بۇ ئۇنىڭ لالەنى ئۆمرىدە
تۇنجى قېتىم ھېچقانداق چاقچاق - سۈرەنسىز، سىلىق - سىپاي-
لىق بىلەن، ئىچ ئاغرىتىش بىلەن قۇچاقلىشىشى ئىدى. شۇ تاپتا
ئۇ لالەگە نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەيلا قالغانىدى. ھىلال-
بۇۋىنىڭ يۈرىكىمۇ خۇددى لالەنىڭ يۈرىكىگە ئوخشاشلا رەھىمسىز
بىر ئوتتا پۇچىلانماقتا ئىدى. ئۆزىنىڭ نەزىرىدە تولىمۇ بەختلىك
ھېسابلىنىدىغان لالەنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسىنىڭ رەھىم-
سىز قىستۇرمىسى ھىلالبۇۋىنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغانىدى.
«نېمە قىلىش كېرەك؟» ھىلالبۇۋىنىڭ مېڭىسىدە ۋاللىدە قىلىپ
چاقماق چاقنىغاندەك بولدى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ ئەمدىكى يولى
ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلانماقتا ئىدى. ئىككى دوست ئۆز ئۆزىدىن -
ئۆز ئۆزىنىڭچە سۈكۈت ئىچىدە قالدى. لالەنىڭ خۇددى كېيىك بالى-
سىنىڭكىدەك مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى قانداقتۇر ئۈمىد،
ئىشەنچ، ساداقەت ئىزدەپ ھىلالبۇۋىنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرمەكتە
ئىدى. بۇ دۇنيادا ئانىسىدىن بۆلەك ھېچقانداق تايانچىسى،
قوۋم - قېرىندىشى بولمىغان لالەنىڭ بۈگۈنكى كەيپىياتى مۆل-
چەرلىگۈسىز دەرىجىدە چۈشكۈن ئىدى. ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىنى
بۇ جاھاننىڭ ئەلەم، ھەسرەتلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلۇش كېرەك،
دەيدىغان مۇدھىش بىر ئوي كەزمەكتە.
«نېمە قىلىش كېرەك؟» لالەنىڭ مېڭىسىدىمۇ خۇددى

ھىلالبۇۋىنىڭ مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەندەك ۋاللىدە قىلىپ چاقماق چاققاندەك بولدى. «ياق، مەن غەيرەتلىك بولۇشۇم كېرەك. ئاپام ئۇچۇن، زىلال ئۇچۇن غەيرەتلىك بولۇشۇم كېرەك. بۇ ئىشلارغا ئەمدى يەنە سۇكۇت قىلىپ ئاپامدىن يوشۇرۇنچە ئىش تۇتۇشقا بولمايدۇ. مەن ئەسلىدىنلا بۇ ئىشلارنى ئاپامدىن يوشۇرماسلىقىم كېرەك ئىدى. نومۇسسىز ئادەملەرنىڭ نومۇسسىز ئىشلىرىغا مەن نېمانچە نومۇس قىلىمەن. ئېھتىمال رەھىم دەل مېنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىمدىن پايدىلانغان بولسا كېرەك... كىم نومۇسسىزلىق قىلغان بولسا شۇ شەرمەندە بولۇشى كېرەك... رەھىمنىڭ شەرمەندە-دىلىكلىرىنى يەنە نېمىشقا يوشۇرىمەن...» لالەنىڭ خىياللىرى خۇددى باراڭدىكى ئۆزۈمنىڭ نازۇك شۆگىلىرىدەك تەرەپ - تەرەپ-كە ئۇچ تارتماقتا ئىدى.

— لالە، مەن ئويلىنىپ بولدۇم، ئاداش، — ھىلالبۇۋىنىڭ نەپەس يوللىرى بوغۇلۇپ چىققان غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى ئۆي ئىچىدىكى جىمجىتلىققا جان بەردى، — كونىلارنىڭ سۆزى بويىچە ئىش قىلايلى. «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ.» بىز نېمىلا بولمىسۇن ھازىر ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. ئەمدى چېگىرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىمۇ تاسما يېگەن ئىتتەك يۇرگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ كاززاپنىڭ بارلىق شەرمەندىلىكلىرى ئۇستىدە ئۇزۇل - كېسىل ھېساب ئېلىش كېرەك. چۇنكى ئۇ ئەل - يۇرتتىن نومۇس قىلىپ بارلىق دەرد - ئەلەملىرىڭنى ئىچىڭگە يوشۇرغانلىقىڭدىن پايدىلانغان، سېنىڭ ئاشۇ ئىككى قېتىملىق يىقىلىشىڭنىڭ، يۇرەك ئاجىزلىق كېسىلىڭنىڭ كۇندىن - كۇنگە كۇچىيىپ كېتىشى، دەل ئەنە شۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىچ پۇشقى تارتىشتىن كېلىپ چىققان گەپ. ئادەم كەچكىچە غەم - قايغۇدا يۇرسە ئادەمنى ئىچىدىن تۇگەشتۇرۇۋېتىدۇ. ئادەمنىڭ يۇرىكىنى يەپ ئۇنى خورىتىۋېتىدۇ. ھەي... لالە، ھەي لالە دوستۇم! ئەڭ بولمىغاندا تويدىن كېيىن كەلگەن بۇ خەت ئۇستىدە ماڭا بىر

تىنىپ قويغان بولساڭ، رەخىم دېگەن بۇ ئىتنىڭ بالىسىنى چېگ-
رىنىڭ ئۇ تەرىپىگە قاچۇرۇۋەتمەيلا چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ...

— دېگىنىڭ توغرا، بىراق ئۇ چاغلاردا دادامنىڭ ئەھۋالىنى كۆپرەك ئويلىدىم. ئۇ چاغدا دادامنىڭ سالامەتلىكى كۈنسايىن ناچارلىشىپ كېتىۋاتقاچقا، مۇنداق كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئاۋارىچىلىكلەرنى دادام كۆتۈرەلمەيتتى. بۇنى سەن مېنىڭدىن ئوبدان چۈشىنىسەن.

— ئەمدىچۇ؟

ھىلالبۇۋى لالەنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— ئەمدى بولدى، مېنىڭمۇ تاقىتىم چېكىگە يەتتى. بۇ ئىشلاردىن، قايغۇ - ئەلەمدىن بالدۇرراق ئازاد بولۇشنى ئويلاپ قالدىم. ھازىر ئالدىمدىكى بىردىنبىر يول بۇ ئىشلارنى ئاپامغا چۈشەندۈرۈش. چۈشەندۈرگەندىمۇ دادامنى ئاياپ مۇشۇ كۈنگىچە بۇ دەرد - ئەلەملەرنى كۈنلۈك روزغارىم بىلەن ئىچىمگە يۇتۇپ، ھېچكىمگە تىنمىغانلىقىمنى ئوبدان چۈشەندۈرۈشۈم لازىم. مېنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى...

لالە ھىلالبۇۋىنىڭ باغرىغا تاشلاندى، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەتمەكتە ئىدى.

— توغرىسى شۇ، ھەسرەت بىلەن كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىپ بارغىنىڭنى جۆھەر ھەدەمنىڭ تېگى - تەكتى بىلەن چۈشەنگىنى ياخشى. ئەمدى بىز تېپىشماق ئوينىمايلى، ئاداش، جۆھەر ھەدەمنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— شۇنداق، سەن چوقۇم مېنىڭ زىلالنى بىللە ئېلىپ چېگرا ئاتلاپ رەخىمنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشىمغا ئاپامنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالىسەن.

— مېنىڭچە، جۆھەر ھەدەم ماقۇل بولىدۇ. مەن ساڭا ھەمراھ بولۇپ چىقسام بەلكىم خاتىرجەم بولۇپ قالار، ئۇنىڭ ئويلايدىغىنىمۇ سېنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكىڭغۇ!

— ئىلاھىم، ئاپام ماقۇل دېگەي، ئەگەر شۇنداق بولسا، بىز يازلىق تەتىلنى مۆلچەرلەپ خەلقئارالىق ساياھەت شىركىتىگە تىزىملىتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلايلى.

ئىككى دوست خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە پاراڭلاشتى، پاراڭلاشقاندىمۇ بىر - بىرىدىن كۆڭۈللىرى سۇ ئىچكۈدەك پاراڭلاشتى. چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدە رەخىمنىڭ قىلىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلىرى ئۈستىدە قىياس قىلىشتى. ئەگەر ئۇ تەرەپتىمۇ يەنە كاززاپلىق قىلىپ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ شەھۋەتپەرەسلىك قىلغان بولسا، ئۇ ھالدا قانۇن يولى بىلەن مېڭىپ رەخىمگە رەھىم قىلماسلىق، قىلچىمۇ يول قويماسلىق. ئۇ قانچىلىك رەھىمسىزلىك، يۈزسىزلىك قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا دەلمۇدەل تاقابىل تۇرۇپ، ھەرگىز يول قويماسلىق توغرىسىدىمۇ مەسلىھەتلىرىنى پىشۇردى. دوستلۇق دېگەن بۇ ئۇقۇم، ئەسلىدە ھايات يولىدىكى بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولىدىغان ساداقەتمەن كىشىلەرنىڭ ئۆمۈرلۈك سەمىمىيىتىنى چۈشەندۈرىدىغان ئادەتتىكى بىر ئۇقۇم ئىدى. بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنتىقە جەھەتتىكى تەبىرىمۇ شۇنچىلىك ئاددىي، بىراق كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى زامانغا لايىق ئۆزگىرىشلەر، بولۇپمۇ بۈگۈنكى دۇنيا تەرەققىياتىغا ماس ھالدا ئۆزگىرىۋاتقان ئىنسان پسىخىكىسىنىڭ مۇرەككەپ جەريانىغا بۇ ئۇقۇمنىڭ ھەجمى تارلىق قىلىپ قالدى. ئىككى كىشىنىڭ دوستلۇقىدىكى ئەسلىدىكى تولۇق ماس كېلىش تەلىپىنىڭ ئورنىغا، قىسمەن ماس كېلىش دەسسىدى. شۇنىڭ بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىگىمۇ زامانغا لايىق تەبىر بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئالايلى: كىشىلەر تۇرمۇشتا دوستلۇق ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قىلىشىدۇ. پېشۋالارنىڭ دوستلۇق، مۇھەببەت ھەققىدىكى ئېسىل سۆز دۇردانىلىرىنى بىر - بىرىنىڭ خاتىرە دەپتەرلىرىگە چىرايلىق يېزىقلىرى بىلەن قوندۇرۇشۇپ، بىر - بىرىگە بولغان كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىشقا، ساداقەتمەنلىكلىرىنى بىل-

دۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ئۆمۈر مەنزىرىلىرىنى بىرلىكتە داۋام قىلىش، بىر - بىرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچىدىغان مەڭگۈلۈك دوستلارنى ئىزدەشكە تىرىشىدۇ. لېكىن تۇرمۇشنىڭ يولى تولىمۇ مۇرەككەپ ۋە رەھىمسىز. ئۇنداق قەغەز يۈزىدىكى سىپايە سۆزلەر بىلەن تولغان خاتىرىلەر ئارقىلىق بىر - بىرىگە باغلانغان دوستلۇق رىشتىلىرى، كۆپىنچە ھاللاردا بوۋارن - چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. باشقا كۈن چۈشكەندە بەزى دوستلارنى ھەتتا كۆرگىلى بولمايدۇ. بەزىلەر ئۆز شەخسىي ئارزۇلىرىنى چىقىش قىلىپ ئىنسانىي تۇيغۇ بىلەن سۇغىرىلغان مۇقەددەس ئەھدىلەرنى ئاياغ ئاستى قىلىشىدۇ. يەنە بەزىلىرى ئۆز دوستىنىڭ ئۆزىگە بولغان دوستلۇق ئەقىدە - ئىشەنچىسىدىن پايدىلىنىپ يالغانچىلىق قىلىدۇ، ئالدامچىلىق قىلىدۇ، ئۆز دوستلىرىنى ھەسرەت - نادامەتتە قويىدۇ، ئاچچىق پۇشايمان ئىچىدە قالدۇرىدۇ.

بۇ دۇنيادا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تولىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ. ئۇ شۇنچىلىك مۇرەككەپكى، بۈگۈن توغرا دەپ قارىغانلىرىڭىزنىڭ ئەتە توغرا بولۇشى ناتايىن. بۈگۈن ياخشى دېگەنلىرىڭىزنىڭ ئەتە ياخشى بولۇشى ناتايىن. بۈگۈن ئىشەنچ قىلغانلىرىڭىزنىڭ ئەتە ئىشەنچلىك بولۇشى ناتايىن. مەيلى قانداقلا بولسۇن ھايات يولىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئىنچىكە - نازۇك قۇرۇلمىلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان شەكلەن ھادىسىلەر ھامان ئۆز ئوقىدا چۆرگىلەۋېرىدۇ.

ئەنە شۇنداق ئۆز ئوقىدا چۆرگىلەۋېرىدىغان بۇ قانۇنىيەت ئالدىدا كىشىگە مەيلى ئوچۇق، مەيلى مەۋھۇم ۋە مەيلى سىرلىق تۇيغۇ بېرىدىغان بىر يوللار بىلەن داۋاملىشىدىغان دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرى ھاياتنىڭ مۇشكۈل سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلىسە، كىشى يۈرىكى ئۇ خىل دوستلۇقتىن سۇ ئىچىپ روھىيەت دۇنياسى مانىدۇر تاپىدۇ. بۇ خىل دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ھەرقانداق بەدەل بېرىپ بولسىمۇ ئاسراش ۋە ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈش كېرەك.

لالە بىلەن ھىلالىبۇۋىنىڭ ئانا سۈتىنىڭ پۇرىقى تېخى ئاغزىدىن كەتمىگەن چاغلاردىلا باشلانغان دوستلۇقى — ئۇلارنىڭ ئوي - خىيالى، ئارزۇ - ئارمانلىرى، دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى قاتارلىق مەسىلىلەردىكى ئورتاقلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان دوستلۇق، ئاشۇ بىر خىل پەلسەپىۋى ئۇقۇملارنى تالاي - تالاي قېتىم ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ماھىيەتتە بىر جان، بىر تەنگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ قەدىناسلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئېتىقادىغا ئايلانغانىدى. شۇڭا بۇگۈنكى چىگىش مەسىلىدە ئۇلارنىڭ ئويلىغانلىرى ئوخشاش بىر نۇقتىدىن چىقتى. ئەمدىكى گەپ ئاندىنى قايىل قىلىشتا قالغانىدى.

# سەككىزىنچى باب

سارەنىڭ مەپتۇنكار خۇلقى ئاخىرى بىرىپ رەخمىنىڭ ئەقىل
ئاسمىنىغا تور يىيىپ بولدى. بىر ھەپتىدىن بۇيانقى بىرقانچە
قىتىملىق ئۇچرىشىش رەخمىنىڭ ياقا - يۇرتتىكى غىرىبانە چاڭ-
ڭاق قەلبىگە سۇ چاچرىتىپ ئۇنى پات - پات ئەندىكتۇرۇپ قويۇۋا-
تاتتى. دىمىسىمۇ بىر ئەر ئۇچۇن يۇرتىدىن، خوتۇن، بالا -
چاقىلىرىدىن، ئۇرۇق - تۇغقان، يىقىن - يورۇقلىرىدىن ئايرى-
لىپ يۇل تىپىش كويىدا ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ تەۋەككۇل قىلىش
ھەتتا بەزىدە دۇم يىتىپ، دۇم قوپۇپ ئەتىدىن كەچكىچە جاننى
ئالىقانغا ئىلىپ قويۇپ مال - دۇنيانىڭ كويىدا بولۇشتەك يىگانە
تۇرمۇش رەخمىنىڭ جىنىغا پاتقانىدى. گەرچە ئۇ پۇلنى خىلى
كۆپ تىپىۋاتقان بولسىمۇ، شۇ پۇل بىلەن تەڭ كۇندىن - كۇنگە
كۇچىيىۋاتقان ئەنسىزچىلىك رەخمىنىڭ تۇرمۇشىنى قىنىدىن چى-
قىشقا قىستىماقتا ئىدى. بولۇپمۇ ئالدىنقى ھەپتە باراخولكا بازى-
رىنىڭ ياقىسىدىكى توققۇزىنچى نومۇرلۇق بىنادا يۇز بەرگەن
بۇلاڭچىلىق ۋەقەسى بىر قىسىم چەت ئەللىك سودىگەرلەرنى،
بولۇپمۇ شىنجاڭلىق سودىگەرلەرنى بىرقانچە كۇن ئۆيلىرىگە مەھ-
كەم بىكىنىپ يىتىشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

كىچە قاراڭغۇلۇقىدا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان بىر-
دەملىك ئارىلىقتا رەخمىنىڭ قولىدىن بەش مىڭ ئامىرىكا دوللى-
رى چىقىپ كەتتى. بۇ دەل سوۋىت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ
ئىقتىسادىي جەھەتتىكى داۋالغۇش ئەۋجىگە كۆتۇرۇلۇپ، مۇستە-
قىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك

تىكلەش ئاۋارىچىلىكىگە دۈچ كېلىۋاتقان يىللار ئىدى. 1992 ـ
يىلىنىڭ ئاپرېل ئايلىرىدىن باشلاپ ئەزەلدىن خەلقئارا بازاردا ئامې-
رىكا دوللىرى بىلەن رىقابەتلىشىپ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كې-
لىۋاتقان رۇبلىنىڭ كۇرسى بىراقلا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ھەرقاي-
سى مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئىقتىسادىي ئاساسىغا تايىنىپ
ئۆزىنىڭ پۇل قىممىتىنى چىقىرالمىغانلىقىغا مۇقىمسىزلىققا قات-
تىق تەسىر كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىر
كۈن سودا قىلىپ قىممىتى قالمىغان بىر تاغار رۇبلىنى قۇچاقلاپ
قالاتتى ـ دە، بۇ پۇللارنى «دوللار» بازىرى دەپ ئاتالغان
بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ دوللارغا ئايلاندۇرغىچە
يەنە بىرمۇنچە مۇرەككەپ ۋە ئەنسىز جەرياننى بېشىدىن كەچۈرەت-
تى. بۇ ھال جەمئىيەتتە يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان قارا كۈچلەر-
نىڭ گۇرۇھ بولۇپ توپلىنىشىغا، پۇرسەت كۈتۈپ قاقتى ـ سوق-
تى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ھەتتا بۇلاڭچىلىق قىلىپ قاتىللىق
قىلىشلارغا شارائىت يارىتىپ بېرىۋاتاتتى. مۇستەقىل دۆلەتلەر
بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى
سىياسەتلىرىنى بەلگىلەپ، دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى
ئىشقا ئاشۇرغىچە بولغان بىر ۋاقىتقىچە بۇ ئىشلارغا چەك قويۇل-
مىدى.

*　　　　*

رەھىم بۈگۈن دۈكىنىنى ۋاقتىدا ئاچالماي قالدى. ئۇ ئەتى-
گەندىلا دوختۇرخانىغا باردى. كېچە زەرب بىلەن ئۇرۇلغان بىر
مۇشت ئۇنىڭ بۇرۇن كۆمۈچىنى ئېزىۋەتكەنىدى.
— بۇرنىڭىزنىڭ كۆمۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن
ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇڭ، بولمىسا بۇرنىڭىز ھەم پاناق، ھەم
قىڭغىر بولۇپ قالىدۇ — دېدى دوختۇر، — بۇنىڭ ئۈچۈن بالنىت-

سىدا يېتىش كېرەك. ياتمىسىڭىز بولمايدۇ، بۇرنىڭىزنى ئوپېراتسىيە قىلغاندىن كېيىن كۈندە دورا ئالماشتۇرۇش كېرەك. بۇ ھالدا بۇرنىڭىز كۆپۈشۈپ كېتىدۇ-دە، تالا-تۈزگە چىقىشمۇ بىئەپ بولىدۇ.

بۇ ئىككى يىلدىن بېرى رۇس تىلىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن رەخىم ئۆزىنى تەكشۈرۈۋاتقان پېشقەدەم رۇس دوختۇرنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق چۈشەندى.

— بولىدۇ دوختۇر.

— سىز خىتايدىن كەلگەنمۇ؟

— شۇنداق مەن جۇڭگو گىراژدانىمەن، سودىگەرمەن. بۇرنۇمنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنداق بولغانلىقىنى سىزگە كېيىن سۆزلەپ بېرىمەن.

— بولىدۇ، پەمىمچە «رىكىت»[1] لارغا ئۇچرىغان ئوخشايسىز-ھە! بىر دۆلەت مۇستەقىل بولۇپ ئۆز-ئۆزىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلغۇچە خېلى جەريان كېرەك. پۈتۈن ئىتتىپاق پارچىلانغاندىن كېيىن سىز ئۇچرىغان تەھدىتلەرگە بىزمۇ ئۇچراپ تۇرۇۋاتىمىزغۇ!

رەخىم ئۈندىمىدى، چۈنكى نىقابلانغان ھېلىقى كىشىلەرنىڭ ئۇرغۇسىز ئېيتىلغان «پىغ» دېگەن سۆزى ئۇنى ھېلىغىچە شۇركۈندۈرمەكتە ئىدى.

— بۇ جايدا قەيەردە تۇرىسىز؟ — دوختۇرنىڭ قەلىمى يېزىۋاتقان بالنىتسىدا يېتىش رەسمىيىتىنى تولدۇرۇشقا تېگىشلىك جەدۋەلنىڭ «ئادرېس» دېگەن كاتەكچىدە توختاپ قالدى.

— مەن، ئەمدى ئۇ يەرگە قايتىپ بارمايمەن. مەندە ئادرېس يوق.

— بولمايدۇ، ئىشقىلىپ، دوختۇرخانىمىز سىز بىلەن ئالا-

---

① رىكىت — بۇلاڭچى مەنىسىدە.

قىلىشىدىغانغا بىرەر ئورۇن بولمىسا بولمايدۇ.

— مۇنداق دەڭ، دوختۇر. مەن سىزگە ماڭا قوشنا دۇكاننىڭ ئادرېسىنى دەپ بېرەي. ئۇ دۇكاندا سارە ئىسىملىك بىر قىز تۇرىدۇ. قېنى يېزىڭ، باراخولكا بازىرى ئىككىنچى رەت ئوتتۇز توققۇزىنچى نومۇرلۇق دۇكان، قىرىقىنچى نومۇرلۇق دۇكان مېنىڭ. ئەھۋالىمدا بىرەر ئۆزگىرىش يۈز بەرسە، شۇ قىزغا تېلېفون قىلسىڭىز مېنىڭ «يۇرۇتلۇق»لىرىمغا خەۋەر قىلىدۇ. مانا تېلېفون نومۇرى…

— بولىدۇ، ئەمسە شۇنداق بولسۇن.

*　　　　*

قىرىقىنچى نومۇرلۇق دۇكاننىڭ ئېچىلمىغىنىغا بىر ھەپتىدىن ئاشتى. قوشنا دۇكاندىكى قىز سارە، رەخىمنىڭ تۇيۇقسىز يوقىلىپ كەتكىنىدىن ئەنسىرەپ قالدى. بۇ كۈنلەردە ئالمۇتادا تۇيۇقسىز ئادەم يوقىلىپ كېتىدىغان، يوشۇرۇن ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئىشلار پات - پات يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقاچقا رەخىم تۈپەيلى سارەنىڭ كۆڭلىگىمۇ ئەندىشە چۈشتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۆزىنى دائىم ئازادە ۋە پاكىز تۇتۇپ يۈرىدىغان كېلىشكەن يىگىت رەخىمنىڭ سارەدە قالدۇرغان تەسىراتلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىدى. رەخىمنىڭ تۇرمۇشتىكى مەردلىكى، خۇش چاقچاقلىقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆزئارا پاراڭ قىلىشقاندا كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن سارەنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىشلىرى، پات - پات يۇمۇرلۇق چاقچاقلىرى بىلەن سارەنى كۈلدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۈلگەن چاغدىكى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدىغان بوي - بەستىگە تويماي قاراشلىرى سارەنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆپ قېتىم ئۆزى چۈشىنىپ بولمايدىغان ساراسىمىگە سالغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ سارە بىر قېتىملىق كەچلىك تاماقنى بىللە يەپ قايتىش يولىدا ئەتەي رەخىمگە يېقىنلاپ

ئۇنى قولتۇقلاپ ماڭغانىدى. ئۇ شۇ كۈنى تۈيۈقسىزلا:

— رەخىم، سىزنى ئۆيلەنگەن دەيدىغۇ؟! بىر ئوغلىڭىزمۇ بارمىش تېخى، — دەپ سورىغانىدى.

— شۇنداق، ئايالىم ۋە بىر ئوغلۇم بار. ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ.

— مەن سىزنى تېخى ئۆيلەنمىگەن يىگىت چېغى دەپتىكەنمەن. شۇڭا سىزگە...

رەخىم سارەنىڭ ئاخىرقى سۆزىدىن بىرنېمىنى پەملىگەندەك بولدى ـ دە، دەرھال:

— ماڭا يېقىنلىشىپ خاتا قىلغاندەك تۇرامسىز؟ — دېدى.

— ياق، مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن. ئادەملەر بىر ـ بىرى بىلەن ياخشى ئۆتسە ئوبدان ئىشقۇ. دۇنيادا يالغۇز ئۆتۈشنىڭ ئۆزى بىر خىل مەنىسىزلىكقۇ. بىراق مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىسى باشقا گەپ.

سارە رەخىمنىڭ بىلەكلىرىگە يۇمران كۆكسىنى نىقتاپ تەگكۈزۈپ بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ ۋىلىقلاپ كۈلدى. يۇمران بۇدۇر چاچلار رەخىمنىڭ ئېڭەكلىرىنى غىدىقلاشقا باشلىدى. سارەنىڭ بويىدىن كېلىۋاتقان فرانسىيە ئەتىرىنىڭ خۇش پۇرىقى رەخىمنىڭ دىماغلىرىغا ئۇرۇلۇپ ئۇنىڭ تومۇرىدىكى قانلىرىنى دولقۇنلىتىپ مەستخۇش بىر ھالەتكە بۆلىمەكتە ئىدى. سارە بارغانسېرى رەخىمنىڭ بىلىكىنى يۇمران كۆكسىنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئېلىشقا تىرىشىۋاتقاندەك يول بويى رەخىمگە يېپىشىپ دېگۈدەك ماڭدى. ئۇ كۈنى سارە رەخىمنىڭ ئۆزىنى قۇچاقلاپ قويۇشىنى، لەۋلىرىگە بېسىپ ـ بېسىپ سۆيۈپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. چۈنكى شۇ تاپتا سارەنىڭ يات جىنسقا ئىنتىلىشتىن ئويغىنىۋاتقان ھېس ـ تۇيغۇلىرى بۈگۈنكى ئۇچرىشىش، بۈگۈنكى سۆھبەتلىشىش، بولۇپمۇ تەبىئەتنىڭ بۈگۈنكىدەك گۈزەللىككە تولغان ئاخشاملىرى بىلەن تەڭ ھاياجانلانغان قەلبىدە، ھاياتنىڭ

ئىنسان تەبىئىتىگە خاس تولىمۇ زىل ۋە نازۇك سەزگۈلىرىنى
جانلاندۇرۇۋەتكەندەك ئىدى. لېكىن سارەنىڭ ئۆيى بىلەن رېستو-
ران ئارىلىقىدىكى شۇ ئۇزۇن مۇساپە قايناق ھېسسىيات قايىنىمىدا
بىھوشلارچە ئۇزۇۋاتقان بىر قىز ئۈچۈن تولىمۇ قىسقا بىلىندى.
قويۇق ئورمانلار ئارىسىدىكى زەڭگەر سىرلانغان تۆمۈر دەرۋازا
چىراغ يورۇقىدا غۇۋا كۆرۈنمەكتە. ئىشىك ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا
كىمدۇر بىرى گۈڭگا كۆلەڭگىلەر ئارىسىدا تۆت ئەتراپقا قاراپ
ئولتۇرماقتا ئىدى. ئېھتىمال سارەنىڭ ئاپىسى قىزىنىڭ كەچ
قالغانلىقىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تالاغا چىقىۋالغان
بولسا كېرەك. سارە ئاپىسىنى قولتۇقلاپ قورۇغا كىرىپ كەتتى.
رەخىم، ھايات ئۆزىگە ئاتا قىلغان بۈگۈنكىدەك گۈزەل دەقى-
قىلەردىن كېيىن بىردىنلا يالغۇز قېلىپ خۇددى بوشلۇقتا يالغۇز
لەيلەپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدى. «تەبىئەت دۇن-
ياسىدا قۇشلارنىڭمۇ قايىتىدىغان ئىۇۋىسى بار ـ ھــە!» دەپ
ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى ۋە چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. ئۇ كۈنى
رەخىم تۈن بويى بىئارام بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ خىيال ئاسمىنىدا
سارە بىلەن تونۇشقاندىن بۇيانقى قىزغىن كەيپىياتلار بىلەن جانلان-
غان كۆرۈنۈشلەر خۇددى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆلىنىپ ئۆت-
مەكتە. سارەنىڭ شېرىن سۆزلىرى، تاتلىق قىلىقلىرى، سۆز
ئارىسىدا ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرى ئۇنى مەستخۇش قىلىۋەتكەنىدى.
سارە ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئەقلىنى ئۆزىگە رام قىلالىغۇدەك گۈ-
زەل ھەم نازاكەتلىك قىز ئىدى. ئۇ ئىقتىسادىي پەنلەر بويىچە
ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەت كۈتۈپ ئولتۇر-
مايلا ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش يولىنى تاللاپ بازارغا يۈزلى-
نىپ، دەسلىپىدە چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا كۆپ قېتىم قاتنىدى. ئۇنىڭ شۇ
قاتناشلىرى بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە ۋىلايىتىنىڭ ساپ يى-
پەكتىن توقۇلغان ھەر خىل رەڭدىكى ئەتلەسلىرى، ئەنجان،

مەرغىلان ۋىلايەتىنىڭ يىل - يىمىشلىرى، قىرغىزىستاننىڭ، قازاقىستاننىڭ ئالىي سورتلۇق يۇڭ توقۇلمىلىرىدىن ئىشلەنگەن كىيىم - كېچەكلىرى مەركىزي شەھەر ئۈرۈمچىدە قىممەت باھا بىلەن بازار تاپقانىدى. ئۇ ئۆز ئەقلىگە تايىنىپ، ئەجرىگە لايىق كۆپ پۇل تاپقانىدى. رەخىم ئالمۇتاغا قىلغان بىر قېتىملىق سەپىرىدە بۇ گۈزەل قىز بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن بېرى سارە، رەخىمگە مەيلى بازاردىكى سودا ئىشلىرىدا بولسۇن، مەيلى ئالمۇتانىڭ شەرت - شارائىتلىرىنى تونۇشتۇرۇشتا بولسۇن ئىنچىل قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئەڭ مۇھىمى ئوقۇشلۇقلارنى ئىزدەپ تېپىپ رەخىمنىڭ رۇس تىلىنى ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلغانىدى. بۇ كۈنلەردە رەخىم ئالمۇتاغا يۆتكەپ كەلگەن ماللىرىنى سارەنىڭ دۇكىنىنىڭ يان تەرىپىدىكى بوشلۇقتا يايما قىلىپ يېيىپ سېتىپ يۈرگەنىدى. بىر كۈنى سارە تۇيۇقسىزلا:

— رەخىم، سىز كەچلىكى ماللىرىڭىزنى بىزنىڭ دۇكانغا قويۇڭ. كۈندە ئەتىگەندە كۆتۈرۈپ كېلىپ يايمىڭىزنى يايىسىز... كەچتە يىغىشتۇرۇپ ياتىقىڭىزغا ئەكېتىسىز، نېمانچە ئاۋارىچىلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق قىلسىڭىز خاتىرجەم بولالمايسىز، شۇنداققۇ دەيمەن، — دېدى ۋە يەنە، — ئەگەر ماڭا ئىشەنسىڭىز بۈگۈندىن باشلاپ دۇكىنىمنىڭ بىر بۇرجىكىنى سىز ئۈچۈن بوشىتىپ ماللىرىڭىزنى قويۇشقا تەييارلاپ قويىمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— بولىدۇ، سارە، سىزگە نېمىشقا ئىشەنمەيمەن. بۇ سۆزىڭىز ماڭا مايدەك ياقىدۇ - دە! مۇشۇ تاپتا مېنى بەكمۇ خۇش قىلىۋەتتىڭىز جۇمۇ!

— بۇ قانچىلىك ئىشتى. بىرقانچە ۋاقىتتىن قارىسام سىز بەك قىينالدىڭىز. ئەتىدىن كەچكىچە ئۆرە تۇرۇپ، كەچتە يەنە بىر تاغار مالنى ئۆشنىڭىزگە ئارتىپ تۇرالغۇڭىزغا قايتىسىز،

ھەقىقەتەن مېنىڭ ئىچىم ئاغرىپ قالىدىكەن.

— سارە، بىز دەسلەپتە ئۇچراشقاندا، بىر قاراپلا كۆڭلىڭىزنىڭ يۇمشاقلىقىنى بىلگەنىدىم.

— مېنىڭ كۆڭلۇمغۇ ئانچە يۇمشاق ئەمەس ئىدى. سىزگە شۇنداق بىلىنگەن ئوخشايدۇ. كۆڭلى يۇمشاق ئادەم بازاردا سودا قىلالامدۇ. بازار دېگەندە مېلىڭىزنى ئالىدىغان خېرىدار سىزنىڭ چىرايىڭىزدىكى ئىللىق تەبەسسۇمدىن ئېرىيدۇ. ئۇ ئېرىۋاتقان شۇ پەيتتە سىز ئۆز كۆڭلىڭىزنىڭ چوتىنى سوقىسىز، بازار دېگەندە يۇرۇۋەرسىڭىز كۆڭۈل قاتتىقلىشىپ كېتىدۇ. ئەڭ يېقىن كىشىلىرىڭىزمۇ سىزدىن نەپ ئالالمايدىغان دەرىجىگە بېرىۋالىسىز. مانا بۇ بازار رىقابىتىدە ئۆزلۈكىدىن پىشىپ - يېتىلىدىغان پسىخىك ھالەت... ئىقتىسادشۇناسلىقتا بازار پسىخىكىسىمۇ ئايرىم بىر ئىلىم. ئۇنىۋېرسىتېتتا دەل مۇشۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئايرىم پەنلەر تەسىس قىلىنغان خەلقئارا سودىدا بولسا تېخىمۇ شۇنداق. ئۇ دىپلوماتىيە خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە جەھەتتە ئايرىم تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغاندا ئىقتىسادشۇناسلىق ئىلمىدىكى «ئىستېمالچىلار پسىخولوگىيىسى»، «باشقۇرۇش پسىخولوگىيىسى ۋە ئىستېمالچىلار ھەرىكەت ئىلمى» دېگەن پەنلەرنى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇغان. بۇ پەنلەردىكى ئىلمىي مەسىلىلەرنى بازارغا تەتبىقلىسىڭىز ئەلۋەتتە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىسىز... رەھىم، بازار سىز ۋە مەن ئۈچۈن تېخى ئوقۇلمىغان بىر كىتاب، بۇ كىتابنى بىللە مۇلاھىزە قىلساق بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىز تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق بولارمىكىن دەپ ئويلايمەن.

رەھىم ئېغىر ئۇھسىندى. ئۇنىڭ چېچىلىپ كەتكەن خىياللىرى ھەر تەرەپكە ئۈچ تارتماقتا ئىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇ ئىككى تەرىپىگە نۆۋەت بىلەن شۇنچە كۆپ ئۆرۈلدىكى، نېمىشقا شۇنداق بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشىنەلمەيۋاتاتتى. بۇ

نېمە ئىش ـ ھە! نېمىشقا سارە كۆز ئالدىمغىلا كېلىۋالىدۇ. مەن
ياكى ئۆيلەنمىگەن يىگىت بولمىسام، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان
ئادەممەن. ھەتتا بىر بالامۇ بار، گەرچە شەھلا دېگەن بۇ جالاپ-
نىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى بىلەن لالە ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا
بىر ئاز سوغۇقچىلىق بولغان بولسىمۇ، لېكىن بەربىر ئوڭشىلىپ
كېتىدۇ، نومۇسچان قىز... زىلال ئۇچۇن بولسىمۇ مېنى كەچۈرى-
دۇ. بىراق مۇنۇ سارە دېگەن شەيتان قىزنى نېمىشقا خىيالىمدىن
سىقىپ چىقىرالمايمەن...

رەخىم قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمىدى. ئۇ ئويغىنى-
شى بىلەن ئۆزىنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن بەكمۇ چاڭقاق
ھېسسىياتتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ خىل
ھېسسىياتنى بېسىش ئۇچۇن مامۇق ياستۇقنى پۇرلەپ مەيدىسىگە
باسقانچە خېلى ئۇزۇن بىئارام بولۇپ دۇم ياتتى. ياستۇقنى قۇ-
چاقلاش ھېچنېمىگە ئوخشىمىدى. رەخىمنىڭ ئىچكى دۇنياسى
بىردىنلا قۇرغاق چۆلگە ئوخشاپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ يۇگۇرۇپ
بېرىپ سارەنىڭ يۇمران كۆكسىنى مەيدىسىگە باسقۇسى كەلدى.
يۇرىكىنىڭ لالەنى سېغىنىشتىن پەيدا بولۇۋاتقان پىژىلداشلىرىغا،
ھىجران بالاسىدىن كېلىۋاتقان بىئاراملىقا ئارام بەرگۇسى كەل-
دى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىردەم لالەنىڭ قاشتېشىدەك سۇزۇك
سىيماسى، بىردەم سارەنىڭ خۇددى ئۇچقۇن چاچرىتىۋاتقان ھالەت-
تىكى ئوتلۇق كۆزلىرى، كېلىشكەن ھۆسن ـ جامالى، تەڭداش-
سىز خۇلقى، ناز ـ كەرەشمىلىرى ئالمىشىپ تۇردى، لالەنىڭ
خۇلقى ـ مىجەزىدە بىر خىل ئېغىر ـ بېسىقلىق بار ئىدى، ئۇنىڭ
جىلۋىلىك قاراشلىرىمۇ شۇنچە سىپايە. لالە كىچىكىدىن ياخشى
تەربىيىگە ئىگە بولغاچقا ئۇنىڭدا ھېسسىيات جەھەتتىكى يۇقىرى
ساپا يېتىلگەنىدى. شۇڭا بىر قارىماققا ئۇ جىمىغۇر قىز ئىدى.
سارە ئۇنىڭ ئەكسىچە ئوچۇق كۆڭۈل، ھېسسىياتچان، ئۆزد-
ىنىڭ جەلپكار خۇلقىنى ئاشكارىلاشقا تىرىشىدىغان مىجەزى بە-

لەن ئۇنى بىر كۆرگەن كىشىدە ئالاھىدە تەسىر قالدۇراتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ دائىم كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن تارقىغان نۇر ئۇنىڭ ئوماق چىرايىنى بەكمۇ سۆيۈملۈك قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن بۇرۇنلىرى ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ئالاھىدە لاتاپەت ئاتا قىلغانىدى.

بۇ خىل سېلىشتۇرۇشلار رەخىمنىڭ ۋۇجۇدىنى داۋالغۇتماقتا ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۆز ھېسسىياتلىرىغا مەلھەم بولغۇدەك مەنىۋى موھتاجلىق باش كۆتۈرمەكتە ئىدى. شۇڭا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە سارە رەخىمنى ئوت - چوغ ئىچىدە قويغاندەك ئىدى. چۈنكى ئۇ يەنە بىر جەھەتتىن سارەنىڭ دادىسىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى، دادىسىنىڭ سارەنىڭ سودا ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىكى ئىمكانىيەتلەرگە قولى يېتىدىغان ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغانىدى. سارە ھەر قېتىم بىرەر مەسىلىگە دۈچ كەلگەندە «دادام ئارقىلىق ھەل قىلدىم...»، «بۇ قېتىمقى مەبلەغنى دادام ھەل قىلىپ بەردى...» ياكى بولمىسا «دادام بۈگۈن سودا مىنىستىرلىكىدا بولدى...» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۆزى بىلىپ - بىلمەي دادىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدىن ئۇچۇر بېرەتتى. رەخىمنىڭ ئالدىدا ياش قىزلاردا بولىدىغان ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن يىگىتلەرگە تەلپۈنىدىغان ھېسسىياتنى ئاشكارىلاپ قوياتتى. ساددا قىزنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىنى كۆرگەنسېرى قىزلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا، ئۇلارنى بىر ئاماللاپ ئىندەككە كەلتۈرۈشتىكى ئالاھىدە ماھارەتنى ئۇنىۋېرسىتېتتىلا يېتىلدۈرگەن رەخىم، بار ئاماللار بىلەن سارەگە يېقىنلىشىشقا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بەل باغلىغانىدى. شۇڭا بۈگۈن ئۇ خىيال قىلغانسېرى سارەگە، سارەنىڭ پۇلىغا، سارەنىڭ ئىش پۈتتۈرۈش يوللىرىغا، دادىسىدەك ئارقا تىرەككە قىزىقتى. سارە رەخىمنىڭ كۆز ئوڭىدا گويا بايلىق پەرىشتىسىدەك جىلۋىلىنىشكە باشلىدى.

«ياق، مەن پۇل تېپىشىم كېرەك. مېنىڭ شۇنچە جاپا ـ مۇشەققەت تارتىشىمنى پۇل ئۈچۈنغۇ، تاغاردا مال كۆتۈرۈپ سودا قىلىشتىن چوڭ دۇكان ئېچىشقا ئېرىشتۈرگەنمۇ سارە. ئالمۇتانىڭ ھەر تەرەپلىمىلىك ئەھۋاللىرىنى چۈشەندۈرۈپ مېنى مۇشۇ كۈنگە يېتىشتۈرگەنمۇ سارە، مەن ئەمدى يەنە نېمىگە ئىككىلىنىمەن، قەتئىي نىيەتكە كېلىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ ئاخىر.

* *

رەخىمنىڭ بۇرۇن ئوپېراتسىيىسى ئوڭۇشلۇق بولدى. ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن قاڭشىرىنىڭ ئۆز ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن رەخىمگە دوختۇرلارنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئىش كۆرمەكتىن باشقا ئامال قالمىدى. سۇنغان كۆمۈچەكنى دات باسماس پولات قەلەيچىلەر ئىككى تەرەپنى قىسىپ كۆتۈرۈپ تۇرماقتا ئىدى. بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىگە دورىلانغان داكا بىلەن پاختا چىڭ تىقتاپ تىقىلغاچقا ئۇنىڭ بۇرۇن چاناقلىرى كېڭىيىپ، كۆپۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇ ھالدا سارەگە خەۋەر بېرىش بىئەپ ئىدى. «ئەڭ بولمىغاندا بۇرنۇم ئىچىدىكى مۇنۇ داكا بىلەن پاختىلارنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن خەۋەر قىلاي» دەپ ئويلىدى رەخىم. ئۇ سارەنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئۆزىدىن كۆڭۈلسىز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك تۇيغۇدا بولدى. تازىلىق ئۆيىدىكى چوڭ ئەينەككە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قارىغان رەخىم ئەنە شۇ يۇقىرىقىدەك ئوي بىلەن سارەگە تېلېفون بېرىشتىن يالتايدى ـ دە، ئۆزى ياتقان پالاتاغا قاراپ ماڭدى. «ئەگەر ئۆز يۇرتۇمدا ئاغرىپ قالغان بولسام ئەھۋالىمنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر...» رەخىم خىيالىنىڭ ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى تويدىن كېيىن «شەھلا» ئاتلىق شەيتان ئارىلىغان ئائىلىۋى مۇھەببەتكە، بولۇپمۇ لالەنىڭ مېھىر ـ ۋاپاسىغا ئىشەنچ قىلالمايتتى.

چۈنكى «شەھلا» مەسلىسى بىلەن تەڭلا لالە رەخىمگە قارىماي قويغانىدى. شۇڭا لالەنىڭ ئۆزىگە ئىللىق قۇچاق ئېچىشىنى تە-سەۋۋۇر قىلالمايتتى. لالە قانداقتۇر بىر ئىنسانىي تۇيغۇ تۇپەيلى ئىچ ئاغرىتىپ قېلىشى مۇمكىندۇر. بىراق لالەنىڭ مۇھەببەتسىز مۇنداق قۇرغاق ئىلتىپاتى رەخىمنىڭ ئاغرىق ئازابىغا مەلھەم بولالمايتتى. ئۇ ئاشۇنداق خىياللار بىلەن ئۇخلاپ قالدى. ئارد-دىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى سەزمىگەن هالدا يۇمشاق بىر قول ئۇنىڭ ماڭلىيىنى سىلىغاندەك قىلدى، مەڭزىگە تولىمۇ ئوتلۇق بىرنېمە تەگكەندەك بولدى ـ دە، كۆزىنى زورىغا ئاچتى.

— سارە.

— رەخىم، بۇ مەن. تىنچ يېتىڭ، قاراڭە سىزنى،— سارە مەڭزىنى رەخىمنىڭ مەڭزىگە ياققان هالدا يۇمشاق ئىسسىق ئالد-قىنى بىلەن رەخىمنىڭ پېشانىسىنى، بويۇنلىرىنى سىلىماقتا ئىدى.

— سىز مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟

— دوختۇردىن، دوختۇر ماڭا تېلېفون قىلىپ: «سىزنىڭ بىر يېقىن كىشىڭىز دوختۇرخانىمىزدا يېتىپ قالدى. ئەھۋالىغۇ ياخشى، بىراق بۇ بىچارە بىرقانچە كۈندىن بېرى بەكمۇ يالغۇزسى-راپ كەتتى بولغاي» دېدى.

— مۇنداق دەڭ.

— رەخىم، ئەجەبلا ئىكەنسىز، سىز دېمىگەن بىلەن مەن كۆڭلۈمدىكى گەپنى دەۋېرىمەن. مەن تۇرغان يەردە سىز مۇنداق يالغۇزچىلىق تارتىسىڭىز بولمايدۇ،— سارەنىڭ چىن كۆڭلىدىن ئىچ ئاغرىتىشلىرى ئۇنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. ئۇ مەڭزىنى يەنە رەخىمنىڭ مەڭزىگە يېقىپ ئۇنى يېنىككىنە، لېكىن رەخىمنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدىغان هالدا بىرنى سۆيۈپ قويدى. رەخىم سارەنىڭ قولىنى ئىككى ئالىقىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا ئۇزۇن - ئۇزۇنغىچە

سىلاشتۇردى.

سارە ئۇ كۈنى رەخىمنىڭ قېشىدا خېلى ئۇزۇنغىچە ئولتۇردى. ئەگەر دوختۇر پالاتاغا كىرىپ ئاغرىق يوقلاش ۋاقتى-نىڭ توشۇپ كەتكىنىنى بىرقانچە قېتىم ئەسكەرتمىگەندە ئىدى. سارە كەچ كىرگۈچە رەخىمگە ھەمراھ بولۇپ ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان بولاتتى.

— سارە، مەن بۇ يۇرتتا بەكمۇ يالغۇزلۇق تارتىپ كېتىمۋاتى-مەن - ھە! رەھمەت سىزگە.

— يالغۇزلۇق تارتىش ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى. خۇددى يال-غۇزلۇقنى تىلەۋاتقاندەك بىر ئىشنى قىلىپسىز ئۆزىڭىز. كىم سىزنى شۇنچە يالغۇزلۇق تارتسۇن دەپتۇ...، — سارەنىڭ كۆزلە-رىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، تاتلىق خۇلقى بىلەن ئېيتقان بۇ بىر جۈملە سۆزى رەخىمدەك مۇھەببەت بوستانلىرىنى جىق كەزگەن ئادەم ئۈچۈن يېتەرلىك بېشارەت ئىدى.

— سارە، ئەگەر بۇرنۇم كاشىلا قىلمىسا مېنى بىر سۆيۈپ قويۇڭە، — رەخىم ئىلتىجالىق بىلەن سارەنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلدى.

رەخىمنىڭ يۇمۇرلۇق سۆزىدىن سارە كۈلدى.

— سىز يەنىلا قىزىق گەپتىن قالمايسىز - دە. ئەگەر سىز خالىغان بولسىڭىز بۇرنىڭىز كاشىلا قىلمايدۇ. كۆپۈشۈپ تۇرغان بۇرنىڭىز شۇ كۆپۈشۈشۈڭىنچە بىر چەتتە قايرىلىپ تۇرۇۋېرىدۇ.

ئىككىلىسى تەڭلا كۈلدى. كۈلكە بىلەن تەڭ رەخىمنىڭ بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىدە پەيدا بولغان ئاغرىق مېڭىسىگە يېتىپ بارغاندەك بولدى. سارە رەخىمنىڭ پېشانىسىگە بېسىپ بىرنى سۆيۈپ قويدى. ئاڭغىچە رەخىم:

— يەنە، يەنە بىرنى سۆيۈڭە...

بۇ چاغدا سارە ئۆزىنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرىنى ئاۋايلاپقىنە

رەخىمنىڭ لەۋلىرىگە جۇپلەپ بولغانىدى. بۇ كېچە رەخىمنىڭ ۋۇجۇدى ۋىژژىدە قىلىپ ئېرىپ كەتكەندەك بولدى. سارەگە بولغان مۇھەببىتىدىن كۆتۈرۈلگەن سەۋدا رەخىمنىڭ قانلىرىنى داۋالغۇتماقتا ئىدى.

* *

— ياخشىمۇسىز، سارە، — دېدى خىڭىلدىغان بىر ئاۋازدا رەخىم.

— ئوھوي، بالىنتىسىدىن ئۆزىڭىزلا چىقتىڭىزمۇ؟

— شۇنداق ئۆزۈملا، مېنى بالىنتىسىدىن ئاچىقىدىغان بۇ جايدا كىم بار دەيسىز؟! — دېدى رەخىم مەيۈس قىياپەتتە.

— دەيمەنغۇ، سىز ئەنە شۇنداق… ئىچىڭىزدىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئادەم.

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ.

— ماڭا تېلېفون بەرگەن بولسىڭىز…

— سىز دۇكان ئېچىۋاتسىڭىز.

— بىر كۇنلۇك دۇكان ئاچمىغىنىمغا نېمە بولاتتى، قانداق قىلسام سىزگە بولغان كۆڭلۈمنى چۈشەندۈرەلەيمەنكىنتاڭ!

— خاپا بولماڭ، سارە، ئۇنىڭسىزمۇ بۇگۇن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا چوڭ ھاجەتلىك ئىش بىلەن تۇرۇۋاتىمەن.

— نېمە ھاجەت قېنى؟

— مەن بۇ ياقتىن كۆچۈپ كېتەيمىكىن دەيمەن. يېقىندىن بېرى بازار ئەتراپىدىكى تۇرالغۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئەنسىزچىلىك.

— مەنمۇ سىزگە بۇ جايدىن كۆچۈپ كېتىش مەسلىھەتىنى بەرمەكچىدىم. ئاقساي مىكرو رايونىدىن، بولمىسا ئەڭ ياخشىسى شەھەرنىڭ مەركىزي كوچىلىرىدىن، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا

يېقىنراق جايدىن سىزگە يارىغۇدەك بىر تۇرالغۇ ئىزدەپ تاپساق ياخشى ئىدى.

— بازارغا بەك يىراق بولۇپ كېتەرمىكىن.

— ئەلۋەتتە، ئالدى بىلەن قاتناش قۇلايلىقمۇ، يوق، شۇنى ئويلىشىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بىلەن مەن ئاپتوبۇستا قاتناپ يۈرمەي كىچىك ماشىنىدىن بىرنى ئالارمىز. قايسىمىز بالدۇر ماشىنا ئالساق يەنە بىر بىرىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىمىز. چاپسانراق ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىڭ. مەنغۇ ماشىنا ھەيدەشنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمدىلا ئۆگىنىپ پىراۋا ئېلىپ بولغان.

— ماڭا مۇمكىنمۇ؟ ماشىنا رەسمىيەتلىرى ئۈچۈن ئالدى بىلەن «قېنى پاسپورتۇڭنى چىقار» دەيدۇ ھەرقاچان؟!

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق بىزدە مۇسۇلمانچىلىق ئاستا ـ ئاستا دېگەن گەپ بارغۇ، ئەگەر سىز مېنىڭ دېگەنلىرىمگە كۆنسە. ڭىزلا ئىشلارنى بىردىن ـ بىردىن ئوڭۇشلۇق پۈتتۈرىمىز.

— مەيلى، ئالدى بىلەن تۇرالغۇ تېپىش مەسىلىسىنى سىزگە تاپشۇردۇم.

— بۈگۈن دۇكان ئاچامسىز؟

— بىرقانچە كۈن ئاچالمايدىغان ئوخشايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىـ. گە بۈرنۇمنىڭ ئىچىدىكىلەرنى تېخى ئېلىۋەتمىدى. قاڭشارنى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان قەلەينى ئېلىۋەتمىگۈچە مېنىڭ بۇ خىڭىلـ. داشلىرىمۇ توگىمەيدىغان ئوخشايدۇ.

— مەن دوختۇر بىلەن سۆزلەشكەن، بۇرنىڭىزدىن چوڭ چاتاق چىقمايدۇ. سىز ئالدى بىلەن ياخشى دەم ئېلىڭ. پات يېقىندا بايىقى مەن دېگەن رايونلارنىڭ بىرىدىن سىزگە ياخشىراق تۇرالغۇ ئۆي تېپىلىپ قالار.

*　　　*

ئۇ ئىككىسى ئەنە شۇنداق مەسلىھەتتىن كېيىن ئۇزۇن ئۆت-
مەي ئالمۇتانىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدىن بىرى — گاگارىن كو-
چىسى يىگىرمىنچى بىنادىكى بىر يورۇش ئۆينى سارەنىڭ نامىدا
سېتىۋالدى.
سارە ھەقىقەتەن ئەقىللىق قىز ئىدى. سېتىۋالغان ئۆي،
ئۇنىڭ بىر قىز ساۋاقدىشىنىڭ ئالمۇتا ئوبلاستلىق پروكۇراتورا-
دىن پېنسىيىگە چىققان دادىسىنىڭ ئۆيىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئىدى.
سارە ئۆزىگە ئۆي سېتىۋېلىش ئىشىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئوقۇپ،
بىللە ئۆسكەن بىر دوستىغا مەسلىھەت سالغاندا، رەخىمنىڭ ئەمە-
لىي ئەھۋالىنى ھەتتا ئۆزىنىڭ كۆڭلىنىڭ بارغانسېرى رەخىمگە
باغلىنىپ قېلىۋاتقانلىرىغىچە ئېيتىپ بەرگەنىدى. سارە بۇ ئۆينى
سېتىۋېلىشتا ئىككى مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بىرى، رە-
خىمنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش. يەنە بىرى، رەخىم-
دىن ئىبارەت بۇ تەدبىرلىك، چېۋەر سودىگەرنى قولدىن چىقىرىپ
قويماسلىق ئىدى. ھەر ئىككى مەسىلە ئۈستىدە پېشقەدەم پروكۇ-
راتورنىڭ ئالاھىدە ئورنى، ئابرۇيى رەخىم بىلەن سارە ئۈچۈن
دەخلىسىز مۇداپىئە كۈنلۈكى بولالايتتى.
مانا بۇ بىرقانچە ئايدىن بېرى رەخىم بىلەن سارەنىڭ كۆڭلى-
رى خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ئۆتۈشكە باشلىدى. رەخىمنىڭ ئوپې-
راتسىيىدىن كېيىنكى ئەھۋالى بەك ياخشى بولۇپ، پۈتۈنلەي
ئەسلىگە كەلگەنىدى. ئىيۇن ئېيىنىڭ باشلىرىدا قاشلىرىنى كۆ-
تۈرۈشكە ئىشلەتكەن دات باسماس پولات قەلەيچىلەر ئېلىۋېتىلدى.
رەخىمنىڭ بۇرۇن چاناقلىرى، ئەسلىدىكى قىڭراقتەك چىرايلىق
ھەم ئېگىز قاشلىرى ھېچ ئېۋەنسىز ساقايغانىدى. سارەنىڭ رە-
خىمنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىشى رەخىمنىڭ تۇرمۇشىدا،
پىكىر - خىيالىدا، سودا ئىشلىرىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا

باشلىدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى رەخىمنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ يىلتىز تارتىپ سارەگە بولغان ئىشەنچ ۋە مايىللىقىنى ھەر جەھەتتىن ئىپادىلەشكە باشلىدى.

— رەخىم، ئەتە دۈشەنبە، بازار دەم ئالىدۇ. نېمە قىلاي دەيسىز ياكى ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ پۇل سانامسىز؟...

— نەدىكىنى، شۇ پۇل ساناشنىمۇ سىزگە ئۆتكۈزۈۋېتەيمىكىن دەيمەن.

— ياخشىغۇ.

قىز قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇ كۈلگەن چاغدا كۆزلىرى ئادەمنى مەست قىلغۇدەك دەرىجىدە شۇنچە جىلۋىلىك ئىدى. رەخىمنىڭ خىيال ئاسمىنى بىر نۇرلۇق قۇياش يورۇتۇۋەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى.

— راست دەيمەن، سارە. بىز ئىككىمىز دۇكاننى بىرلەشتۈرۈۋەتسەك. مەن بىر دۇكانغىلا باغلىنىپ قېلىشنى خالىمايمەن. ئىككى دۇكانغا سىز مەسئۇل بولۇڭ. بىز ئىككى مال ساتقۇچى ياللىۋالساق بولىدى. مەن يىراقنى يېقىن قىلىپ بېرەي. ھازىرقى پۇرسەت مۇھىم. سودىدا پۇرسەت دېمەك — پۇل دېمەك. بۇنى سىزدەك ئىقتىسادشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇغانلار تېخىمۇ چۈشىنىدۇ. مەن مەكچۈك① قىلسام، بۇ تەرەپتە تېرە - يۇڭ بەكمۇ ئەرزان. ھازىر روسىيە، ئۇكرائىنادا پولات - تۆمۈر دۇنيا بويىچە ئەڭ تۆۋەن باھادا... بۇ نەرسىلەر چېگرىدىن ئۆتسىلا... ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭە، بۇ جايدا بىر ئۆچكە تېرىسى ئاران ئون تەڭگە. چېگرىدىن ئۆتكەندە بىر تېرىگە ئىككى - ئۈچ يۈز گرام تىۋىت ئايرىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ تەرەپتە بىر كىلوگرام تىۋىت قانچە بىلەمسىز؟! بۇ تەرەپتىكى سېتىلىش باھاسى بىلەن ئۇ تەرەپتىكى سېتىلىش باھاسىدىكى پەرق زور. دېمەك، قولغا كې-

---

① مەكچۈك قىلسام — دەڭسەپ باقسام دېگەن مەنىدە (يەرلىك ئاتالغۇ).

لىدىغان پايدىمۇ كۆپ دېگەن گەپ. بىزگە مەبلەغ كېرەك، سارە. مەبلەغ بولسىلا بىز قەدەملىرىمىزنى ھەر تەرەپكە ئوخشۇشلۇق تاشلىيالايمىز. ھازىر دەل روسىيىدىن، ئۇكرائىنادىن پولات - تۆمۈر يۆتكەيدىغان ۋاقىت، بىز تەرەپتە غەربنى ئېچىش چاقىرىقى بىلەن غايەت زور قۇرۇلۇش مۇئاممىلىرى پىلانلانماقتا. بۇ بىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بازار… ھازىر بىزگە زۆرۈرى مەبلەغ.

رەخىم ئېھتىيات ۋە كۆزىتىش نەزىرى بىلەن سارەنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تەلمۈرگەندەك قىياپەتتە بولدى.

— سىزنىڭ دەۋاتقانلىرىڭىزغا ھەقىقەتەن جىق مەبلەغ كېرەك. قېنى دۇكاننى تاقاپ قالغان مەسلىھەتنى ئەتىكى دەم ئېلىشتا قىلىشايلى. ئەتە كۆكتۆپىگە چىقىپ دەم ئېلىپ كېلەيلى.

سارە بىلەن رەخىم دۇكاننى ئېتىپ يان كوچىدا توختىتىپ قويۇلغان قىزىل رەڭلىك ماشىنىغا ئاچقۇچ سالدى.

— مۇبارەك بولسۇن، سارە، يېڭىلىققۇ بۇ…

— مەن سىزگە نېمە دېگەن، ماشىنا ئالىمىز دېگەنغۇ. ئەتە سىزگە كۆكتۆپىنىڭ ئەگرى - توقاي يوللىرىدا، تار كوچىلىرىدا ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىتىمەن. ئۇ جايدىن بىر داچا ئۇقۇشۇۋاتىمەن، كۆرۈپ باقارسىز.

— ئۇ جايدىكى داچىلارنىڭ باھاسى بەك قىممەت دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟!

— قىممەت بولسا نېمە بوپتۇ. دادامدىن پۇل ئالىمەن.

— ئۇغۇ شۇنداق، چۈنكى داچىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى زامانىۋى، يەر كۆلىمى كەڭرى ھەتتا بەزى داچىلاردىن تاغ جىلغىلىرىغا ئۇدۇللا كىرىپ ئوۋ ئوۋلىغىلى بولىدۇ… ئوشۇق دۆلەت باشنى يارمايدۇ. ئېلىپ قويساق پۇل تۇتۇپ تۇرىدۇ…

— سىز نېمىدېگەن يۇرەكلىك قىز - ھە!

— مەن بىر تەۋەككۇلچى، ھوشيارلىق بىلەن قىلىنغان تەۋەككۇلچىلىك بەزىدە مۆلچەرلىگۈسىز ئامەت ئەكېلىدۇ. سىز-

نىڭ تېرە ـ يۈڭ، پولات ـ تۆمۈر ھەققىدىكى مەسلىھەتىڭىزنىڭ
جاۋابىىنى ئەتە بېرىمەن. بۈگۈن سىزنى ياتىقىڭىزغا ئاپىرىپ
قويۇپ ئۆيگە بالدۈرراق قايتاي. ئەتە ئەتىگەن سىزنى
ئەكېتىمەن.

*　　　*

بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق، قۇياش نۇرى كۆكتۆپىدىكى تېلېۋىزىيە
مۇنارىنىڭ بەلۋاغلىرىدا رەڭگارەڭ نۇر قايتۇرماقتا. كۆكتۆپىنىڭ
شىمال تەرىپىدىكى سالاسۇنلۇق گىرۋەككە كەلسىڭىز پۈتۈن ئال-
مۇتا شەھىرىنىڭ تولۇق مەنزىرىسى كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولى-
دۇ. ئەنە ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈنغا سوزۇلغان ئاباي كوچىسى، كوم-
سومولىسكايا كوچىسى، راسكولۋا كوچىسى... بۈك ئورمانلىقلار
ئارىسىدىكى بىنالار، ئاھالىلەرنىڭ يىراقتىن خۇددى گۈزەل سەن-
ئەت بۇيۇمىدەك كۆرۈنىدىغان چىرايلىق قىلىپ سېلىنغان تۈرالغۇ
ئۆيلىرى، يىراق ئۇپۇققا تۇتىشىپ كەتكەن جايلاردا پايانسىز ئېت-
تىزلار، چارۋا مەيدانلىرى... سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىسىڭىز
ئالاتاۋنىڭ قارلىق چوققىلىرى كۆزگە يېقىنلا يەردە تاشلىنىپ
تۇرۇپتۇ.

رەخىم بىلەن سارە چۈشلۈك تاماقنى كۆكتۆپىدىكى رېستو-
رانلارنىڭ بىرىدە يەپ، مىدىئو ساياھەت رايونىغا چىقماقچى بولۇپ
كۆكتۆپىدىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭدى. سارە تۆۋەنگە چۈشكىچە ما-
شىنىنى ئوقتەك تېز ھەيدىدى. ھەربىر بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدىكى
كەڭ ئايلانمىدا ماشىنا خۇددى بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ كېتىۋاتقان-
دەك بىلىنەتتى. رەخىمنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقاي دېدى. بى-
راق سارە شۇنچە ئەركىن، شۇنچە بەھۇزۇر ئىدى. ئۇ بىر بۇر-
جەكتىن ماشىنىنى تېز ئايلاندۇردى ـ دە، مىدىئو ساياھەت رايو-
نىغا قاراپ سوزۇلغان تىك يولغا توغرىلىدى. يول بارغانسېرى

تىك ئۆرلىمەكتە. يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى سايغا پاتماي ئېقىۋات-
قان تاغ سۈيىنىڭ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان
بۇژغۇنلارنىڭ قۇياش نۇرىدا ھەسەن - ھۈسەن پەيدا قىلىپ كۆزنى
چېقىشلىرى، كىشىگە دۇنيانىڭ جىمىكى تىلسىملىرى مۇشۇ تاغ-
لاردا، مۇشۇ تاغ سۇلىرىدىمىكىن دېگەن تۇيغۇ بېرەتتى.

— رەخىم، بىرەر ئەپلىك جاينى تېپىپ ئولتۇرساق قانداق
دەيسىز؟

— بىز يۇقىرى ئۆرلىمەكچىدۇققۇ.

— كۈن تېخى ئەتىگەن. مۇنۇ ساي ئىچىدىكى مەنزىرىلەردىن-
مۇ ھوزۇرلىنىڭ. ھەر يىلى ئىيۇن - ئىيۇل ئايلىرىدا بۇ جاي
شۇنداق قايناپ كېتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا قېنى ماشىنىنى چەتكە تارتىڭ. سىز دېگەن-
دەك بىزگە تۇشلۇق ئەپلىك جاي چىقىپ قالار...

— دالدىراق بولغىنى ياخشى. قاراڭغۇ ئاۋۇ سۇغا چۆمۈلۈۋات-
قان كىشىلەرگە...

— سۇغا چۆمۈلمەكچىمۇسىز؟!

— ھەئە، سىزمۇ چۆمۈلىسىز. سۇغا چۆمۈلمىسەك بايىقى
يېگەن - ئىچكەنلىرىمىزنى قانداق سىڭدۈرىمىز. تاغ سۈيىدە
مىنېرال ماددىلار كۆپ. سوغۇق بولغىنى بىلەن جانغا راھەت.
قاراڭغۇ ئاۋۇ قېرى بوۋاي - مومايلار جېنىدا باغرىنى سۇغا ياقماق-
تا. قورام تاشلار كەينىدىكى قىز - يىگىتلەرچۇ تېخى.

ئۇلار ماشىنىنى يولنىڭ چېتىگە توختاتتى. قارىغاندا سارە
بۇگۈن ئۆيدىن چىققاندىلا مۇشۇ جايدا سۇغا چۆمۈلۈشنى كۆڭلىگە
پۈككەن چېغى، قويۇق ئۆسكەن چاتقال، چىتەنلەرنى دالدا قىلىپ
تۇرۇپ بىردەمدىلا سۇغا چۆمۈلۈش كىيىمىنى كىيىپ چىقتى.
رەخىم كۆز ئالدىدىكى سارەنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ
يېرىم يالىڭاچ بوي - بەستىگە قارىغانچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قال-
دى. سۇ ئۆزۈش كىيىمىدىكى سارەنىڭ تولغان كۆكسى تېرىسىدە

چىڭقالغان بولۇپ، ھېلىلا لىپتىكتىن سىرتقا چىقىپ كېتىدىغاندەك ئىدى، يوغان ئاپئاق يوتىسى كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى. سارەنىڭ قالغان ئەزالىرىمۇ سۇ ئۈزۈش كىيىمىدە ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا قانداقتۇر بىر غايىبانە ھۇزۇر رەخىمنىڭ پۈتۈن جىسمىنى ئەسىر قىلىپ تەكشى تارقىماقتا ئىدى.

— قاراپ تۇرىسىزغۇ، قېنى كىيىملىرىڭىزنى...

— مەن سۇ ئۈزۈش كىيىمىنى ئالغاچ كەلمەپتىمەن.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئەنە باشقا ئەرلەرمۇ ئادەتتىكى تورتىسىك بىلەن چۆمۈلۈۋاتىدىغۇ؟!

— سارە، مەن بۈگۈنچە چۆمۈلمەيمىكىن.

— چۆمۈلىسىز، بولمىسا سۇغا ئىتتىرىۋېتىمەن...، — سارە ئېتىلىپ كېلىپ رەخىمنىڭ كەينىدىن چىڭ قۇچاقلىۋالدى ـ دە، رەخىمنى بىر ـ ئىككى قېتىم سۇ تەرەپكە دېۋىتىپ باقتى.

— بولدى، بولدى، مەن كىيىمىمنى سېلىۋالاي، مەن سۇغا چۆمۈلەي. بولدى قىلىڭ، سارە، باشقىلار ئالدىدا سەت بولىدۇ.

— نېمىدەپ يۈرىسىز، رەخىم. نېمىگە سەت بولىدىكەن. بىز ياكى بىرەر سەت ئىش قىلمىساق، — سارە تۇمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ چىرايلىق نازلاندى، — سۇ ئۈزۈش مەيدانلىرىدا كىم بىلەن كىمنىڭ كارى. ئىيۇلدا مەن سىزنى ئىسسىقكۆلگە ئاپىرىمەن. يېرىم ـ يالىڭاچ يۈرگەنلەرنى شۇ جايدا كۆرىسىز. سەت بولارمىش تېخى...

رەخىم بىلەن سارە قولىنى قولغا تۇتۇشۇپ قىرغاقتىن سۇغا چۈشتى. تۆۋەنگە قاراپ ھەيۋەت بىلەن شارقىراپ ئېقىۋاتقان سايىنىڭ سۈيى كىشى دىققەت قىلماي ئازراقلا بىخۇدلۇق قىلسا كۈچلۈك دولقۇنلار ئادەمنى ئۆرۈپ يىقىتىپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب قىلىۋېتىدىغاندەك ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۇ ئىككىسى بىر ـ

بىرىنىڭ قول ۋە بەللىرىنى تۇتقانچە يوغان بىر قورام تاشنىڭ دالدىسىدا چايقىلىپ تۇرغان كۆلچەككە چۈشتى. تاغ سۈيى شۇنچە سوغۇق بولغىنى بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ بەدىنىگە قىزىق هارارەت تارقىماقتا ئىدى. كۆلچەكنىڭ سۈيى چوڭقۇر ئىدى. سارە بۇ سۇدا خۇددى بېلىقلاردەك شۇڭغۇپ پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن رەخىمگە جىلۋىگار بىر خۇلقلارنى ئاتا قىلماقتا ئىدى. رەخىم سارەنىڭ بۈگۈنكى هالىتىگە هەيرانۇهەس بولغانچە باش - ئايىغى يوق خىياللارغا بېرىلمەكتە، بولۇپمۇ سارە سۇغا بىر باش چۆكتۈ-رۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆكسىدە توختاپ قالغان سۇ تام-چىلىرىدا ئەكس ئەتكەن قۇياش نۇرى سارەنىڭ چىرايىنى، كۆز-لىرىنى، چاچلىرىنى بەكمۇ نۇرانە قىلىپ كۆرسەتكەچكە، ئۆتكۈر قۇياش نۇرىدا سارەنىڭ پۈتۈن بەدىنى گويا نۇر تارقىتىۋاتقاندەك ئىدى. «نېمىدېگەن كېلىشكەن كەم - كۈتىسىز بەدەن شەكلى بۇ!» دېدى رەخىم ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ. شۇ تاپتا رەخىم خۇددى هوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك مەستخۇش هالەتتە بولۇپ سارەنىڭ سۇ ئىچىدىكى ئەركىن هەرىكەتلىرىگە قانداق قىلىپ ماسلىشىش ئۈستىدە تېڭىرقىماقتا. «قۇچاقلايمۇ...ياق، رەخىم، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال. ئۇ دېگەن تېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىز. سېنىڭ خوتۇنۇڭ، بالاڭ بار ئادەم.» ئۇلار خېلى بىر ۋاقىتلارغى-چە قۇياش تاغ چوققىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكىچە شۇنچە ئەركىن، شۇنچە ئازادە ئىرغىشىپ - چىرمىشىپ دېگۈدەك سۇ ئىچىدە ئوينىدى. رەخىم بۈگۈنكى چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتنىڭ سارەنىڭ قايسىدۇر بىر ئەزالىرىغا هاڭۋېقىپ قاراپ قېلىش، ئويناق كۆز-لىرىگە تەلمۈرۈش بىلەن ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇ پەقەت سارەنىڭ:

— بولدى، رەخىم، سۇدىن چىقايلى، يەنە كەچ قالساق يۇقىرى تەرەپتە مۈزلاپ قالىمىز.

— يۇقىرى ئۆرلەمدۇق؟

— ھەئە، بىز مىدىئوغا چىقىمىز دېمىگەنمۇ؟

— كەچ بولۇپ كەتتىغۇ!

— تېخى ئەتىگەن، مىدىئو كەچ بولغانسېرى گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. ئويۇن - تاماشىمۇ كەچ بولغاندا قىزىپ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بىرەر رېستوراننىڭ خاس خانىسىنى تېپىپ كېچىلىك مەنزىرىنى تاماشا قىلغاچ سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سودا ئىشلىرىڭىزنى شېرىكلىشىپ قىلساق دېگەنلىرىڭىز ئۈستىدە پاراڭلاشمامدۇق. قورقماڭ، بىز هاراق ئىچمىگەندىن كېيىن سىزنى ساق - سالامەت تۇرالغۇڭىزغا ئاپىرىپ قويىمەن. مېنىڭ كۆكتۆپىنىڭ ئەگرى - توقاي يوللىرىدا ماشىنىنى قانداق ھەيدىگىنىمنى كۆردىڭىزغۇ؟! ھە، كەچتىمۇ بۇ تاغدىن سىزنى ساق - سالامەت قايتۇرۇپ كېتىمەن. رەخىم، سىز ماڭا كېرەك! مەن ئۆزۈمنى بارغانسېرى سىزگە باغلىنىپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتىمەن.

— ئۇنداقتا ياخشىغۇ، ئۇدۇللا مېنىڭ تۇرالغۇمغا كېتەيلى. بۈگۈن كېچە ھەرقانداق مەسلىھەتكە يېتىمىز...

— تۇرالغۇڭىزغا ئالدىرىماي بارىمەن. بەلكىم كېيىنكى كۈنلەردە قونۇپمۇ قالارمەن... بۈگۈن شۇ كۈنلەر ئۈچۈن مەسلىھەت قىلىشىمىز، بىر پىكىرگە كېلىشىمىز كېرەك.

سارە خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ سودا ئىشلىرىدىكى ئۈچۈرغا ئەھمىيەت بېرىش، تەدبىرلىك، ھوشيارلىق جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن رەخىمگە ئۆزگىچە تەسىر بېرىپ كېلىۋاتاتتى. مىدىئودىكى قىزغىن كەيپىياتلاردىن كېيىنكى مەسلىھەتلىشىش رەخىمنىڭ كۆز ئۆڭىنى يورۇتۇۋەتكەندى. شۇڭا سۆھبەتنىڭ باشتىن - ئاخىرغىچە رەخىم سارەنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالىدى. بەزى جەھەتتىكى مەسىلىلەر، مەسىلەن، مەبلەغ يېتىشمىگەن ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالسا كرېدىت ئېلىش جەھەتتىكى سارەنىڭ تەشەببۇسكارلىقى رەخىمنى بەك

خۇش قىلىۋەتتى.

ئۇ كۈنى سارە باشتىن - ئاخىر ئۆزىنىڭ رەخىمگە بولغان
سەمىمىيىتىنى ئىپادىلەشكە تىرىشتى. رەخىم مەيلى سوغا چۆمۈ-
لۈش جەريانىدا بولسۇن، مەيلى مىدىئودىكى جىددىي كەيپىيات
ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت جەريانىدا بولسۇن، سارەنىڭ
قەلبىنىڭ ئۆزىگە تەلپۈنۈشىنى چۈشىنىپ يەتتى - دە، شېرىكلى-
شىپ بىر سودا شىركىتى قۇرۇش ئۈچۈن بىرلىككە كېلىپ
پۈتۈشتى. سارە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق كەسپىنى ئوقۇغانلى-
قىنى نەزەردە تۇتۇپ پىلان - لايىھە ئىشلەشكە مەسئۇل
بولدى.

شۇ كۈنى سارەدىن ئىبارەت بۇ قىزنىڭ جەلپكارلىقى، سۆز-
دىكى چېۋەرلىكى، پىكرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، پىشقان ئىقتىسادشۇ-
ناسلارغا خاس تەپەككۇر ئۇسۇلى رەخىمنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە رام
قىلىپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇ، سارە نېمە دېسە، دېگەنلىرىنىڭ
ھەممىسىگە قايىل بولۇپ ئۆز مايىللىقىنى بىلدۈرۈپ تۇردى. شۇ
كۈنى كېچە رەخىم تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدى. بىردە سارەگە
بولغان سۆيگۈ ئۇنىڭ قەلبىنى قامالاپ يۈرىكىنى ئۆزىمۇ چۈشە-
نىپ بولمايدىغان بىر خىل سەۋدالىق ئوتى بىئارام قىلسا، بىردە
ئۆزىنىڭ سودا يوللىرىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىشى ھەققىدىكى
تەسەۋۋۇرلىرى ئۇنى جىددىيلەشتۈرمەكتە ئىدى. ئۇ بەكمۇ ھايا-
جانلانغانىدى.

تاڭغا يېقىن رەخىمنىڭ كۆزى ئارانلا ئىلىنگەندەك بولدى.
شۇ ئارىدا ئۇ يەنە سارە بىلەن بىردەم چەكسىز كەتكەن دېڭىز
قىرغىقىدىكى قۇملۇقتا قوغلىشىپ، بىردەم دولقۇنلۇق دېڭىز
سۈيىدە غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ چۈش كۆردى.

«شۈكرى، دېگەنبىلەن چۈشلىرىم خېلى ئوڭ. كىشىلەر
چۈشىدە سۇ كۆرسە، بايلىق، ئامەتنىڭ بېشارىتى دەيدىكەن -
دە، — ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ، — سارەگە تولۇق ئىشەنسەم
بولغۇدەك. ئۇ مېنىڭ ھايات يولۇمنى يېڭى بىر بۇرۇلۇش باسقۇ-
چىغا ئەكىرىدىغان ئوخشايدۇ...»

*　　　*

سارە بىر ھەپتىگە قالماي ئۆزى ئىشلەپ چىققان لايىھىنى رەخىمگە كۆرسەتتى. رەخىم لايىھىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى، يىللىق كىرىم كۆرسەتكۈچلىرى كىشىنى خۇشال قىلارلىق دەرىجىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى. بىراق لايىھەدە ئوبوروت ئۈچۈن سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆرسەتكۈچى خېلىلا كۆپ ئىدى.

— مۇنچىۋالا مەبلەغنى قانداق جۇغلايسىز؟ مېنىڭدىكى ئىككى - تۆت تەڭگە پۇل كۆرسەتكۈچتىكى ساننىڭ ھېچ نەرسىسىگىمۇ دال بولالمىغۇدەك.

— رەخىم، سىز ئۆزىڭىزنى ئۇنداق كەمسىندۈرمەڭ. مەن سىزنىڭ سودا ئوبوروتلىرىڭىزغا قاراپ شىركەتكە ئون مىليون دوللار مەبلەغ سالالايدۇ دەپ پەرەز قىلدىم. لېكىن سىزگە يەنىلا ئېھتىيات قالدۇردۇم. ھازىر سىزدىن تەلەپ قىلىدىغان مەبلەغ بەش مىليون بولسىلا كۇپايە. مەن ئون بەش مىليون دوللار مەبلەغ سالىمەن. شىركەتكە ئادەم قوبۇل قىلىش يولى بىلەن يەنە ئون مىليون دوللارلىق پاي چېكى تارقىتىمىز... ئەگەر بىز ئامال بار كەم يېرىگە كىرىدىت ئېلىش يولى بىلەن، جەمئىي ئەللىك مىليون دوللار مەبلەغ توپلاپ، مۇشۇ يىلدىن كېچىكتۈرمەي ئىش باشلىۋالساق، ئالمۇتادىكى ئۈچ چوڭ بازار — باراخولكا، ئالتۇنئوردا، ياۋروپا بازىرىنى مونوپول قىلىپ يۆت تىرەپ تۇرالايمىز ھەم يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، پولات - تۆمۈر ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كونتروللۇقىمىزغا ئالالايمىز. رەخىم، سىز مېنىڭ ئويلىغانلىرىمنى چۈشىنىڭ ھەمدە ماڭا، مېنىڭ دېگەنلىرىمگە ئىشىنىڭ.

— سارە، مەن سىزنى چۈشىنىمەن، ئۆزۈمگە ئىشەنگەندەكلا سىزگىمۇ ئىشىنىمەن. بىراق بۇنىڭدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر،

رەسمىيەتلەرنى پۈتتۈرۈشكە مەن ئاجىزلىق قىلىمەن. مەن دېگەن چەت ئەل گىراژدانى. مەن بۇ دۆلەت تەۋەلىكىدە بولمىغاندىن كېيىن، قانۇنىي تەرتىپ بىلەن مېڭىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن. نۇرغۇن ئىشلاردا ماڭا بىئەپ. سىز بىلىسىز، مەن تاغاردا مال توشۇپ سودا قىلغان كۈنلەرگە بۇ يىل بەش يىل بوپتۇ. مۇشۇ ئارىدا بېشىمدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆتتى. بۈگۈنكى دېگەنلىرىمىز بويىچە ئويلىغاندا ماڭا يەنىلا كۆپ ئىشلار بىئەپ.

— سىز، بىئەپ دېگەن ئىشلارنى مەن ئەپلەشتۈرىمەن. مەن نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىشىپ قويدۇم. سىزنىڭ ئەنسىرەيدىغان تەرەپلىرىڭىزنىمۇ نەزەردە تۇتتۇم. مەن ھەممىسىنى توغرىلايمەن. قانۇنىي رەسمىيەتلەرنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىپ بېجىرىمەن.

— بۇ بەكمۇ چوڭ تەۋەككۈلچىلىك جۇمۇڭ!

— شۇنداق، بۇ چوڭ تەۋەككۈلچىلىك. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويايكى، پۇرسەت بىزنى تەۋەككۈل قىلىشقا قىستاۋاتىدۇ. ۋاقىت مۇھىم، ئەگەر يەنە كېچىكسەك پۇرسەت قولدىن كېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

— ماڭا ۋاقىت بېرىڭ. ئويلىنىشقا ۋاقىت بېرىڭ، سارە.

— بۇ مۇمكىن. قىلىۋاتقىنىمىز كىچىك ئىش ئەمەس. بەش كۈن ئويلىنىڭ، ئون كۈن ئويلىنىڭ، بۇ بولىدىغان گەپ، كېچەشلىك ئىش بۇزۇلماس، بىز ئوبدان ئويلىشىپ، ئوبدان كېڭەشەيلى.

— سارە، مەن بۇ ئىشلارنى ئويلانغىچە سىز ماڭا بىر ئىشقا جاۋاب بېرىڭ.

— نېمە ئىش؟

— بىز توي قىلايلى.

— قېنى بۇ ئارىلىقتا مەنمۇ ئويلىنىپ باقاي. رەخىم، سىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن. ئەگەر سىزنى ياخشى كۆرمىگەن بولسام

سىزگە ئىشەنچ قىلىپ مۇنچە چوڭ ئىشقا تەۋەككۇل قىلمىغان بولاتتىم. سىز بىلەن توي قىلىش مەسىلىسىنى مەنمۇ ئويلاشقان. ئەگەر سىز مېنىڭ ئەنسىرەشلىرىمنى توگىتەلىسىڭىز توي قىلىشقا ماقۇل دەيمەن. شەرتىم بەكمۇ ئاددىي. يۇرتىڭىزغا قايتىپ كەتمەيسىز. خوتۇن ـ باللىرىڭىزغا يېتەرلىك خىراجەت يەتكۇزۇپ بېرىشكە مانا مەن مەسئۇل، — سارە قاقاقلاپ كۇلدى، ئۇنىڭ كۇلكىسى رەخمىنىڭ جېنىنى سىرقىرىتىۋەتتى.

بۇگۇنكى سۆھبەت رەخمىنى پايانسىز ئوچۇقچىلىقتىكى يىراق ئۇپۇققا سوزۇلغان ئاچا يولغا تاشلىۋەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى. بۇ يول رەخمىگە خۇددى چۆچەكلەردە تەسۋىرلىگەن، يەنى بىرى، بارسا كېلەر، يەنە بىرى، بارسا كەلمەس يولدەك بىلىنىپ كەتتى.

* *

مانا هايت ـ هۇيت دېگۇچە سارە رەخمىگە چىرايلىق ئىككى ئوغۇل، بىر قىز تۇغۇپ بەردى. ئۇ بىرىنچى تۇغۇتتىن كېيىنلا بازاردىن چېكىنىپ چىققاندى. بارلىق ئىشلىرى رەخمىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن، هەرقايسى تۇرلەر بويىچە سېلىنغان مەبلەغ نەچچە هەسسە كۆپىيىپ شىركەتنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىمۇ ئۆز قابىلىيەتلىرىگە تايىنىپ ياراتقان نەتىجىلىرى بىلەن رەخمىنىڭ تايانچ كۇچلىرىگە ئايلانغانىدى. بۇ يىللار ئىچىدە هەقىقەتەنمۇ «پۇل پۇلنى تاپىدۇ» دېگەندەك ئىش بولدى. هەر يىللىق هېساباتتىكى نەچچە ئون مىليون پايدا رەخمىنىڭ قانات ـ قۇيرۇقىنى يېتىلدۇردى. تايانچ كۇچلىرىنىڭ قەدىمى يېڭى سىبىرىيىگە، روسىيىگە، ياۋروپاغا، كىچىك ئاسىياغىچە، ئافرىقىغىچە يېتىپ باردى. بۇ تايانچ كۇچلەر رەخمىدىن ئىبارەت بۇ مەركەزدىن قانچىكى يىراقلىسا، شۇنچە روناق تاپتى، چۇنكى ئۇلار بۇ ئۇزۇنغا

سوزۇلغان مۇساپىدە ۋاستە تاللىماي پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىكى سودىنىڭ ھەممىسىگە قول تىقتى. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىن-كى ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى، قانۇن ساۋاتلىرىنىڭ كەمچىللىكى ئۇلارنى پايدىكەش پاخقايغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. شۇڭا ئۇلار يۇ-قىرى پايدىنى كۆزلەپ ئەتكەس ماللارنى چېگرا ئاتلاپ يۆتكەشتىن-مۇ يانمىدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا رەخىمنىڭ ئىگىلىكى ئۇچۇن پىداكارانە روھ بولغاندىن تاشقىرى، ھەرقايسى تەرەپلەرگە سو-زۇلغان ئۇزۇن مۇساپىدىن ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىشنىمۇ ئۇن-تۇپ قالمىغانىدى. بۇ كۇنلەردە رەخىمنىڭ نەزىرىدە پۇل پۇلنى تېپىپ، پۇل يەنە ئىشەنچلىك ئادەملەرنى، ئىشەنچلىك يول تاپقان-دەك، بۇ يول ماڭغانسېرى راۋاجلىنىۋاتقاندەك ئىدى.

سارەنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باش غوجىدارلىق ئورنىدا ئىشلە-ۋاتقان ئەكرەم يېتىشكەن ئىقتىسادشۇناس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇچۇر ساھەسىدىكى بىلىمىگە تايىنىپ، ئۇچۇر ئىزدەپ دۇنيا ئىقتىساد ساھەسىنىڭ ھەرقانداق تورىغا بىمالال كىرەلەيتتى. ئەكرەمدىكى بۇ كەسپىي ئالاھىدىلىكلەر رەخىمنى خاتىرجەم قى-لىپ، ئۇنىڭ زېھنىنى، قولىنى سودا ئىشلىرىدىن بوشاتقانىدى. شۇڭا كېيىنكى يىللاردا سارەنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق بالىجانلىقى رەخىمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇشقا باشلىدى. رەخىمنىڭ نەزىرىدە سارە ھەممە سۆيگۈسىنى بالىلارغا ئاتا قىلىۋەتكەندەك، رەخىمگە ئېتىبارسىز قاراۋاتقاندەك ۋە ھەتتا بەزىدە رەخىم بىلەن بولغان مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدى. مۇنداق مۇھەببەتسىز تۇرمۇشتىن كېلىۋاتقان يوشۇرۇن ئازاب رەخىمنىڭ يۇرىكىنى خۇددى پىلە قۇرتىدەك يەپ ئۇنىڭغا بىر كۇنمۇ ئارام بەرمەي، ئۇنىڭ ئەسلىدىلا ھىجران بالاسىنىڭ ئېزىت-قۇسىغا گىرىپتار بولغان ھاۋايى - ھەۋىسىنى باشقىچە ھېس - تۇيغۇلار بىلەن ئويغىتىشقا باشلىدى. كۇندىن - كۇنگە ئۆرلەپ بېرىۋاتقان بۇ خىل ھەۋەس كۇچى ئۇنىڭ كۆڭلىنى، كۆز ئۆڭىدى-

نكى ئاجايىپ رەڭگارەڭ دۇنياغا مايىل قىلماقتا ئىدى.
رەخىمنىڭ كەيپىياتى كۈندىن - كۈنگە تۇراقسىزلىنىشقا باشلىدى. بۇ هال ئۇنىڭ ئەتراپىدا خۇددى تاپ ئىزدىگۈچى تازقا-رىلاردەك ئەگىپ نېرى كېتەلمەيدىغان رەخىمنىڭ «ئالاهىدە» خىزمەتكارلىرى — قوغدىغۇچىلىرىنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇ-تۇلالمىدى. رەخىمنىڭ كەيىپ - ساپا تۇرمۇشىدىكى هۇزۇر - هالاۋەت بۇ كىشىلەرنىڭمۇ نېسىۋىسىگە خاس يوچۇقلارنى قالدۇر-غانىدى. شۇڭا ئۇلار رەخىم ئۇچۇن هەرقانداق پەسكەش ۋاستى-لەردىن يىرگەنمەي خىزمەت قىلاتتى. بۇ بىر توپ پەسكەشلەرنىڭ هىيلە - مىكىرلىك قىلتاقلىرى، رەخىمنى مەستىخۇش قىلىپ ئۇنىڭ پۇت - قولىنى چۇشەپ قوياتتى. بۇ خىل بىلىپ - بىلمەي قىلتاققا دەسسەپ قېلىش ئاستا - ئاستا ئەۋج ئېلىپ ئەمدىلىكتە توسۇپ بولمايدىغان ئەسەبىي كۈچكە ئايلاندى. مۇشۇ كۈچنىڭ دەيدەيگە سېلىشى بىلەن رەخىم سارەدىن يوشۇرۇن هالدا چىمبۇلاق ساياهەت رايونىدىن كۆلىمى غايەت زور، هەر خىل ئەسلىهەلىرى تولۇق سەپلەنگەن داچا سېتىۋالدى. بولۇپمۇ چوڭ زالدىكى چىرايلىق لايىهەلەنگەن سۇ ئۇزۇش كۆلى قۇياش نۇرى ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش تېخنىكىسى بويىچە لايىهەلەنگەچ-كە، تۆت پەسىلگە يارىشا تېمپېراتۇرىنى ئاپتوماتىك كونترول قىلىپ تەڭشىگەچكە، بۇ كۆلگە بىر قېتىم چۆمۈلۈش جاننىڭ راهىتى ئىدى. بۇ خىل راهەتتىن ئايىغى ئۈزۈلمەي رەخىمگە هەمراھ بولغۇچى خېنىملارمۇ ئالمىشىپ تۇرغان هالدا بەهرىمەن بولاتتى.

رەخىم بولسا مۇشۇ جايدا كەيپى - ساپاغا بېرىلگەن هالدا ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشنىڭ هـۇزۇرىنى سۈرۈپ ئۆز يارد-سىغا مەلـهەم ئىزدەيتتى... ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ سارە بىلەن پۇتۇشۇش ئالدىدىكى هېلىقى خاسىيەتلىك چۇشىنى ئەسلەيتتى. دېمىسىمۇ ئۇ كۈنى كۆرگەن چۇشىدىكى چەكسىز دېڭىز سۈيى

پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئامەت بولۇپ كۆز ئۆڭىدا ئايان بولۇپ، ئېتىكىنى تولدۇرغانىدى.

*   *

شۇنداق، بۇ دۇنيا — رەزىللىك بىلەن ياخشىلىقنىڭ ئۇرۇقى تەڭ چېچىلغان دۇنيا. ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن ھاياتلىقتىن ئىبارەت قىسقىغىنە بۇ مۇساپە ئەگەر دىيانەت نۇرىدا نۇرلانمىسا، ئۇ ھالدا ئۇ چوقۇم قاراڭغۇ دىل چۆلىگە مەھكۇم قىلىنىدىغان ئىلاھىي قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئىنسانىيەت تارىخى ئۇزۇنغا سوزۇلغان تەپەككۇر جەريانى، ئىنسانىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى شەخسنىڭ تارىخىمۇ شۇ قىسقىغىنە ھاياتقا نىسبىي ھالدا بىرقەدەر ئۇزۇنغا سوزۇلغان تەپەككۇر جەريانى، بەزىلەر بۇ تەپەككۇر جەريانىنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىگىچە كۆز يەتكۈزەلەيدۇ، بەزىلەر بولسا كۆز يەتكۈزەلمەيدۇ. كۆز يەتكۈزەلمىگەنلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزلىقى شۇكى، ئۇلار تەتۈر تەپەككۇر شەكلىگە ئادەتلەنمىگەن. ئىنساپ ـ دىيانەت، ياخشىلىق... قا ئوخشاش تەپەككۇر شەكىللىرى پەقەت ئۆزىگە تەتۈر ئۇقۇملارغا نىسبەتلەشتۈرۈلگەندە تېخىمۇ ئېنىقلىق دەرىجىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. كىشىلەر بۆرىنى بەكمۇ ياۋۇز دەپ بىلىدۇ، ئەگەر تەتۈر تەپەككۇر شەكلى بولمىغىنىدا ئىدى، بۆرىنىڭ ئۆز ئۆۋىسىغا قايتىپ بالىسىنى مېھرىبانلىق بىلەن يالايدىغانلىقىنى، باغرىغا بېسىپ ياتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

رەخىمىنىڭ يېقىنىدىن بۇيانقى ۋاقىتلىرى ئاساسەن پۇل تېپىش كويىدا يۈرگەن بۇ ئون يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى جەمئىيەت ئائىلىنى جەم قىلغان بۈگۈنكى ئىنسانىيەت ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ ئۆكتىچى تەپەككۇرى — تەتۈر تەپەككۇر شەكلى بويىچە كۆپرەك ئويلىنىش بىلەن ئۆتتى. ئېنىق-

راق قىلىپ ئېيتساق، رەخىم شۇ كۈنلەردە «ئەگەر خىزمەتنى توختىتىپ دېڭىزغا سەكرىمىگەن بولسام قانداق بولاتتى... ئەگەر ئائىلەمنى ھاللىق تۇرمۇش سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈپلا سودىدىن قول ئۈزگەن بولسام قانداق بولاتتى... ئەگەر پۇل تاپقانسېرى پۇلدىن ئىبارەت بۇ ئېزىتقۇنىڭ كەينىگە كىرمىگەن بولسام قانداق بولاتتى... ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش يولىدىن ئۆزۈمنى توسۇپ، ۋەتىنىمدىن، خوتۇن - بالىلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمىگەن بولسام قانداق بولاتتى...» دېگەندەك تېگى يوق خىياللار ئىلكىدە ئازابلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قانداقتۇر بىر ئوت كۆيدۈرۈۋاتقاندەك ئىدى. بۇ ئوت ئۇلغايغانسېرى ئۇ ئۆزىدە ئىنسانىي ۋىجداندىن ئىبارەت بۇ تولدۇرۇۋالغۇسىز كەمتۈكلۈكنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇ كەمتۈكلۈكنى ئەمدىكى ئۆمرىدە ھەرقانداق قىلىپ تولدۇرۇپ بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. بۇ كەمتۈكلۈكنى تولدۇرىمەن دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ شەھۋانىي نەپسى بۇنىڭغا يول قويمايتتى. كىشىلەر ئەپيۇنگە، خىروئىنغا... ئوخشاش مەست قىلغۇچى نەرسىلەرگە خۇمار بولغاندەك رەخىم شەھۋەتپەرەسلىككە خۇمار ئىدى...

بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئۇنىڭ شىركىتىدىكى خىزمەتچىلەردىن بىرى، ئەمدىلا يىگىرمە بەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان قىز زەينەپ كىچىككىنە ئاق پاراشوكنىڭ كۈچى بىلەن رەخىمنىڭ نەپسى شەيتىنىنىڭ چالغان دېپىنىنىڭ ئۇدارىغا كەلتۈرۈپ «تولغىما» ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى...

رەخىم تۇيۇقسىز قۇچىقىنى بوشىتىپ زەينەپنى كارىۋاتتىن ئىتتىرىۋەتتى. بايىقى تەتۈر تەپەككۇر تۈپەيلى ئۇنىڭ مېڭىسىدە تۇيۇقسىز چاقماق چاقنىغاندەك بولدى - دە: «ئاھ خۇدا، بۇ ئالەم شۇنچە رەزىلمۇ، مەن رەزىلمۇ» دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

بۇ چاغدا تۇيۇقسىز نېمە ئىش يۈز بەرگىنىنى ئاڭقىرالمىغان زەينەپ خۇددى تاشلاندۇق بىر نەرسىدەك كارىۋاتنىڭ ئايىغىدىكى

گىلەم ئۈستىدە شۈمشەرىگىنىچە تۈگۈلۈپ قالغانىدى.

* *

رەخىم بۈگۈن ئورنىدىن بەكمۇ روھسىز، دەرمانسىز تۇردى. ئۇزۇن مۇددەت روھلاندۇرۇش دورىسىغا تايىنىشتىن كېلىپ چىققان زورۇقۇش ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندا دوختۇرغا كۆرۈنۈپ قان تەكشۈرتكەندە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان دورىگەرلىك ئىلمىدە ۋىرۇسى ئېنىقلانمىغان ھەم داۋاسى تېپىلمايۋاتقان بىر خىل پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك ئاقما كېسەل بىلەن يۇقۇملانغانلىقى مەلۇم بولغانىدى. ئۇ ئەمدى ھەرقانداق قىلىپمۇ بۇ كېسەلدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى، ھەرقانداق تۇۋا - ئىستىغبار ئوقۇغان بىلەنمۇ ۋەتەنگە قايتىش ئۈچۈن چېگرىدىن ئۆتۈش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. بۇ ھالدا ئۇنىڭ ئانچە ئۇزۇنغا قالماي كارانتىن قىلىنىپ ئۆز داچىسىغا قامىلىدىغانلىقى ئېنىق بولۇپ قالغانىدى. ئەمدىلىكتە پۇلغا تايىنىپ بۇ ئىشلارنىڭ يولىنى قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇدا بىرقانچە كۈن ئويلىنىشتىن كېيىن بەزى ئىشلارنى ئالدىراشچىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ بايىقى دەرمانسىز ھالىتى بىلەن قول تېلېفوننى ئېچىپ تىترەپ بىر - بىرىگە ماسلاشمايۋاتقان بارماقلىرى بىلەن تېلېفون نومۇرلىرىنى باستى.

— ئەكرەممۇ سەن؟

— شۇنداق، خوجايىن.

— مەن غۇلجىغا ئادەم ئەۋەتمەكچىمەن.

— نېمە ۋەجىدىن؟

— نېمە ۋەجىدىن ئىكەنلىكى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. ئۇيەر مېنىڭ يۇرتۇم. ئۇيەردە خوتۇنۇم، بالام بار. شۇلارنى يوقلىشىم

كېرەك. ماڭا ئىچى پىششىق، ئىشقا پىشقان، ئىشەنچلىك بىر يىگىت كېرەك.

— بولىدۇ، خوجايىن.

— توختا، ئالدىرىما. ماڭا يېرىم سائەت ئارىلىقىدا شىركىتىمىزدىكى ئادەملەردىن بەش نەپەر نامزاتنىڭ ئىسىملىكىنى كۆرسەت، بىرىنى تاللىۋالىمەن…

— بولىدۇ، خوجايىن…

ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتمەي رەخىمنىڭ يان تېلېفونى سايرىدى.

— تەييار بولدى، خوجايىن.

— قېنى ئېيت.

— جامى، يورى، ئارتۇق، غۇلام، بېكمىرزا…

— بولدى قىل، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن ئوبدان بىلىمەن، ھەممىسى يارىماس بىرنېمىلەر. ئىنىڭ ئەكبەرنى نېمىشقا تىزىملىككە كىرگۈزمىدىڭ. ئەكبەر مېنىڭ بۇ قېتىمقى ئىشىمغا ئەڭ مۇۋاپىق ئادەم.

— ئەكبەر چېگرىدىن ئۆتۈپ باقمىغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە سىز مېنى يېقىندا سىرتقا ماڭىسەن، دېگەندەك قىلىۋىدىڭىز… شۇڭا ئەكبەرنى ئۆيدىن ئايرىلالماسمىكىن دەيمىنا…

— تىلىڭنى چاينىماي بولدى قىل! سەنمۇ يولۇڭغا ماڭىسەن. ئۇمۇ چېگرىدىن ئۆتۈپ ئىشنى پۈتتۈرىدۇ. ماڭا دەل ئەكبەردەك چېگرىدىن ئۆتۈپ باقمىغىنى كېرەك. دەرھال ئۇنىڭ پاسپورتىنى توغرىلاڭلار. ئەكبەرگە ئېيت، مەن بىلەن كۆرۈشسۇن.

رەخىم ئەكرەمنىڭ ۋايساشلىرى بىلەن كارى بولماي تېلېفوننىڭ قىزىل كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتتى.

چۆشكە يېقىن بۇرۇتى ئۆزىگە ياراشقان بالا چىراي ئوماققىنە بىر يىگىت رەخىمنىڭ خىزمەت ئۇستىلى ئالدىدا تىك تۇرۇپ

ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىشقا باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ چېگرىنىڭ شەرق
تەرىپىگە قىلىنغان تۇنجى سەپىرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى.
ئەگەر بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا
ھېچقانداق «بۇس» چىقارماي بىر تەرەپ قىلىپ كېلەلىسە، رە-
خىم ئۇنى مۇشۇ يول بىلەن يەنە بىرقانچە قېتىم ئۇ تەرەپكە
ئاتلاندۇرماقچى ھەمدە بۇ جايدا توپلىغان بايلىقلىرىنىڭ بىر قىس-
مىنى لالە ھەم زىلالنىڭ ھېسابىغا يۆتكەپ بېرىشنى ئويلىدى.
ئەپسۇس! كېيىنكى كۈنلەردە ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەل-
مەپتۇ دېگەندەك ۋەقەلەر يۈز بەردى. بولۇپمۇ ئەكرەم پاجىئەسى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلار رەخىمنىڭ تۇرمۇشىنى، ئوي -
خىياللىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. بولۇپمۇ رەخىمنىڭ كېسى-
لىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىشى ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ
بىر قىسمىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ
بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن مەھرۇم قالغان ھالدا ئاخىرلىشىۋاتقان
ئۆمرىنىڭ قالغان كۈنلىرىنى ساناشتىن ئىبارەت ئىنسان ئۈچۈن
ئەڭ ئېغىر دەقىقىلەرنىڭ ئىلكىدە پۈچىلىنىپ كۆيۈشكە
باشلىدى.

ئەمدىلىكتە قول - ئىلكىدىكى مەبلەغلەرنى قانۇنىي يول
بىلەن ۋەسىيەتنامە تۇرغۇزۇپ مىراس تەقسىم قىلىپ بېرىش
ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ «بۇرۇتلۇق» يې-
گىتنى ئىككى قېتىم يەنە چاقىرتتى. ئۇنىڭغا چېگرىنىڭ ئۇ
تەرىپىگە پولات - تۆمۈر سودىسى بىلەن ئۆتۈشنى باھانە قىلىپ
يېڭى ۋەزىپە تاپشۇردى. ئۇ بۇ ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن
كېيىن قالغان مەبلەغلەرنى قانۇنىي يول بىلەن ۋەسىيەتنامە
تۇرغۇزۇپ، خوتۇن - بالىلىرىغا مىراس، شىركەتنىڭ ۋەيران
بولغانلىقىنى جاكارلاش ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجەت، ئىشچى -
خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ۋە باشقا زۆرۈرىيەتلەرگە تەقسىم
قىلىۋېتىشنى ئويلاشتى. ئۇنىڭ بۇ كۈنلەردە سارەنى ئويلىغىچىلى-

كىمۇ قالمىغانىدى. سارە رەخىمنىڭ كېسىلىنىڭ يوشۇرۇن ئالا-
مەتلىرىنى بايقىغاندىلا ئۇ بالىلىرى بىلەن ئۆزىنى رەخىمدىن يى-
راقلاشتۇرغانىدى. رەخىممۇ شۇ تاپتا ئۆز هاياتى ۋە ئۇچ بالىسى-
نىڭ ساق - سالامەت چوڭ بولۇشى ئۈچۈن بەكمۇ زور بەدەل
تۆلەۋاتقان بۇ ئايالدىن سۆيۈنگەندەك بولدى...

# توققۇزىنچى باب

ئىش شۇنداقمۇ ئوڭدىن كېلەمدۇ. ئىككى دوست زىلالنى بىللە ئېلىپ چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىگە قىلىدىغان سەپىرىنىڭ سە-ۋەبلىرى ئۈستىدە ھەرقانچە سۆزلەپ جۆھەربۇۋۇنى قايىل قىلال-مايۋاتقان كۈنلەردە، ھېلىقى «بۇرۇتلۇق» يىگىت تۇيۇقسىز ئۇ-لارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا يەنە پەيدا بولدى. ئۇ تاكسىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدىن ۋە يۈك ساندۇقىدىن چوڭ ـ كىچىك قەغەز يە-شىك، ئالا ـ بۇلىماچ رەختتىن تىكىلگەن سومكىلارنى دەرۋازا ئالدىغا چۈشۈرمەكتە ئىدى.

بۈگۈن جۆھەربۇۋى بۇ چوڭ قورۇدا ئۆزى يالغۇز ئىدى. لالە بولسا بىرقانچە ئايدىن بېرىقى ئاغرىق سەۋەبى بىلەن دەم ئېلىۋې-رىپ ئىچى پۇشۇپ زېرىكىپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ ئاپىسى-غا: مەكتەپكە بېرىپ كېلەي دەپ قويۇپ، يول ئۈستىدە ھىلالبۇ-ۋىنى ئېلىپ ساياھەت شىركىتىگە بېرىپ رەسمىيەتلەرنىڭ قانداق بېجىرىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ كەلمەكچى بولۇپ چىقىپ كەتكەن-دى. چۈنكى بۇ شەھەرگە تۇيۇقسىز تۈنۈگۈن يېتىپ كەلگەن «بۇرۇتلۇق» يىگىت چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن يېڭى ئۇچۇر ئەكې-لىپ ھىلالبۇۋى بىلەن ئۇچراشقانىدى. بۇنىڭدىن ئاخشام خەۋەر تاپقان لالە ئولتۇرالمايلا قالغانىدى. ئۇلار ئىككىسى ساياھەت شىركىتىگە بارغاچ ئۆزلىرى مۇھىم دەپ قارىغان نۇقتىلاردا بىر-لىككە كېلىشىۋالدى.

زىلال باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىنى ئەلا پۈتتۈ-رۈپ شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان بالىلارنىڭ يازلىق لاگېر پائالىيىتىگە قاتنىشىپ ئاق باش چوققىلىق تاغلار-

نىڭ ئارىسىدىكى گۈزەل جىلغىلارنىڭ بىرىگە ئورۇنلاشقان سايا-
ھەت ئورنىغا چىقىپ كەتكەنىدى. دەرۋازا ھالقىسىنىڭ قېقىلى-
شى بىلەن چوڭ قورۇنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلدى.
— مانا، مانا...
باغ تەرەپتىن جۆھەربۇۋىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاڭغىچە
«بۇرۇتلۇق» يىگىت تاكسى شوپۇرىنىڭ ياردىمىدە بايىقى نەرسى-
لەرنى پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا قويۇشقا باشلىدى.
— سىز كىم؟
«بۇرۇتلۇق» يىگىتنىڭ بىزگە تونۇش بالا چىرايى تەبەسسۇم
بىلەن جۆھەربۇۋى چىقىپ كېلىۋاتقان باغ تەرەپكە يۈزلەندى ۋە:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، چوڭ ئاپا، ياخشى تۇرۇپسىز.
جۆھەربۇۋى بىر قاراشتىلا «بۇرۇتلۇق» يىگىتنى تونۇغاند-
دى. ئۇ شۇ تاپتا نېمە قىلارنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى.
«بۇرۇتلۇق» يىگىت بولسا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن
دەرۋازا ئالدىدا قالغان كىچىك سومكا ۋە باشقا نەرسىلەرنى
بىر - بىرلەپ ئەكىرمەكتە ئىدى.
— توختاڭ، بالام، بۇ نېمانچە كۆپ نېمىلەر، بۇ كىمنىڭ
نېمىلىرى؟... شۇنچە...
— سىلەرنىڭ، چوڭ ئاپا، سىلەرنىڭ...
— يەنە رەخمىجاننىڭ سوۋغا - سالاملىرىمۇ...
جۆھەربۇۋىنىڭ يۈرىكى قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىكنى سەزگەن-
دەك دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى.
— شۇنداق، چوڭ ئاپا، شۇنداق...
— سىز بىزگە تېخىمۇ چوڭ ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدىغان
ئوخشايسىز. بالام، توختاڭە...
— ياق، ئۇنداق ئەمەس، چوڭ ئاپا...
— مەن سىزنى توختاڭ دەۋاتىمەن، بالام...
جۆھەربۇۋىنىڭ كەسكىن ئاۋازى «بۇرۇتلۇق» يىگىت-

نىڭ سۆزىنى كەستى.
«بۇرۇتلۇق» يىگىت بىر پۇتى دەرۋازىنىڭ سىرتىدا، بىر پۇتى ئىچىدە قالغان ھالەتتە جۆھەربۇۋىگە يۈزلەندى ۋە:
— چوڭ ئاپا، مەن ئالدى بىلەن مۇنۇ نەرسىلەرنى ئەكىرىۋالاي، ئاندىن… سىزگە چۈشەندۈرىمەن.
— بولدى، بالام، چۈشەندۈرمەيلا قويۇڭ، بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ قاياقتىن كەلگەن بولسىڭىز شۇ ياققا مېڭىڭ. بۇ نەرسىلەرنى كىم ئەۋەتكەن بولسا ئۆز پېتىچە پېچەتتىنى بۇزماي شۇنىڭغا تاپشۇرۇڭ. بىزنىڭ ئەمدى رەخىم ئاتلىق بۇ ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى…
— ئالدىرىماڭ، چوڭ ئاپا، مەن ئالدى بىلەن ئۆيگە كىرەي، ئاندىن بىرمۇبىر چۈشەندۈرەي.
— چۈشەندۈرمەيلا قويۇڭ دېدىمغۇ بولدى، بىزنىڭ ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشلەرنى ئاڭلىغىمىز يوق. سىز ئالدىنقى قېتىم كەلگەندە بىزگە تېپىپ بەرگەن پاراكەندىچىلىكىڭىزمۇ ئاز بولمىدى. شۇ قېتىم كەلگىنىڭىزدە مەن قىزىم لالەدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدىم. ئەمدى سىز ئەكىرىۋاتقان بۇ نەرسىلەر بىلەن تەڭ ئۆيىمىزگە كىرىدىغان بالا ـ قازانىڭ قانداق بولۇشىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيمەن…
— ئالدىرىماڭ، چوڭ ئاپا، مەن چۈشەندۈرىمەن.
— سادىغاڭ كېتەي، ئوغلۇم، مەن ئۇيغۇرچە سۆزلەۋاتىمەن. بولدى قىلىڭ. سىزدىن ئۆتۈنەي، چۈشەندۈرمەيلا قويۇڭ…
جۆھەربۇۋى ئىككى قولىدا ئىككى بولاق بىرنېمىنى كۆتۈرۈپ پېشايۋان تەرەپكە ماڭغان «بۇرۇتلۇق» يىگىتنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇردى ۋە:
— مەن باياتىن بېرى سىزنى توختاڭ دەۋاتىمەن، — دېدى قوپاللىق بىلەن. جۆھەربۇۋىنىڭ ئەلپازى راستتىنلا ئۆزگەرگە-

نىدى، ئادەتتە دائىم مۇلايىم كۆرۈنىدىغان چىرايى بىردىنلا قارا بۇلۇت قاپلىغان ئاسماندەك تۇتۇلغان بولۇپ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراۋاتقاندى.

— چوڭ ئاپا، بىلمەن. ئاچچىق ھەسرەتلىرىڭلارنى بىلىمەن. مەن تۇنۇگۈن ھىلالبۇۋى ھەدەمدىن ھەممىنى بىلدىم، نېمىلا دېگەنبىلەن مەن ئارىدىكى «ئەلچى»، سىلەر چوڭلار ئوبدان بىلىسىلەر. كونىلارنىڭ «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن ھېكمەتلىرى بارغۇ...

— سىز تۇنۇگۈن ھىلالبۇۋى بىلەن كۆرۈشتىڭىز؟!

— شۇنداق.

— ئۇنداقتا مۇشۇ لاقا - لۇقىلار بىلەن بۇ قورۇنىڭ بوسۇغىسىنى ئاتلاپ كىرىشىڭىزگە ھىلالبۇۋى ئىجازەت بەردىمۇ؟!

— شۇنداق، ھىلالبۇۋى ھەدەملا ئەمەس، لالە ھەدەممۇ ئىجازەت بەردى.

— توۋا! مۇنۇ ئىشلارنى...

جۆھەربۇۋى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران قېلىپ، ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

— شۇنداق، چوڭ ئاپا. جاھاننىڭ ئىشلىرىنى چۈشەنمەك بەكمۇ تەس ئىكەن. مەن تۇنۇگۈن ھىلالبۇۋى ھەدەم، ئاندىن لالە ھەدەم بىلەن سۆھبەتلەشتىم. رەخىم دېگەن بۇ ئادەمنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بەكمۇ خاراب، ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسى ئانچە ئۇزۇن قالمىغان بولسا كېرەك. ئۇ ئادەم مېنىڭ بۇ تەرەپكە سودا ئىشى بىلەن ئۆتىدىغىنىمىنى ئاڭلاپ كىشى ئەۋەتىپ كۆڭۈل سۆزلىرىنى — خېتىنى ئەۋەتتى. مەن ئۇ تەرەپتە ئاڭلىغان گەپلەردىن قارىغاندا بەلكىم ئۇنىڭ بۇ خېتى سىلەرگە يازغان ئاخىرقى خېتى بولۇپ قالار. خەت لالە ھەدەمدە، سىز كۆرۈپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ. «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەندەك، ئەمدى يوشۇرغىچىلىك ئىشلار قالمىدى بولغاي...

جوھەربوۋى ئېگىز بىر جايدىن چۈشكەندەك لاسسىدە بولۇپ قالدى ـ دە، «بورۇتلۇق» يىگىتنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇشتىن داجىپ باراڭ ئاستىدىكى گۈللۈكنىڭ لېۋىگە ئارانلا ئۇلاشتى. ئۇنىڭ يۈرىكى بايىقىدىنمۇ قاتتىق دۈپۈلدەپ، چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ، دېمى سىقىلىپ، ئۆزى ئەزەلدىن سېزىپ باقمىغان چۈشىنىكسىز بىر خىل بىئاراملىق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلىماقتا ئىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا بەكمۇ بىئارام بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆڭۈل ئەنسىزچىلىكلىرى ئىچىدە ئۇزۇپ كېلىۋاتقان بۇ جەسۇر ئايالنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ھەقىقەتەنمۇ ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— چوڭ ئاپا...

«بورۇتلۇق» يىگىتنىڭ ئاۋازى ئىلتىجاسىز قالدى. جوھەربوۋى قانداقتۇر بىر غايىبانە نەرسىنى ئاسماندىن ئىزدەۋاتقاندەك ھاڭۋېقىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ چىرايىنى شۇ تاپتا تولىمۇ مىسكىنلىك قاپلىغانىدى، كۆككە تىكىلگەن بىر جۈپ قارا كۆزىدە ياش لىغىلداپ تۇراتتى.

«ئاھ خۇدا، بىزگە نېمانچە تارتقۇلۇق، تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىزلىكى مۇشۇنچىۋالامۇ قاتتىق بولامدىغاندۇر، بىزنى تىنچ ياشىغىلى قويسىچۇ بۇ خەقلەر. بىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىمىز دىشۋارچىلىق بىلەنلا تولدىغۇ!»

ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇھ تارتىپ يەنە ئاللىنېمىلەرنىدۇر دەپ نىدا قىلماقتا ئىدى.

*　　　　*

بۈگۈنكى كەچ جوھەربوۋى، لالە ۋە ھىلالبوۋىنىڭ جىددىي كەيپىياتتىكى مەسلىھەتلىرى بىلەن ئۆتمەكتە. بۈگۈن نېمىشقىدۇر لالەنىڭ چىرايىدىن ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلىنىپ تۇراتتى.

ئادەتتە تولىمۇ ئوڭاي ھاياجانلىنىدىغان لالە ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندەك قىلاتتى.

ھىلالبۇۋىنىڭ ئىنچىكە قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىدە بىر خىل جىددىيلىك، كەس- كىنلىك ئۆزىگە خاس جەسۇرانىلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ تۈرۈپ - تۈرۈپ خۇددى ئەركەكلەردەك يوغان مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۇگۇپ، كرېسلونىڭ يان يۆلەنچۇكلىرىگە تاشلىغان ھالەتتە جۆھەربۇۋىنىڭ كۆزىگە قارىغانچە جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى قارىشىدىن جۆھەربۇۋىگە ئىچ - ئىچىدىن ئېچىنىۋاتـ- قانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۆزىنى قىز بالىلارغا خاس ئەدەپ - قائىدىگە ئۆگىتىپ، تۇنجى قېتىم ئاغزىغا ئىلىم سالغان بۇ ئايال ئۇنىڭ نەزىرىدىكى مۇقەددەس ئانا ھەم تەڭداشسىز ئۇستازى ئې- دى. راست، مۇھىم ئىشلاردا ئانىنىڭ كۆزىگە قاراش كېرەك. بۇ دۇنيادا ئىنسان ئاپىرىدە بولغان كۈندىن باشلاپ ئانىلار ئۇلۇغ سانىلىپ كەلمەكتە. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئانىلار بۇ دۇنياغا شۇنچىلىك كۆتۈرۈشلۈك قىلىپ يارىتىلغان، ئۇنىڭ قەل- بى دېڭىز - ئوكيانلاردىنمۇ كەڭرى، بۇ دۇنيانىڭ خۇشاللىقى، دەرد - ئەلەملىرى ئەنە شۇ دېڭىزنىڭ تەكتىگە سىڭىپ كېتەلەي- دۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ شۇ كۆتۈرۈشلۈكلۈكى بىلەن ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئوبرازىنى يارىتىپ كەلگەن. «خۇداغا مىڭ شۈكرى، جۆھەربۇۋى ھەددەمنى بارلىق ئانىلاردىنمۇ بەكرەك كۆتۈرۈشلۈك قىلىپ يارىتىپتىكەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. ھېلىلا ئۆزاپ چىققان «بۇرۇتلۇق» يىگىتنىڭ رەخىم توغرۇلـۇق ئېيـتقان گەپ - سۆزلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، — ئەگەر تەبىئىتى يېنىكرەك باشقا ئايال بولغان بولسا، ئاھ - زار قىلىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالار ئىدى.»

چۈشتىن كېيىن «بۇرۇتلۇق» يىگىت بىلەن پاراڭلار قانداق ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن باشلانغان بولسا، شۇنداق ئېغىر -

بىسىقلىق بىلەن ئاخىرلاشتى. لالەمۇ «بۇرۇتلۇق» يىگىت تۇنجى قېتىم كەلگەندەك ئۆزىنى تاشلاپ، بىھوشلۇق ھالەتتە كېسەل بولۇپ يېتىپ قالمىدى. جۆھەربۇۋى بولسا بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرگە، بولۇپمۇ لالەنىڭ «شەھلا» ئىمزالىق خەت توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا قىزىنىڭ كەچمىشلىرىگە ھاڭ - تاڭ بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىر خىل گاراڭلىق ئىلكىدە قالغاندى. راستىنى ئېيتقاندا، جۆھەربۇۋىگە بۇ يىل قېرىلىق يېتىپ قالغاندەك قىلاتتى. بولۇپمۇ بۇگۈنكى بولۇۋاتقان گەپلەر ئۇنى تېخىمۇ گاراڭ قىلىۋەتتى. شۇڭا بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى، يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىردە ئىلغا قىلىپ، بىردە ئىلغا قىلالمايۋاتقاندەك ئىدى.

«بۇرۇتلۇق» يىگىت سۆزىنى ھە دېگەندىلا:

— مەن دېدىمغۇ، مەن بىر ئارىدىكى ئادەم — ئەلچى. مەن ئۆتكەن قېتىم كەلگىنىمدە لالە ھەدەم بىلەن زىلالنى كۆرۈپ رەخىمنىڭ چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئىشلىرىدىن مۇتلەق خەۋىرى يوقلۇقىنى بىلدىم. بولۇپمۇ لالە ھەدەمنىڭ تولىمۇ ساددا سەمىمىيەت بىلەن رەخىم دېگەن ئۇ ئادەمگە بولغان ئىخلاس ئىشەنچىسىگە ھەيران قالغاندىم. ئېھتىمال ئۇ ئادەم بۇرۇن بۇ يەردىكى چاغلىرىدا كىشى ئىشەنگىلى بولىدىغان ئادەم بولغىيتتى. بىراق ھازىر ئۇنداق ئەمەس. ئۇ ھازىر ھېسابسىز بېيىغان، رەھىمسىز، قاتتىق قول ئادەم. ئۇ كىشىنىڭ پىسخىكىسى ئۆزگىرىپ شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، دۇنيادىكى نۇرغۇن چىگىش ئىشلارنى پۇل بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ، پۇل بولسا دۇنيادىكى ھەممە نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، پۇل ھەممىگە قادىر دەيدىغان قاراش ئۇنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممىگە تەرەپلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. چۈنكى ئۇ ھازىرغىچە يولۇقىقان ھەر خىل پېشكەللىكلەردىن، بالا - قازالاردىن، مەيلى بۆكەن مۇڭگۈزى ئەتكەسچىلىكى، مەيلى

ھىندىستان، ئافرىقا قاتارلىق جايلاردىن ياۋروپادىكى دۆلەتلەرگە
پىل چىشى يۆتكەش ئەتكەسچىلىكىدىكى يولۇققان ئوڭۇشسىزلىق-
لىرىدىن پۇلغا تايىنىپ ياكى پۇل ئارقىلىق باشقىلارنى قۇربان
قىلىش يولى بىلەن ئۆزىگە يول ئېچىپ كەلدى...

مېنىڭ سىلەرگە نېمە ئۈچۈن ھېسداشلىق قىلىپ كېلىپ
قالدى، — «بۇرۇتلۇق» يىگىت ئىچىنى تولدۇرۇپ ئۇھ تارتىپ
خۇرسىنىپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ ئاكام بۇ
بىرقانچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ باش غوجىدارى بولۇپ ئىشلەپ
كەلگەن، ئاكام ئىقتىساد ئىلمى بويىچە پىشقان مۇتەخەسسىس
ئىدى. ئۇنىڭ ئايىغى چىقماس چىگىش ھېساباتلىرىنىڭ ھەممىسى
ئاكامنىڭ قولى بىلەن رەتلىنىپ ئىزىغا چۈشەتتى. بىر چاغلاردا
ئاكامدەك ئادەمدىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدىغاندەك دەرىجىدە ئا-
كامنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. ئۇنىڭغا يۇقىرى مائاش بەرگەن.
بىراق ئۇ ئۆز زورۇرىيىتى ئۈچۈن ئاشۇ جانجىگەر قېرىندىشىمنى
باشقىلار ئارقىلىق دېڭىزغا چۆكتۈرۈۋېتىپتۇ ۋە مۇشۇ يول بىلەن
بىر قېتىملىق زەھەر ئەتكەسچىلىك دېلوسىنى يوشۇرۇپ، ئۆزىنى
ھالاكەتلىك تەقدىردىن ساقلاپ قالغانلىقىنى مەن يېقىندىلا
ئۇقتۇم... مەن ئۆچ ئېلىشىم كېرەك، سىلەرمۇ ئۆچ ئېلىشىڭلار
كېرەك. بۇ دۇنيادا رەھىمدىل، كۆڭلى يۇمشاق، پاك - دىيانەت-
لىك كىشىلەرنىڭ يولى بارغانسېرى تارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن
قارىسام، سىلەر، بولۇپمۇ چوڭ ئاپىمىز تولىمۇ مېھرىبان، دىلى
يۇمشاق كۆرۈنىدۇ. كۆڭلۈڭلارنى قاتتىق تۇتۇڭلار. مەن ئۇ
تەرەپتە رەخىم دېگەن بۇ رەھىمسىز كىشى بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل،
يەكمۇيەك ئېلىشالمايمەن. مېنىڭ ئۇ تەرەپتە ماڭا سادىق ئادەملى-
رىم بار. ئاكامنىڭمۇ ساداقەتمەن ئادەملىرى بار... سىلەرنىڭ
ئىشىڭلار بىر تەرەپ بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىچىك
توقلىنى، ئاشۇ ئاجىز بەندىنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇ-
رۇۋالالىسام بولاتتى. مەن سىلەرگە رەخىم دېگەن بۇ ئادەمنىڭ

قايسىبىر ئىشلىرىنى دەپ تۆگىتەي. دۆنيادا مۆنداقمۆ ئىشلار
بولىدىكەن، قاراڭلار، ئۆنىڭ هازىرقى كىچىك خوتۆنى مېنىڭ
بىلەن بىللە ئوقۆغان، مەن ياخشى كۆرىدىغان قىز دوستۆم ئىدى.
دەسلەپتە رەخىم ئۆ قىزنى ئۆز شىركىتىگە ئىشقا ئورۆنلاشتۆرۆپ
خېلى ئوبدان كۆڭۆل بۆلگەندەك قىلغانىدى. ئارىدىن ئۆزۆن
ئۆتمەي ئۆ قىزنى ئاياغ ئاستى قىلىپ مۆرادىغا يېتىپ بولغاندىن
كېيىن مېنى ئۆ قىزغا ئۆيلىنىشكە قىستىدى. مەن ئۆنىمىدىم.
مەن ئۆنىمىغانسېرى رەخىم مېنىڭ شىركىتىدىكى ئورنۆمنى كۆ-
تۆرۆپ مېنى يەنە قىستىدى. مەن: «ئەگەر يەنە شۆنداق قىستا-
ۋەرسىڭىز مەنمۆ ئۆزۆمنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ئىش كۆرىمەن.
مەن ئوقۆغان ئادەم. مۆشۆ دۆلەتنىڭ قانۆنلۆق پۆقراسىمەن، مەن
هەرقانداق ئەهۋالدا سىزگە قارشى تۆرۆپ ئۆزۆمنى قوغدىيالاي-
مەن» دېگەن يەرلەرگىچە سۆزلەشتىم. ئۆ شۆ قېتىمقى سۆهبەت-
تىن كېيىن مەندىن ئېهتىيات قىلىشقا باشلىدى. مېنى ئۆزىدىن
يىراقلاشتۆردى. ئۆزۆن ئۆتمەي ئاكامنى ئارىغا سېلىپ مېنى
بېشكەكتىكى تارماق شىركىتىگە باش ۋاكالەتچى قىلدى. مەن
مەرهۆم ئاكامنىڭ نەسىهەتى بويىچە كۆز ئالدىمىزدىكى تۆرمۆش
هەلەكچىلىكىمىزنى ئويلاپ ماقۆل بولدۆم. سىلەر هېس قىلال-
ماسلىقىڭلار مۆمكىن، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن
بىز پۆقرالارنىڭ كۆن ئۆتكۆزمىكى تەس بولۆپ كەتتى. هەممە
ئائىلىلەردە، ئىشتىن بوشىتىلغان دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلە-
رىدە تۆرمۆش جەهەتتە بىر چىقىش يولى تېپىش ئۆستىدە
تىرىشىپ - تىرمىشىش هالىتى شەكىللەنگەنىدى...

ئىنسان تەبىئىتى شۆنداق نېمىكەن، مەن بىر مەزگىل سۆ-
كۆت قىلىپ ئاندىن بىر ئاماللار بىلەن ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە
كەلدىم. چۆنكى مەن بۆ تەرەپكە بىرىنچى قېتىم كېلىپ قايتقۆچە
ئاكام جېنىدىن ئايرىلىپتۆ. يېقىن دوستلىرىمنىڭ بۆ قېتىمقى
يەتكۆزگەن خەۋەرلىرى بەك ئىشەنچلىك. رەخىمنىڭ ئەمدىلىكتە

مېنى كۆزدىن يوقىتىش ئېھتىماللىنىڭ بارلىقىنى مۆلچەرلىدىم.
چۈنكى مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئۇنىمىدىم. ئۇ قىزنى ئاخىر ئۆزى
كىچىك خوتۇنلۇققا ئالدى. كېيىن بىلدىمكى، ئۇ قىز «رەخىم»
نىڭ شىركىتىدە ئىشلىگەن چاغلاردىلا خىروئىنغا ئۆگىنىپ قاپتىـ
كەن... مەن كۆپ ئويلاندىم. ئەمدى نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىـ
كىنى كۆپ ئويلاندىم. ئۇھ... بولدىلا بەك جىق سۆزلىۋەتتىم.
مەن بۇ جايدا بىر مەزگىل تۇرىمەن. مەن زەينەپنى قۇتقۇزۇشۇم
كېرەك. ئۇنى ھالاكەتلىك يولدىن پەقەت مېنىڭ مۇھەببىتىملا
قۇتقۇزالايدۇ... مېنىڭ يۈرىكىم ھازىر قىساس ئوتى بىلەن يالقۇنـ
لايدۇ. مەن يېقىندا ئاكامنىڭ يوشۇرۇن بىر تـەرەپ قىلىنـغانـ
لىقىنى ئاڭلـغاندىــن كېــيىن بۇ قىساس ئوتــى تېــخىمۇ ئۆرـ
لىدى... نېمىسىنى ئېيتاي، مېنىڭ گەپلىرىمنى سىلەر خاتا چۈـ
شىنىپ قالماڭلار، مەن ئۆچ ئېلىشتا سىلەرنى ۋاستە قىلمايـ
مەن. مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرى بار، مېنىڭ سىلەرگە
ئەسكەرتىدىغىنىم، ئالدى بىلەن سىلەر ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناـ
سىۋەتىڭلاردىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋېلىڭلار. مەن ئالدىنقى
قېتىم كەلگەندە ساياھەت ئۆمىكى بىلەن بىللە كەلگەن. شۇ قېتىم
بۇ شەھەرنىڭ ئېپى ـ جېپىنى ئېلىپ قالغانىدىم. بۇ قېتىم
خەلقئارالىق پاسپورت بىلەن «تۇغقان يوقلاش»— سىـلەرنى يوقـ
لاش مەقسىتىدە كەلدىم. مەن مۇشۇ شەھەردە بىر مەزگىل تۇردـ
مەن. پۇرسەت كۈتىمەن. شۇ ئارىلىقتا سىلەر ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ
رەخىمنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈڭلار، سىلەر ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن
كۆرگەندىلا ئاندىن مېنىڭ دېگەنلىرىمگە ئىشىنىسىلەر. ھازىر ئۇ
ئادەمنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن ئۈچ بالىسى بار، ئايرىم داچىدا تۇردـ
دۇ. زەينەپنى نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنىمۇ ئايرىم داچىغا
ئورۇنلاشتۇردى... ئۇنى بۇ دۇنيادىكى قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى
ئۈچۈن خۇدا ئۇرغان چېغى، بىر خىل يامان كېسەلگە دۇچار
بولۇپ، ئائىلىسىدىن ئايرىم جايدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئاڭلىساق داۋاـ

لاشمۇ ئۇنۇم بەرمەيۋاتقۇدەك... لالە هەدە، خەتنى كۆرگەنسىز. نېمىلەرنى يازدىكىن...، — «بۇرۇتلۇق» يىگىت گېپىنى ئاخىرلاشتۇردى.

لالە خۇددى تېگى يوق هاڭنىڭ ئاستىدىن ئىڭرىغاندەك بەكمۇ ئاجىز هالسىرىغان هالدا ئىڭراۋاتاتتى. ئۇ هېلىلا هوشىدىن كېتىدىغاندەك ئىدى. ئانا يەنىلا بايىقىدەك گاڭگىراش ئىچىدە «بۇرۇتلۇق» يىگىتنىڭ ئاغزىغا هاڭۋېقىپلا قالغانىدى. هىلالبۇۋى بولسا يۈزلىرى قىزىرىپ ئېسىلغان، كالپۇكلىرىنى هىمىرىپ چىشلىگەن هالدا مۇشتۇملىرىنى تۈگىكىنىچە لالەگە قاراپلا قالغانىدى.

«بۇرۇتلۇق» يىگىت ئۆيدىن چىقىش ئالدىدا:

— مېنىڭچە، سىلەر بۇ قېتىم رەخىم يازغان خەتنى چوڭ ئاپىمىزغا كۆرسىتىڭلار، ئاڭلىسام چوڭ ئاپىمىز ئوقۇغان، ئالىي مەلۇماتلىق ئايال ئىكەن. ئېهتىمال سىلەرگە بىر توغرا يول كۆرسىتەر... زۆرۈر بولسا ماڭا تېلېفون بېرىڭلار. مەن ××× مېهمانخانىنىڭ ئالتە يۈز بىرىنچى نومۇرلۇق ئۆيىدە، — دەپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى مانا كەچ كىرگۈچە جۆهەربۇۋى بىلەن قىزلارنىڭ سۆهبىتىدە زادىلا ئىلگىرىلەش بولمىدى. ئۇچىلىسى بايىقى ئېغىر - بېسىق سۈكۈت باسقان هالەتتە. ئانا قىزلارنىڭ تەلىپىگە تېخىچىلا ئۇچۇق بىر جاۋاب بەرمەيۋاتاتتى.

— ئاپا، — دېدى لالە بىر خىل تەمكىنلىك بىلەن، ئۇ بايىقى هالسىز هالىتىدىن خېلىلا ئوڭشىلىپ قالغانىدى، — ئەسلىدە بۇ خەتنى ساڭا كۆرسەتمىسەكمۇ بولاتتى. بۇ خەت ئارقىلىق سېنىڭ دەردلىرىڭگە دەرد قوشمىسام بولاتتى. راستىنىلا «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك بىر ئىشلار بولۇۋاتىدۇ. هىلالبۇۋى ئاداش، خەتنى ئاپامغا بەرگىن، ئوقۇسۇن. رەخىم دېگەن ئۇ ئەبلەخنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى، يالغان - ياۋىداقلىرىنى، ئال-

دامچىلىقلىرىنى، خۇمسى، مۇناپىقلىقىنى، مېنىڭدەك بىر ئايالغا، زىلالدەك بالىسىغا قىلغان خىيانەتلىرىنى، ھېلىغىچە بىزنى ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن ئالداپ كېلىۋاتقان ۋىجدانسىزلىقلىرىنى كۆرۈپ بىلسۇن... ئاندىن ئاپام نېمە دېسە بىز شۇ...

— خەتنى ئۆزۈم ئوقۇپ بېرەي، — دېدى ھىلالىبۇۋى.

— ياق، قىزىم، ئۆزۈم ئوقۇي، قېنى كۆزەينىكىم... شىرە ئۈستىدە، ئاچىقىپ بېرىڭ...

خەت بەكمۇ رەتسىز، بەزىدە قۇر تاشلاپ، بەزىدە قۇر ئارىلىقلىرىغا قىستاپ گويا تىترەپ تۇرغان قول بىلەن يېزىلغاندەك ئىدى.

«سۆيۈملۈكۈم لالە، ئەزىزىم زىلال:

ياخشى تۇرۇۋاتامسىلەر؟ مەن ئۆتكەندە سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگەن بالىدىن يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋالىڭلارنى ئۇقتۇم. ئاڭلىسام، لالە، سەن شۇ كۈنى قاتتىق ھاياجانلانغان ئوخشايسەن. ھوشۇڭدىن كېتىپسەن. ئۇ بالا بەكمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ. بىرەر پارچە خەت يېزىپ بەرگەن بولساڭ شۇنى بولسىمۇ كۆرەي دېگەنىدىم. لېكىن خەت ئەكەلمەپتۇ. خەيرىيەت، مەن شۇنى كۆپ ئويلاندىم، چۈنكى ئۇ بالا ھەممە ئىشلارنى، زىلالنىڭ سۈننەت تويىغا قىلىۋاتقان تەييارلىقلارغىچە ھەممىنى ماڭا دەپ بەردى. شۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزۈممۇ بەك ئازابلاندىم. بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنىڭ سۈننەت تويىنى ئادا قىلىش مەزگىلىدە، ئۈستىدە تۇرالمىغان بىر ئاتا ئۇچۇن نەقەدەر ئازاب بولىدىغانلىقىنى شۇ كۈنى چۈشەندىم. بىراق خۇدا ماڭا مۇنداق جەم بولۇش كۈنلىرىنى نېسىپ قىلمىغان چېغى، ھازىر مەن ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم. سودا ئىشلىرىنى غوجىدارلىرىم يۈرۈشتۈرۈپ كېتىپ بارىدۇ... مەن ئەھۋالىمنى سىلەرگە سۆزلەپ نېمە

قىلاي... مەن بۇ دۇنيادا كۆرگۈلۈكلىرىمنىڭ ھەممىسىنى
كۆردۈم. پۇلنىمۇ تاپتىم، پۇل بىلەن بولىدىغان راھەت -
پاراغەتنىڭ ھەممىسىنى تېتىدىم. نۇرغۇن پېشكەللىكلەردىن
ئامان - ئېسەن ئۆتتۈم. ھازىرقى دۇنيادا پۇل دېگەن ساڭا
يول ئېچىپ بېرىدىغان ئەڭگۈشتەر دېسەم، بەلكىم سەن
مەندىن نەپرەتلىنەرسەن. لېكىن مەن مۇشۇ كۇنگىچە پۇل
بىلەن ئۆزۈمگە يول ئېچىپ كەلدىم. سەن قانداق ئويلىساڭ
ئويلا، پۇل مېنىڭ نەزىرىمدە ھەقىقەتەنمۇ ھەممىگە قادىر
ئەڭگۈشتەر ئىدى. بىراق ئاخىرقى ھېسابتا ھالاكەتلىك تەق-
دىردىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن. پۇل مېنى ھالاكەت-
تىن قۇتۇلدۇرالمايدىغان ئوخشايدۇ.

لاله، بۇ خەتنى ئۇزۇن يازالمايمەن. بايقىسام خەت
يازغۇچىلىك ھالىممۇ قالماپتۇ... لاله، بۇ يەرنىڭ قائىدە-
يوسۇن، قانۇن - نىزاملىرىنى ساڭا چۈشەندۈرەلمەي-
مەن... سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى بۇ دۆلەتلەرنىڭ قايتا ئىگىلىك تىكلەش جەريانى-
دىكى قىيىنچىلىقلىرىنى چۈشىنىش بەك تەس. بىز ئوقۇ-
غان ھېلىقى كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن ئۇلۇغۋار كوممۇنىزم
تۇغى ئاستىدا بىرلىككە كەلگەن، گۈللەنگەن، باياشات،
ئىنسانىيەت بەختىنىڭ بۆشۈكى دەپ قارالغان دۆلەت ھازىر
چەك - چېكىدىن بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ خىل ھالەتتە ئەلۋەتتە
قالايمىقانچىلىقتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. «پالتا چۈش-
كۈچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ»، دېگەندەك مۇشۇ قالايمىقانچىلىق
ماڭا پۇرسەت بەردى. سودىگەر ئۈچۈن پۇرسەت دېمەك —
پۇل دېمەك. مەن ھەقىقەتەن جىق پۇل تاپتىم. راستىنى
دېسەم، مېنىڭ پۇل تېپىش يولۇم كونىلارنىڭ «توپىلاڭدىن
توغاچ ئوغرىلاپتۇ»، دېگەندەك ئىش بولدى. مېنىڭ «ئوغرى-
لىغان توغاچلىرىم»، يەپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە بول-
دى... شۇنىمۇ يەنە راستچىللىق بىلەن دەيدىكى، ئاشۇ قالاي-

مىقانچىلىققا ئەگىشىپ ئۆزۈمنىڭمۇ تۇرمۇشۇمنى قالايمىقان-
لاشتۇرۇۋەتتىم. مەن بۇ جايدا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ
قالغىلى ئالتە يىل بولدى دېسەم، مۇشۇنداق دېگەنلىرىمنى
ئاڭلىساڭ، بىلىمەن، سەن ماڭا بەكمۇ نەپرەتلىنىسەن،
شۇڭا بۇ ئىشلارنى يالغۇز سەندىنلا ئەمەس، خېلى ئۇزۇنغىچە
ھەممە كىشىدىن سىر تۇتۇپ كەلدىم. سەن چۈشىنەرسەن،
بەلكىم چۈشەنمەيسەن، ساڭا راستىنى دەۋاتىمەن. ئەگەر
مۇشۇنداق قىلمىسام، خاتىرجەم بىر تۇرمۇش ماكانىغا،
مۇشۇ دۆلەتنىڭ گراژدانلىق پاسپورتىغا ئىگە بولالمىسام،
مېنىڭ كۈنۈم تەس بولۇپ سودا ئىشلىرىمنىڭمۇ يولى كېسى-
لەتتى. مەن سېنى ئالداشتا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىمكى،
مېنىڭ تېخى ئۆيلەنمىگەنلىكىم، خوتۇن، بالا - چاقىلىرىم
يوقلۇقى ھەققىدە يالغان ئىسپات ياساپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈ-
زۈپ ئەكەلدۈردۈم... شۇنداق قىلمىسام بولمايتتى. مەن
يەنىلا سەن ۋە سېنىڭ داداڭ نەپرەتلىنىدىغان «پۇلپەسلىك»
نىڭ دامىغا چۈشكەندىم... ھازىر بۇ خوتۇنۇمدىن ئۈچ بالام
بار، كېيىن يەنە بىر توقال ئالدىم...

لالە، مەن گەپنى ئەگىتىپ يۈرمەي پوسكاللىسىنىلا
يازدىم. بىلىمەن، سېنىڭ نازۇك قەلبىڭ ئازابلىنىدۇ،
نازۇك تەبىئەتلىك ۋۇجۇدۇڭ ئوتتا پۇچىلىنىدۇ. بۈگۈنكى
كۈنگە كەلگەندە بۇلارنى يازماي بولمىدى. ماڭا ئەمدى قىل-
غان گۇناھلىرىم ئۈچۈن توۋا قىلىپ گۇناھىمنى يۇيۇش
پۇرسىتىمۇ يوق... سېنىڭ مېنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغان-
لىقىڭنى بىلسەممۇ، يەنىلا سەندىن مىڭلارچە قېتىم ئۆتۈنۈپ
كەچۈرۈم سورايمەن...

لالە، مەن سىلەرگە يەنە ئەللىك مىڭ دوللار بىلەن
نەرسە - كېرەكلەرنى ئەۋەتتىم. ماڭا سەندىن كېرىكى،
نىكاھتىن ئاجرىشىش تەلىپى يېزىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈ-
زۈپ ئەۋەتىپ بەرگىن. ئاندىن سىلەرگە تېگىشلىك مىراس-

لارنى قانۇنلاشتۇرۇپ بېرىمەن. مەن بىلىمەن، مېنىڭ كۈنۈم ئانچە ئۇزاققا بارمايدۇ.

جېنىم لالە، بۇ سۆزلىرىمنى ئوقۇپ مېنىڭدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدىغىنىڭنى بىلىمەن. مەندىن قانچە نەپرەتلەنسەڭ مەيلى. لېكىن زىلالغا تېگىشلىك مىراسنى تولۇقى بىلەن ئالغىن. مەن سەندىن يەنە ئۆتۈنۈپ قالاي، ساڭا يالۋۇراي، سەن ماڭا بولغان نەپرىتىڭ تۈپەيلى زىلالغا بولغان تېگىشلىك مىراستىن ۋاز كەچمىگىن. مەن ھەرقانچە ياۋايىلىشىپ، يىرتقۇچ تەبىئەتلىك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۆز پۇشتۇمدىن بولغان بالىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە باش قاتۇرماسام بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرمىسام بولمايدۇ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىسەم بولمايدۇ.

لالە، ئاخىرقى قېتىم سەندىن يەنە ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا بولغان نەپرىتىڭ تۈپەيلى زىلالنى ئۆزىگە تېگىشلىك مىراستىن مەھرۇم قىلىپ قويساڭ ئاخىرقى ھېسابتا شۇ بالىغا ئۇۋال قىلىپ قويغان بولىسەن…

مەن ئاللادىن بۇ دۇنيادىكى ئىشلىرىمنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇۋالغىچە (سېنىڭ، زىلالنىڭ ئىشلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يەنە ئازراق ئۆمۈر تىلەيمەن. ئەۋەتىشكە تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ماڭا ئەۋەتكىن.

لالە، سەن ئۆزۈڭنى كۆپرەك ئاسرىغىن. زىلال ئۈچۈن سەن كېرەك. ماڭا بولغان نەپرىتىڭدىن ئۆزۈڭگە غەيرەت تىلىگىن، مېنىڭدەك ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋاپاسىزنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتسەڭلا سەل يېنىكلەپ قالىسەن…

مەن ساڭا سالامەتلىك تىلەيمەن. زىلالنى مەن ئۈچۈن سۆيۈپ قويغىن.

ۋەتىنىنى سېغىنغان رەخىمدىن.

2001 ـ يىل 30 ـ ئىيۇن، ئالمۇتا»

خەتنى ئوقۇپ بولغان ئانىنىڭ يۈرىكى پۈچىلاندى. ئۇ شۇ
تۇرقىدا شۇنچىۋالا ئىشلارنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆزىگە دەرد قىلىپ
ئاندىن بۇ دەردنى ئۆز ئاتا - ئانىسىدىن يوشۇرۇپ كەلگەن لالەگە
ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئىچ - ئىچىدىن كۆتۈرۈلگەن پىغان ئارىلى-
شىپ كەتكەن ھالدا ئاچچىقلاندى - دە، دەرھال ئېغىر بىر
تىنىۋېلىپ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتتى. چۈنكى بۇ ئاي، بۇ كۈنلەر-
دە لالەنىڭ ئاچچىق كۆتۈرگۈچىلىكى قالمىغانىدى. ئانا چوڭقۇر
ئويلاندى. «نېمە قىلىش كېرەك» دېگەن سوئال ئانىنىڭ مېڭى-
سىدىمۇ ۋاللىدە قىلىپ ئوت چاقناتتى. خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن
كېيىن ئانىنىڭ بايىقى گاراڭ ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. بىر
قارىماققا روھى ئۇرغۇپ تېتىكلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ھى-
لالبۇۋى جۆھەربۇۋىنىڭ روھىي كەيپىياتىدىكى بۇ جىددىي ئۆزگى-
رىشنى ئۇنىڭ چىرايىدىن بايقاپ قالدى - دە، دەرھاللا:
— جۆھەر ھەدە، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟— دېدى.
— ئېيتىڭە، قىزىم، سىزچە قانداق قىلساق بولار؟
— لالە ئالدى بىلەن بىرنېمە دېسۇن، ئاندىن مەسلىھەتلى-
شىپ كۆرەرمىز.
بۇ چاغدا لالەنىڭ بىزگە تونۇش ھېلىقى چىرايلىق كۆز
چاناقلىرى ياش بىلەن لىق تولغان بولۇپ، كۆز ئالدىدىكى پۈتۈن
نەرسىلەر رەڭگارەڭ، ئىمىر - چىمىر كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇ
ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا چوڭقۇر خىيال ئىلكىدە قالغانىدى.
— لالە،— ھىلالبۇۋىنىڭ بوشقىنە ئاۋازى لالەنىڭ خىياللى-
رىنى يىغدى.
— ھە… نېمە؟
لالە، خۇددى كىچىك بالىلارغا سۇ چاچسا ئەندىكىپ كەتكەن-
دەك ئەندىكىپ كەتتى.
— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، جېنىم ئاداش، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ
كېتەر.

— شۇنداق، قىزىم، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتەر. ئەمدى بىز ھەممىمىز ئۆزىمىزنى ئاسرايدىغان يول ئۈستىدە ئىزدىنەيلى. بىزگە ئەمدى كېرىكى ئۆزىمىزنى ئاسراش، زىلالنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش، ئۇنى ئەر قىلىپ قاتارغا قېتىش.

— بولىدۇ، ئاپا، ئەمدى ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى. چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىزگە سىرلىق تۇيۇلغان تېپىشماقنىڭ تۈگۈچى يېشىلىپ ئايدىڭلاشتى. رەخمىنىڭمۇ بارلىق ئەپت ـ بەشىرىسى ئۈزۈل ـ كېسىل ئايدىڭلاشتى. راست، ئاپا، ئەمدى بىز سەن دېگەندەك ئۆزىمىزنى ئوتتۇۋېلىپ، چوڭقۇر ئويلىشىپ بۇ ئىشلاردىن شۇنداق بىر قول ئۈزەيلىكى، ھەممە زېھنىمىز سەن دېگەندەك ئۆزىمىزنى ئاسراشقا قارىتىلسۇن. ئەمدى رەخمىنى، رەخىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئويلاشتىن، نەپرەتلىك ئۆتمۈشنى قايتا ئەسلەپ يۈرىكىمىزنى زېدە قىلىشتىن، دەرد ـ ئەلەم يۇتۇشتىن ھەزەر ئەيلەيلى...

ئانا قىزىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشنى، جانلىنىشنى كۆرۈپ ھەيران قالغاندەك ھىلالبۇۋىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— لالە، ئەمدىكى قارارنى سەن ئۆزۈڭ چىقارغىن، بىزنىڭ ئۇ تەرەپكە بارىمىز دېگەن ئىشلىرىمىز توغرىسىدىكى قارارنىمۇ ئۆزۈڭ چىقارغىن.

— ياق، ھىلال، بىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاپامنىڭ ئاغزىغا قارىدۇققۇ! ھېلىمۇ ئاپام ئويلىغانلىرىنى دېسۇن!

— ياق، قىزىم، بۇ قارارنى سەن ئۆزۈڭ چىقىرىشىڭ كېرەك. ئارىدىكى قانۇنلۇق ئىشلارغا، قانۇن يولى بىلەن پۈتىدىغان ئىشلارغا قارىتا مېنىڭ ئىرادەم بىلەن ئىش كۆرمەڭلار. يەنىلا ئاخىرقى قارارنى ئۆزۈڭ چىقار. بۈگۈن بولمىسا ئەتە، ئىشقىلىپ، بۇ قېتىم ئويدان ئويلاشقىنىمىز تۈزۈك. ئەمدى ھەممە ئىشلار ئايدىڭلاشتى. سىرلىق تۇيۇلغان تۈگۈنچەكلەرنىڭمۇ ئۇچى كۆرۈندى.

— ياق، ئاپا، ئەمدى ئۆيلىنىشىمىز دەپ يەنە كەينىگە سۈرەي-
دىغان يېرى قالمىدى. ئەگەر سىلەر ماقۇل بولساڭلار، مېنىڭ
ئۆيلىرىم سىلەرگە ماقۇل كەلسە، ھىلالبۇۋى بۈگۈنلا ھەرىكەتلەن-
سۇن، ئالدى بىلەن مېنىڭ چېگرىدىن چىقىش رەسمىيەتلىرىمنى
ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلسۇن. مېنىڭ رەخمىنى،
ئۇنىڭ ئىپلاس ئايىغى تەگكەن جايلارنى، نومۇسسىز تەلەتىنى
كۆرەر كۆزۈم يوق. بېشىمغا ئېغىر كۈن چۈشتى، ھىلال ئاداش،
سەن زىلالنى بىللە ئاچىقىپ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇيرۇ-
قىنى ئۈزۈپ پۈتتۈرۈپ كەل. ئاپا، ھىلالبۇۋى ھەممىگە تېتىيا-
لايدۇ. ھەممە ئىشنى ئۆز يولى بىلەن پۈتتۈرەلەيدۇ. ئاپا، سەن
رازىلىق بەر. مەن كۆپ ئويلاندىم. بىز زىلالغا تېگىشلىك مىراس-
نى چوقۇم ئېلىشىمىز كېرەك. چۈنكى رەخمىنىڭ بىزنى شۇنچە
ئازابلاپ، شۇنچە ھەسرەتلىك كۈنلەرگە مۇپتىلا قىلغىنىنى ھەر-
قانداق روھىي تۆلەم بىلەنمۇ تۆلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر
بىز زىلالنى، زىلالنىڭ ھەققىنى ئويلىمايلا يېنىكلىك قىلىپ،
ئىچىمىزنى تاتىلاپ تۇرغان نەپرەت تۇپەيلى، بىر قېتىملىق ئاچ-
چىق بىلەن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسەك بولمايدۇ... دېدىمغۇ، بىزنىڭ
روھىي جەھەتتە تارتقان زىيانلىرىمىزنىڭ تۆلىمىنى ھەرقانداق
قىممەتلىك دۇنيا دەپىنە بىلەن تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئەگەر
بىزگە تېگىشلىك مىراسنى بىز ئالمايمىز دېسەك، زىلالنىڭ ھەق-
قى يات ئەلدىكى يات كىشىلەرنىڭ قولىدا تالان - تاراج بولۇپ
تۈگەيدۇ. مېنىڭ بۇ دەۋاتقانلىرىم، دۆلىتىمىزنىڭ «ھەق تەلەپ
قانۇنى»غا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدىغان گەپلەر، بىز ئەمدىكى يولى-
مىزنى قانۇنغا تايىنىپ، قانۇنىي يول ئارقىلىق داۋاملاشتۇرايلى.

جۆھەربۇۋى بىلەن ھىلالبۇۋى لالەنىڭ كەسكىن تەلەپپۇزى
بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىگە قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قېلىشتى.
چۈنكى شۇ تاپتا لالەنىڭ چىرايىدا قانداقتۇر بىر خىل جىددىيلىك
بىلەن غەيرەت - شىجائەت جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداق، ئادەتتە

تېنى ئاجىز، جىمىغۇر يۇرىدىغان لالەنىڭ بۇ سۆزلىرى خېلى
ئۇزاقلاردىن بېرى ئىچىگە يۇتۇپ كەلگەن، ئۇنى بىئارام قىلىپ
كۆنلىرىگە بىردەممۇ تىنچلىق، ئارام بەرمىگەن، ئۇنىڭ قەلب
جاراھىتىنى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىتىپ كېلىۋاتقان دەرد -
ئەلەم، ھەسرەت - پىغانلىرىنىڭ توسۇۋالغۇسىز دەرىجىدە بىردىن-
لا پارتلىشى ئىدى. روھىي دۇنياسىنىڭ ئىچ - ئىچىدىن كۆتۈرۈ-
لۈپ غەزەپ - نەپرەت تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بۇ خىل پارتى-
لاش، خۇددى جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىلىرى چۈشەندۈرگەندەك،
تىپتىنچ، ياپيېشىل مايسىلار بىلەن قاپلانغان تاغ چوققىلىرىدىن
تۇيۇقسىز ئېتىلىپ چىققان ۋولقانلارنىڭ پارتلىشىدەك پارتلاش
ئىدى. لالەنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يوشۇرۇپ كەلگەن قىسمەتلىك
كەچۈرمىشلىرىنىڭ خاتىرىسى، خۇددى يىرتىلىپ كەتكەن كۈندى-
لىك خاتىرىنىڭ ۋاراقلىرىدەك لالەنىڭ خىيال ئاسمىنىدا
ئۇچۇپ - لەيلەپ توزۇپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى.

تۇرمۇش نېمىدېگەن رەھىمسىز. بەزىلەر بۇ رەھىمسىزلىك
تۈپەيلى ئېلىشىپ قالىدۇ. يەنە بەزىلەر شۇ تۇرمۇش رەھىمسىزلى-
كى تۈپەيلى ھاياتىدىنمۇ ۋاز كېچىپ، ئۆز جېنىغا ئۆزى زامىن
بولىدۇ. يەنە بەزىلەر جىمىغۇرلىشىپ كېتىدۇ ۋە ئۆز خىياللىرى-
دىن ۋاز كېچەلمەيدۇ. بۇ خىل جىمىغۇرلۇق ئۇزارغانسېرى بۇن-
داق ئادەملەرنىڭ قەلب يارىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ
ئۆمرىنى يەيدۇ ۋە ھەتتا ئاستا خاراكتېرلىك كېسەل سۈپىتىدە
ھايات دەرىخىنىڭ شېخىنى قۇرۇتىدۇ. ئادەتتە جىسمانىي جەھەتتە
تولىمۇ ئاجىز، ھەسرەت - نادامەت، قايغۇ - ئەلەمدىن دىلى
پۈچىلانغان لالە ئەنە شۇنداق جىمىغۇرلۇقى تۈپەيلى بىر - بىرىگە
زەنجىرسىمان باغلىنىپ كېلىۋاتقان دەردنى يەتكۈچە تارتتى. بۇ-
گۈن بولسا «بۇرۇتلۇق» يىگىتنىڭ گەپلىرىدىن، رەھىمنىڭ ياز-
غان خېتىدىن ئۇنىڭ يۈرىكىدە شۇنداق بىر نەپرەت ئوتى ئۇچقۇن-
لىدىكى، بۇ ئوت بارغانچە ئۇلغىيىپ ئۇنىڭ قان - تومۇرلى-

رىنى چىڭقىلدۇرۇۋەتتى. بۇ خىل نەپرەت لالەنىڭ ۋۇجۇدىغا غەيرىي تۇيۇلىدىغان تەڭداشسىز كۈچ پەيدا قىلدى. بۇ مۆلچەرلە- گۈسىز دەرىجىدىكى كۈچ ئىدى.

بۇگۈن لالە ئەنە شۇ ئۆز جىسمىدا ئۇرغۇغان نەپرەت كۈچى بىلەن ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلغانلار، قىلالمىغان ئىشنى ۋە ھەتتا شەھلامۇ قەست قىلىمەن دەپ قىلالمىغان سۇيىقەستلىك ئىشلارنى رەخىم «سۆيۈملۈكۈم، گۈزىلىم، مېنىڭ بەختىم...» دېگەندەك ساختا، شېرىن، ياغلىما سۆزلەر بىلەن ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلى- غانلىقىنى ھېس قىلدى. دۈشمەن قىلالمىغان، ئەمەلگە ئاشۇرال- مىغان ئىشنى قىلىپ، سېنى خاراب قىلغان كىشىمۇ دۈشمەن، بۇ دۇنيادا دۈشمەندىن ھېساب ئالمىسا، قىساس ئالمىسا بۇنى ئاللامۇ راۋا كۆرمەيدۇ...

لالە، رەخىمدىن ئىبارەت بۇ ياۋۇز، بۆرە تەبىئەتلىك ئادەم- نى، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خاراب قىلغان بۇ ئىبلىسنىڭ، ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا ئۇ ئەمدى بارلىق غەيرىتىنى يىغىپ، ئەقىل ئىشلىتىپ، پەم بىلەن بۇ دۈشمەندىن ئۇزۇل - كېسىل ھېساب ئېلىپ ئادا - جۇدا بولۇش قارارىغا كەلگەندى.

لالەنىڭ بايىقى قارارىنى جۆھەربۇۋى بىلەن ھىلالبۇۋى ما- قۇل كۆردى. بولۇپمۇ يۇرەك پارىسىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقان ئانا ئۇچۇن لالەنىڭ ئاخىرقى قارارى ياغدەك خوپ ياقتى. شۇنداق قىلىپ مەسلىھەت پىشتى. مەكتەپلەرنىڭ تەتىل بولۇشى بىلەن تەڭ ھىلالبۇۋى زىلالىنى ئېلىپ چېگرىدىن چىقىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

— ھە راست، ھىلالبۇۋى ئاداش، ئەتە سەن بىر ۋاقىت چىقىرىپ «بۇرۇتلۇق» يىگىت بىلەن بىر كۆرۈش. مېنىڭچە، ئۇنىڭ ئالمۇتادىكى ئىشلىرىڭنى ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭغا ياردىمى تېگىدۇ.

*　　*

بۇ شەھەر بويىچە چەت ئەللىكلەر قونالغۇ قىلىدىغان ئالىي
مېھمانخانىنىڭ ئالتە يۈز بىرىنچى نومۇرلۇق ئۆيى. ئىككى ئېغىز
يۈرۈشلۈك ئۆي بولۇپ، تاشقىرىسىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆي ئالىي
دەرىجىلىك كىرىسلو ۋە ئالىي دەرىجىلىك شىرەلەر بىلەن بېزەلگەن
بولۇپ، شىمال تەرەپتىكى تېمىغا مودېرنىزم ئۇسلۇبىدىكى ياغاچ
ئويما رەسىم ئورنىتىلغانىدى. بىر بۇلۇڭدا پاكارراق ئادەمنىڭ
بويى بىلەن تەڭ كېلىدىغان مودەنگۈلنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن
لوڭقا قويۇلغان بولۇپ، لوڭقىنىڭ ئاغزىغا قويۇلغان نەقىش ئىش-
لەنگەن قوڭۇر رەڭلىك ياغاچ تاختاينىڭ ئۈستىدە، خۇددى تىرىك-
تەك، ھېلىلا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشقا تەييارلىنىۋاتقان بۈركۈتنىڭ
قاتۇرۇلغان مودېلى قويۇلغانىدى. بۇ ئۆي ئۇچ يۇلتۇزلۇق مېھمان-
خانا دەرىجىسىگە قاراپ تولىمۇ ھەشەمەتلىك بېزەلگەنىدى. يەرگە
سېلىنغان گىلەمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن گۈل نۇسخىلىرى بۇ
ئۆيگە كەڭرى دالىدىكى يېشىللىقنى كۆچۈرۈپ كەلگەندەك بىر
تۈس بەرگەنىدى.

ئىچكىرىكى ئۆيدىكى ئالىي دەرىجىلىك كارىۋاتنى ھېسابقا
ئالمىغاندا، بۇ ئۆيمۇ تاشقىرى ئۆيدەك چىرايلىق بېزەلگەن بو-
لۇپ، ئوڭ تەرەپتىكى ئېگىز جازىنىڭ ئۈستىگە گۈللىرى قىپقى-
زىل ئېچىلىپ تۇرغان بىر تەشتەك قىزىلگۈل قويۇلغانىدى.

تازىلىق ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن «بۈرۈتلۈق» يىگىتنىڭ
بۈرۈتلىرى چىرايلىق ياسالغان بولۇپ ساقىلى پاكىز قىرىلغاند-
دى. بويىدىن بولسا ئۆتكۈر فرانسىيە ئەترىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى.
ئۇ ھېلىلا كەلگەن تېلېفون بويىچە ھىلالبۇۋىنى ساقلىماقتا ئىدى.
ئۇنىڭ چىرايى ئالدىنقى قېتىم كەلگىنىدەك پارقىراق ئەمەس،
ئىككى مەڭزىگە بىلىنەر - بىلىنمەس خۇنۇكلۈك قونغانىدى،
كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، بۇگۈن كېچە ئۇيقۇسىز قال-

غاندەك ئىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى چىرايى مۇنداق قارىماققا بىرەر
پېشكەللىككە يولۇقۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي ئىچى تىتىلداپ
بىئارام بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. «بۇرۇتلۇق» يىگىت راستىنلا
ئۆزى دېگەندەك ئالدىنقى قېتىم بۇ تەرەپكە كېلىپ لالەنىڭ ئەھۋا-
لىنى ئۇقۇپ، خەۋىرىنى رەخىمگە يەتكۈزگەندىن كېيىن رەخىم-
نىڭ كۆڭلىدىكى ئازابلىرى كۆچەيگەن بولسىمۇ، بىراق نېمىلا
دېگەنبىلەن «بۇرۇتلۇق» يىگىتنىڭ شۇ قېتىمقى سەپىرىدىن،
ئىش پۈتتۈرۈشىدىن ۋە ئىش پۈتتۈرۈش جەريانىدىكى چاققانلىقى-
دىن خېلى مەمنۇن بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇنى ئۆز قولىدا
تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان شىركەتلەرنىڭ بىرىگە قانۇنىي ۋاكالەتچى قى-
لىپ، «بۇرۇتلۇق» يىگىتنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، ئىشەنچىسى-
نى ئاشۇرغانلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى. كۆرۈنۈشتىمۇ «بۇرۇتلۇق»
يىگىتنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، رەخىمنىڭ نەزىرىدىكى ئېتىبار-
لىق ئادەملەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىۋاتقانىدى. قارىماققا رەخىم
ئۇنى ھەقىقەتەن ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئالمۇتا
شەھىرىدە «ئەكرەم يوقىلىپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى.
يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پات - پات ئادەم يوقىلىپ كېتىدىغان،
بىرلىرى يەنە بىرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان، يۈزلىرىگە نىقاب
تارتىۋېلىپ چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ ياتىقىغا باستۇرۇپ كى-
رىپ ئۇلارنى بۇلايدىغان، ھەتتا قوراللىق گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇ-
شۇپ پۇلدارلارنى تۇتقۇن قىلىدىغان ئىشلار كۆپىيىپ كەتكەن
بۇ شەھەردە، بىرەر ئادەمنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ
كېتىشى ئانچە دەبدەبىلىك خەۋەر ھېسابلانمايدىغان بولۇپ قالغان-
دى. لېكىن ھازىرقى زامان دۆلەت ئۇقۇمى پەيدا بولۇشتىن
ئىلگىرى قەدىمىي پەرغانە ئويمانلىقىغا جايلاشقان ئۈچ دۆلەت —
ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستاننىڭ ئىقتىسادىغا بەل-
گىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان رەخىم بايۋەچچىنىڭ غوجىدارى
ئەكرەمنىڭ يوقىلىپ كېتىشى پۈتۈن ئالمۇتانى زىلزىلىگە كەلتۈ-

كەلتۈرۈۋەتتى.

بۇ كۈنلەردە ئەكرەمنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى «بۆرۈتلۈق» يىگىت ئەكبەرنىڭ ئىچىنى قانداقتۇر بىر ئوت كۆيدۈرۈشكە باشلىغانىدى. بۇ ئوت تاكى قىيامەتلىك كۈنلەرگىچە ئۆچمەيدىغان قېرىنداشلىق شەپقىتىدىن ئۇچقۇنلىغان ئوت بولۇپ غەزەپ ئوتى تۇتۇرۇق بولسىلا يالقۇنجاپ يېنىشقا تەييار تۇرغان ئوت ئىدى.

كىشىلەرنىڭ «ئاتا ـ ئانىڭ ئۆلمەك ھەق، قېرىنداشتىن ئايرىلىش قىيامەت» دېگەنلىرى ھەق گەپ چېغى، ئەكرەمنىڭ ئىنىسى ئەكبەر بۇ كۈنلەردە قىيامەت كۈنىدە بىئاراملىق ئىلكىدە قېلىپ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالغانىدى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئەكرەمنىڭ يوقىلىپ كېتىشى توغرىسىدىكى بۇ غوۋغامۇ ئاستا ـ ئاستا بېسىقىشقا، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئەكرەمدىن ئىبارەت بۇ قابىلىيەتلىك غوجىدار ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى.

شۇ ئارىدا ئالاھىدە بولغان بىر ئىش شۇ بولدىكى، تارىختىكى پادىشاھلارنىڭ ئوردا ئىچىدە يوشۇرۇن قەتلە قىلىنغان ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا يۇقىرى نام ـ ئەمەل ئاتا قىلىپ ئەۋلادلىرىغا شان ـ شەرەپلىك نەسەب بەخشەندە قىلىش ئۇسۇللىرىغا ئوخشاش، رەخىممۇ ئەكرەمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى، گەرچە ئەكرەمنىڭ جەسىتىنى تاپالمىغان بولسىمۇ، ئۆزى ئالدىغا چىقماي، ۋاستىچىلىرىنى ئىشقا سېلىش چارىسى بويىچە ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئەكرەمنىڭ تۇل ئانىسى، ئىككى سىڭلىسىغا ئۆز «شاپائىتى» نى يەتكۈزۈپ ئۇلارغا نۇرغۇن پۇل ۋە تۇرالغۇ جاي ئىنئام قىلغاندىن سىرت، ئەكرەمنىڭ ئىنىسى ئەكبەرنىڭ ئورنىنى ئالاھىدە كۆتۈردى. لېكىن «بۆرۈتلۈق» يىگىت ئەكبەرنىڭ قەلبىدە ئازاب پەيدا قىلغۇچى، جىگىرىنى خۇن قىلغۇچى كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تۇتىشىۋاتقان ھېلىقى ئوت تېخىمۇ

غاندەك ئىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى چىرايى مۇنداق قارىماققا بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي ئىچى تىتىلداپ بىئارام بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. «بۇرۇتلۇق» يىگىت راستىنلا ئۆزى دېگەندەك ئالدىنقى قېتىم بۇ تەرەپكە كېلىپ لالەنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، خەۋىرىنى رەخىمگە يەتكۈزگەندىن كېيىن رەخىمنىڭ كۆڭلىدىكى ئازابلىرى كۆچەيگەن بولسىمۇ، بىراق نېمىلا دېگەنبىلەن «بۇرۇتلۇق» يىگىتنىڭ شۇ قېتىمقى سەپىرىدىن، ئىش پۈتتۈرۈشىدىن ۋە ئىش پۈتتۈرۈش جەريانىدىكى چاققانلىقىدىن خېلى مەمنۇن بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان شىركەتلەرنىڭ بىرىگە قانۇنىي ۋاكالەتچى قىلىپ، «بۇرۇتلۇق» يىگىتنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، ئىشەنچىسىنى ئاشۇرغانلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى. كۆرۈنۈشتىمۇ «بۇرۇتلۇق» يىگىتنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، رەخىمنىڭ نەزىرىدىكى ئېتىبارلىق ئادەملەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىۋاتقانىدى. قارىماققا رەخىم ئۇنى ھەقىقەتەن ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئالمۇتا شەھىرىدە «ئەكرەم يوقىلىپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پات - پات ئادەم يوقىلىپ كېتىدىغان، بىرلىرى يەنە بىرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان، يۈزلىرىگە نىقاب تارتىۋېلىپ چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ ياتىقىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇلارنى بۇلايدىغان، ھەتتا قوراللىق گورۇھ بولۇپ ئۇيۇشۇپ پۇلدارلارنى تۇتقۇن قىلىدىغان ئىشلار كۆپىيىپ كەتكەن بۇ شەھەردە، بىرەر ئادەمنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىشى ئانچە دەبدەبىلىك خەۋەر ھېسابلانمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. لېكىن ھازىرقى زامان دۆلەت ئۇقۇمى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى قەدىمىي پەرغانە ئويمانلىقىغا جايلاشقان ئۈچ دۆلەت — ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستاننىڭ ئىقتىسادىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان رەخىم بايۋەچچىنىڭ غوجىدارى ئەكرەمنىڭ يوقىلىپ كېتىشى پۈتۈن ئالمۇتانى زىلزىلىگە كەلتۈ-

كەلتۈرۈۋەتتى.

بۇ كۈنلەردە ئەكرەمنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى «بۆرۈتلۈق» يىگىت ئەكبەرنىڭ ئىچىنى قانداقتۇر بىر ئوت كۆيدۈرۈشكە باشلىغاندى. بۇ ئوت تاكى قىيامەتلىك كۈنلەرگىچە ئۆچمەيدىغان قېرىنداشلىق شەپقىتىدىن ئۇچقۇنلىغان ئوت بولۇپ غەزەپ ئوتى تۇتۇرۇق بولسىلا يالقۇنجاپ يېنىشقا تەييار تۇرغان ئوت ئىدى.

كىشىلەرنىڭ «ئاتا - ئانىڭ ئۆلمەك ھەق، قېرىنداشتىن ئايرىلىش قىيامەت» دېگەنلىرى ھەق گەپ چىغى، ئەكرەمنىڭ ئىنىسى ئەكبەر بۇ كۈنلەردە قىيامەت كۈنىدە بىئاراملىق ئىلكىدە قېلىپ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالغانىدى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئەكرەمنىڭ يوقىلىپ كېتىشى توغرىسىدىكى بۇ غۇۋغامۇ ئاستا - ئاستا بېسىقىشقا، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئەكرەمدىن ئىبارەت بۇ قابىلىيەتلىك غوجىدار ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى.

شۇ ئارىدا ئالاھىدە بولغان بىر ئىش شۇ بولدىكى، تارىختىكى پادىشاھلارنىڭ ئوردا ئىچىدە يوشۇرۇن قەتلە قىلىنغان ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا يۇقىرى نام - ئەمەل ئاتا قىلىپ ئەۋلادلىرىغا شان - شەرەپلىك نەسەب بەخشەندە قىلىش ئۇسۇللىرىغا ئوخشاش، رەخىمۇ ئەكرەمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى، گەرچە ئەكرەمنىڭ جەسىتىنى تاپالمىغان بولسىمۇ، ئۆزى ئالدىغا چىقماي، ۋاستىچىلىرىنى ئىشقا سېلىش چارىسى بويىچە ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئەكرەمنىڭ تۇل ئانىسى، ئىككى سىڭلىسىغا ئۆز «شاپائىتى» نى يەتكۈزۈپ ئۇلارغا نۇرغۇن پۇل ۋە تۇرالغۇ جاي ئىنئام قىلغاندىن سىرت، ئەكرەمنىڭ ئىنىسى ئەكبەرنىڭ ئورنىنى ئالاھىدە كۆتۈردى. لېكىن «بۆرۈتلۈق» يىگىت ئەكبەرنىڭ قەلبىدە ئازاب پەيدا قىلغۇچى، جىگىرىنى خۇن قىلغۇچى كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تۇتىشىۋاتقان ھېلىقى ئوت تېخىمۇ

يالقۇنلاپ قىساس ئوتىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. رەخىمنىڭ ئارتۇقچە بولۇۋاتقان «شاپائىتى» ئەكبەرنىڭ كۆڭلىدە بىر قارا كۆلەڭگە پەيدا قىلدى. بۇ قارا كۆلەڭگە ئەكبەرنى بىر كۈنمۇ تىنچ قويمىدى. ئۇ ئاكىسى ئەكرەمنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلماقتا ئىدى. ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ خېلى جايلارنى كەزدى. ئۇ سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئاكىسى ئەكرەمنىڭ رەخىم قۇرغان تۇزاققا دەسسەپ قېلىپ زەھەر ئەتكەسچىلىكىگە چېتىلىپ قېلىش تۇپەيلى، رەخىمنىڭ «ئىز يوقىتىش» چارىسى بويىچە يوشۇرۇن قەتلە قىلىنىپ، جەسەتنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلىپ قالدى. شۇ كۈنلەردە ئەكبەر لاۋۇلداپ يېنىپ، يۈرىكىنى پۇچىلاۋاتقان قىساس ئوتى تۇپەيلى رەخىمدىن ئىبارەت بۇ چىلبۆرىگە ھېلىلا ئېتىلغۇسى كەلگەنىدى، بىراق تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغىلى بولمايتتى. ئۇنداق قىلىش «بۇرۇتلۇق» يىگىت ئەكبەرنىڭ ھالاكىتى بىلەن ئاخىرلىشاتتى.

— ئەقىل ئىشلەتكىن، ئۇكام، — دېگەنىدى ئۇنىڭغا ئاكىسىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگەن ساداقەتمەنلىرىدىن بىرى، — ئەقىل بىلەن ئىش قىلمىساڭ ھالاكەتنىڭ چاقمىقى ئۆز بېشىڭدا چاقىدۇ...

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ ئەكبەرنىڭ ئازابلىق كۈنلىرىنىڭ مۇساپىسى ئۇزىراپ كېتىپ باراتتى. ئۇ شۇنچە چاندۇرماي دېگەن بىلەن چىرايىغا تەپچىپ چىققان قايغۇلۇق ھەسرەتلىرىنىڭ كۆلەڭگىسى بىلىنىپ قالاتتى. «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن سوئال بۇنىڭمۇ بېشىنى قاتۇردى. ئەقىللىق يىگىت ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. «چىدام بىلەن ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ھېچنېمىنى سەزمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئىلاج بار رەخىم دېگەن بۇ چىلبۆرىگە ئۆزۈمنى يېقىن تۇتۇشقا تىرىششىم كېرەك. ئاچچىققا پايلىماي سەكرەپ چىقىش ھالاكەت يولى، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر، چىدام بىلەن پۇرسەت

كۆتۈش...» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۈمىدسىز تاڭ ئاتقۇزغان كېچىلەر- دە ئۇ ئەنە شۇ قارارغا كەلگەندىن باشلاپ، رەخىمگە تېخىمۇ يېقىنچىلىق قىلىشقا، خۇددى رەخىمنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان شاپا- ئىتىگە جاۋاب قايتۇرۇۋاتقان قىياپەتتە خۇشامەت كۆلكىلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتىشكە، ئىش ئۈستىدە قەدەملىرىنى ئىتتىكلىتىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ راستىنلا مۇلايىملىشىپ، ساداقەت- مەنلىك ۋە پۈتۈن ئىخلاس بىلەن رەخىمنىڭ ئىگىلىكىگە جان كۆيدۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىراق نادان تۇلكىنىڭ قۇۋلۇقى ئۇنىڭ ھوشيار، سەزگۈر كاللىسىنىڭ بولغانلىقىدا. رەخىمگە نىسبەتەن ئەكبەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدىن ھېچنېمە سېزىلمىگەن بولسىمۇ، ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىن بولغاچ- قا، بىگىزنى قاپتا ساقلىغىلى بولمىغاندەك بىر كۈنلەرنىڭ كې- لىپ قېلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ ئەكبەرنى ھامان ئۆزىدىن يىراق- راق، لېكىن مۇھىم ئىشلارغا بەند قىلدى. ئەنە شۇ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ھەم تۇغقان يوقلاش، ھەم پولات - تۆمۈر سودىسى بىلەن ئىككىنچى قېتىم چېگرا ئاتلاپ بۇ تەرەپكە سەپەر قىلدۇرغانىدى.

نېمىلا دېگەنبىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ ياخشى تەربىيىسىدە ئۆسكەن ئەكبەر دېگەن بۇ يىگىت دوزاخ ئوتى ئىچىدە تۇرۇپ ئۆز ۋىجدانىنى، ئادەمىيلىككە خاس ئادەمگەرچىلىكنى، ئىنسانپەرۋەر- لىكنى ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ تونۇغاچقا، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچىنى تونۇپ يەتكەنىدى. شۇنداق بولغاچقا جۆھەربۇۋى، لالە، زىلالدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ نەپەر مىسكىن جاننىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇ دەسلەپتە كەلگەندىلا بۇ جايدىكى گۈزەل بىر ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ ئۇ تەرەپتىكى ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز ھالدا شۇنچە يىللارنى ئۆز ئېرىگە ساداقەتمەنلىكى بىلەن دەرد - ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران قالغانىدى. چۈنكى ئەكبەر

ئەسلىدە گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بىر ئايالنىڭ ئېرى رەخىمنىڭ
چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدە قىلىپ يۈرگەن شەھۋەتپەرەسلىكىنى
بىلەتتى. پۇلنىڭ كۈچى بىلەن قىز ئويناپ بۇزۇقچىلىق قىلىشقا
ئۆگەنگەن رەخىمنىڭ ھېلىمۇ ئىككى خوتۇنى بارلىقى ۋە شۇنىڭغا
قانائەت قىلمايۋاتقان شەھۋانىي مىجەزى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى-
لەرگە ئاشكارا ئىدى. بىر تۈركۈم يۈندىخورلار پۇل ئۈچۈن يۈز-
لىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، تاغدىكى چىمبۇلاق مەنزىرىلىك رايونىنىڭ
پىنھان شارائىتىغا جايلاشقان كەڭ - كۇشادە، قوغدىنىشى مۇس-
تەھكەم داچىغا رەخىم ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاپ تۇتقان «توشقان»
لىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەممە بىلەت-
تى. ئەكبەر دەسلەپكى كەلگىنىدە ئەسلىدىكى بىر ئائىلە كىشىلى-
رىنىڭ چېگرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى روھىي ھالەتلىرىنى، تۇر-
مۇش قاراشلىرىنى، ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى روشەن سېلىشتۇ-
رۇپ لالە ۋە زىلالغا بەكمۇ ئىچ ئاغرىتقانىدى. بىراق بۇ تەرەپكە
تۇنجى قېتىم كېلىشىدە چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سىرلار ئۇنى
يۈرىكىنى تاتىلاپ ئارام بەرمىگەن بولسىمۇ، لېۋىنى لېۋىگە چىش-
لەپ چىدام بىلەن «ئامانەت»نى تاپشۇرۇپ چاندۇرماي قايتىپ
كەتكەنىدى. لېكىن بۇ قېتىمقى سەپىرىگە، ئۇنىڭ قىساس ئوتى
يوشۇرۇنغانىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى روشەنلەشتى. ئۇ لالەنىڭ كۆ-
تۈرۈۋالغۇسىز دەرد - ئەلەملەر تۈپەيلى ئىچ ئاغرىقى تارتىپ
ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى كۆردى. ئانىنىڭ ئۆز يۈرەك پارىسىنىڭ
دەردىدىكى نىمجان ھالىتىنى چۈشەندى. زىلالنىڭ ئۆسۈپ يېتى-
لىش مۇساپىسى، تەربىيىلىنىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. «دې-
مەك، ئىشلارغا جىددىي تۈتۈش قىلىش، تېزلىك بىلەن لالە ۋە
زىلالنى چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىگە يولغا سېلىپ، بۇ مىسكىنلەرنىڭ
ھەق تەلەپلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك» دەپ
كۆڭلىگە پۈككەنىدى...

ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكى يېنىك چېكىلدى.

— كىرىڭ، ھىلالبۇۋى ھەدە، ياخشىمۇسىز؟
— ياخشىمۇسىز، ئىنىم ئەكبەرجان.
— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، ھەدە، — دېدى ئەكبەر تۆر تەرەپ-تىكى كىرېسلونى ئىشارەت قىلىپ.
ھىلالبۇۋىنىڭ قېشى بىلىنەر - بىلىنمەس يۇقىرى كۆتۈرۈل-دى، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بولسا، بۇ ئالىي دەرىجە-لىك ياتاقنىڭ زامانغا يارىشا بېزىلىشىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقاپ ئۈلگۈرگەنىدى.
— مېنىڭ بۇ نۆۋەت بۇ تەرەپكە كېلىشىم يەنىلا رەخمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش شاراپىتىدىن بولدى، — دېدى ئەكبەر ئىستاكانغا قۇيۇلغان قىزىق چاينى ھىلالبۇۋىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ، — پەمىمچە، شۇ كۈنلەردە ئۇ كىشى ھەممە ئىشلارغا ئالدىراپ قېلى-ۋاتىدۇ. خېلى بولدى مەن ئۇ ئادەم بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشمىگە-لى، ئاڭلىسام پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك ئاقما كېسەلگە گى-رىپتار بولغان چېغى، ئاشكارا سورۇنلاردا كۆرۈنمەس بولۇپ كەتتى. مەن بۇ قېتىم سەپەرگە چىقىشىنىڭ ئالدىدا ماڭا ئېيتقان گەپ - سۆزلىرىدىن، ماڭا تاپشۇرغان ئامانەتلىرىدىن قارىغاندا ئېھتىمال ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتقان بولسا كېرەك. ئۆزىنىڭ تاپقان - تەرگەن، دۇنيا دەپىنەلىرىنىڭ مىراسخورلىرى ئۈستىدە جىددىي ئويلىشىپ زىلالنىڭمۇ تېگىش-لىك ھەققىنى ئالاھىدە قىلىپ بېكىتكەنلىكىدىن بېشارەت بەردى. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك. ئالدىنقى قېتىملىق سەپەردىن رازى بولغان چېغى. بۇ قېتىم يەنە مېنى پولات - تۆمۈر سودىسى باھانىسى بىلەن سىلەرنى يوقلىتىش مۇددىئاسىدا بۇ تەرەپكە يولغا سالدى. قالغان ئىشلارنى مەن سىلەرگە دەپ بولدۇم. مېنىڭچە، سىلەر ۋاقىتنى چىڭراق تۇتۇپ رەسمىيەتلەرنى چاپسانراق پۈتتۈ-رۈپ تېز ھەرىكەتلىنىپ يولغا چىقىڭلار. رەخمىنىڭ قانچىلىك ۋاقتى قالدى، ئۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

— لاله چىقمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى بار، تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قېلىش ئېھتىمالى كۆپ، بىز ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ شۇنداق ئويلاشتۇق. مەن زىلالنى بىللە ئېلىپ مۇشۇ يېقىندا ماڭىمەن.

— بۇمۇ بولىدۇ. ئۇنداقتا زىلالنى كۆرگەن رەخىم ئېھتىمال تىرىك تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم دوزاخ ئوتىدا پۇچىلىنار. ئەگەر ئۇنىڭدا ۋىجدان دېگەن بىرنېمە ئازراق قالغان بولسىلا...

— بىزنىڭ ئۇ تەرەپتە تونۇشلىرىمىز يوق...

— ئۇنىڭدىن غەم يېمەڭ. بىز مانا تونۇشتۇققۇ. بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان دېگەن شۇغۇ... مەن ھەممىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرىمەن. مەن بۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا رەخىمسىزمۇ سىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىڭلارنى، ئالمۇتادا تۇرىدىغان ۋاقتىڭلاردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەتراپلىق ئويلىشىپ ئوبدان ئورۇنلاشتۇرىمەن.

— ئىنىم ئەكبەر، ئۇ تەرەپتىكى جەمئىيەت ئامانلىقىنى بەكمۇ قالايمىقان دەپ ئاڭلايمىز. بىز تىنچ - ئامان قايتىپ كېلەرمىز - ھە!

— ئۇنىڭدىن غەم يېمەڭ، ھەدە.

— مەنغۇ مەيلى، زىلال — جۆھەر ھەدەم بىلەن لالەنىڭ جان تومۇرى، ئۇنىڭغا بىر ئىش بولۇپ قالسا، لاله بىلەن مېنىڭ دوستلۇق ئەقىدىمىز تۈپەيلى بۇ دۇنيادىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ دۇنيادىمۇ قارا يۈز بولۇپ كېتىمەن.

— ۋاھ، ھىلالبۇۋى ھەدە، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز. رەخىمنىڭ ئۇ تەرەپتىكى ئىمتىيازى زىلالنىڭ، سىزنىڭ بىخەتەرلىكىڭىزگە مۇتلەق كاپالەتلىك قىلىدۇ. ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىش ئالدىدا بۇ دۇنيادىكى قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن توۋا - ئىستىغبار يولىنى تۇتۇپ يالغۇز مىراسخورلىرىنىلا ئەمەس، نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىگە ھەمدەم بولغانلارنىمۇ رازى قىلىش كويىدا بولۇۋاتا-

قان ئۇ ئادەم ئەلۋەتتە ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىسىنىڭ بىخەتەر-
لىكىنى ئالدىن ئويلىشىدۇ، سىزدەك بىر ئىخلاسمەن ئايالنىڭ
ئالدىدا يەرگە قاراپ قالماسلىقى ئۈچۈن يەنە نېمىلەرنى قىلىشنى
ئويلىشىۋاتىدۇ. بۇنى خۇدا بىلىدۇ. بىراق، مەن شۇنىڭغا ئىشە-
نىمەنكى، ئۇ كىشى مۇشۇ كۈنلەردە قانداق قىلسام... قانداق
ساۋابلىق ئىشلارنى قىلسام بۇ دۇنيادىكى گۇناھلىرىم يېنىكلەر
دېگەنىبىلەن بەندىتۇر. بۆرىمۇ ئۆز بالىلىرىنى مېھىر - مۇھەببەت
بىلەن يالايدۇ ئەمەسمۇ... غەم يېمەڭ، ھەدە، ھەممە ئىشلار
ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

— ئىشقىلىپ، دېگىنىڭىزدەك بولار، ئىلاھىم...

— غەم يېمەڭ، ھەدە، سىز قانۇنىي رەسمىيەت بىلەن كې-
تىپ بارىسىز. ئۇ جايدىكى ئىشلارمۇ قانۇنىي رەسمىيەتلەر
بويىچە بېجىرىلىدۇ. سىز ۋە زىلالنىڭ بىخەتەرلىكىمۇ قانۇن
بويىچە قوغدىلىنىدىغان كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ...

— شۇنداقتىمۇ، ئۇكام... زىلالنىڭ مىراس ھەققى قولىغا
تەگسە... — ھىلالبۇۋى كۆڭلىنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىدىكى ئەن-
سىزلىك تۇپەيلى قىلىۋاتقان گەپلىرىدە تۇتۇتلەپ كېكەچلەپ قې-
لىۋاتقاندەك ئىدى، — بىزنىڭ بىخەتەرلىكىمىز، خاتىر-
جەملىكىمىز...

— مەن دېدىمغۇ، ھەدە، ئۇ ئىشلاردىن غەم يېمەڭ،
نەرسە - كېرەك، پۇل - پۇچەك كۆتۈرۈپ يۈرمەيسىز. بالىغا
تېگىشلىك مىراس ئامېرىكا دوللىرىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. بۇ دوللار
ئالمۇتادىكى جۇڭگو بانكىسى ئارقىلىق ساق - سالامەت يېتىپ
كېلىدۇ. بۇ خۇددى بۇ قېتىمقى ئامېرىكا دوللىرىنى يۆتكەپ
كەلگىنىمدەك ھەم ئوڭاي، ھەم بىخەتەر بىردىنبىر يول. ماڭا
ئىشىنىڭ. مەن رەخمىنىڭ ئىش ئۇسۇلى، پىكىر قىلىش يولى،
روھىي ھالەتلىرىنى بىرقەدەر چۈشىنىمەن. بۇ ئىشلارنىڭ ئو-
ڭۇشلۇق بىر تەرەپ بولۇشىنىڭ ئالدى - كەينىگە چوقۇم ئۆزىنىڭ

يېقىن ئادەملىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ… ئالمۇتا گۈزەل شەھەر، ئارىدا ۋاقىت چىقىرىپ ئۇنىڭ مەنزىرىلىك جايلىرىنى، سەيلىگاھ-لىرىنى كۆرۈڭ…

— ۋاي ئۇكام، يېقىن جانجىگەر دوستۇمنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە بىزگە سايىھەتنى نېمە قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا كۆرۈشكىلى بولسا رەخىم بىلەن بىر كۆرۈشۈپ لالە ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈزىگە بىرنى تۇكۇرۇۋالسام بولاتتى. رەخىم مېنىڭ «ئەركەك» لەردەك مىجەزىمنى بالا ۋاقتىدىن تارتىپ بىلىدۇ.

— بۇنىسى قانداق بولاركىن. ئۇنىڭ كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغاچقا، «مىدىئو» نىڭ غەربىدىكى چىمبۇلاق ساياھەت رايونىنىڭ خىلۋەت جىلغىلىرىدىن بىرىدىكە جايلاشقان داچىسىدا كارانتىن قىلىنغان ھالەتتە قاتتىق مۇھاپىزەت ئىچىدە ساقلانماقتا.

— ئۇنىڭ ئەھۋالى شۇنچىۋالامۇ؟ كېسىلى شۇنچىلىك ئېغىرمۇ؟…

ھىلالبۇۋىنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن پارقىراپ كەتتى.

— شۇنداق، سىلەرگە مەن كۆڭلۈمدىكى بار گەپلەرنى دېيدىم. ھەممىمىزنىڭ ئۈستىدە ئاللا بار. ماڭا ئىشىنىڭكى، سىزنىڭ بىر تۇكۇرۇشىڭىز بىلەن لالە ۋە سىزنىڭ غەزەپ ئوتۇڭلارنىڭ بېسىلىشى ناتايىن. كونىلارنىڭ بۇ خۇدالىق ئالەم، ھەممە ئادەمنىڭ تەقدىر تارازىسىنىڭ تەڭشىكى خۇدانىڭ قولىدا دېگەنلىرى راست گەپ چېغى. رەخىمنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىكى قىسمىتى ئەنە شۇ تەقدىر تارازىسىنىڭ تەڭشىكى بىلەن بولۇۋاتقاندۇر. مېنىڭچە، ھىلالبۇۋى ھەدە، سىز ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق پۈتتۈرۈپ توسالغۇسىز تېز قايتىپ كېلەلەيسىلەر. قالغان ئىشلارنىڭ ئاخىرىنى مەن چىقىرىمەن. ئەل قىساسى — مىنەل ھەق دېگەن گەپ بارغۇ!

بۇ چاغدا ئەكبەرنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ئوت چاقنىغاندەك بىر

ھالەت ئەكس ئەتتى.
— ئۇ ھالدا سىز...
— غەم قىلماڭ، ھەدە، مەن سىلەر ماڭغان كۈنى چېگرىغى- چە بارىمەن. بۇگۈنلا ئۇ تەرەپكە — بىزنىڭ ئۆيگە تېلېفون بېرىپ سىلەرنى كۈتۈۋېلىشنى ئورۇنلاشتۇرىمەن. چېگرىغا ماشىنا كې- لىپ، سىلەرنى ئالمۇتا دۆلەتلىك مېھمانخانىغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ.
— بولىدۇ، ئىشقىلىپ، دېگەنلىرىڭىزدەك بولسۇن، ئۇكام...
— بولىدۇ، مۇشۇنداق كېلىشتۇق ئەمىسە، ھىلالبۇۋى ھە- دە، سىزگە يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، سىز مۇتلەق خاتىرجەم بولۇڭ. بۇ قېتىمقى سەپىرىڭىزنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرىمىز. خۇددى زۇڭتۇڭلارنىڭ زىيارەت مەزگىلىدىكى بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەندەك.
ئەكبەر ئاخىرقى گەپلىرىنى قىلىپ بولۇپ ھىلالبۇۋىگە قا- راپ كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ شۇ كۈلۈشىدە ئەسلىدىكى «بالا» چىرايى قايتىدىن جىلۋە قىلغاندەك بولۇپ، كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئارام بېرىدىغان بىر سەمىمىيەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.
— ھە، راست، ھىلالبۇۋى ھەدە، مەن بۇ جايدا سىلەر قايتىپ كەلگۈچە بىر مەزگىل تۇرىمەن. مۇشۇ پۇرسەتتە مۇستە- قىل سودا قىلىشنى ئۆگىنەي دەيمەن. جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىش سىياستى كەڭرى ئىكەن. چەت ئەل سودىگەرلىرىگە كۆپ مەنپە- ئەت بېرىدىكەن. مەن ئىزدىنىپ كۆرىمەن. ناۋادا مەن ئويلىغان سودا ئىشلىرىمغا يول ئېچىلىپ قالسا، ئۇ تەرەپتىكى ئىشلىرىمنى تاماملىغاندىن كېيىن بۇ تەرەپكە پات - پات كېلىپ تۇرىمەن.
ھىلالبۇۋى ھەيرانلىق بىلەن ئەكبەرنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى - دە:
— سىزمۇ سودىگەر بولامسىز؟

— بەلكىم شۇنداق بولۇپ قالار.
— غەلىتە ئىش، سىزمۇ سودىگەر بولۇپ پۇل تاپسىڭىز...
— باشقىچە ئويدا بولماڭ، ھەدە، — ئەكبەر ھىلالبۇۋىنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى بىلىۋالغاندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — پۇل تاپقان ئادەم پەقەت ئۆزىنى تويۇۋالالىسىلا سودىگەرچىلىك ياخشى ئىش. راست، سىز ئويلىغاندەك بەزى پۇل تاپقان كىشىلەر ئۇچۇشنى بىلىپ چۈشۈشنى بىلمەي قېلىۋاتىدۇ. بىراق مەن كېيىنكى ئىشلارنى ئويلىشىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاز - تولا پۇل تېپىپ، تاپقان پۇلنى جايىدا ئىشلىتەي دەۋاتىمەن. ھە راست، ئېسىمنىڭ بارىدا دەپ قوياي، ئاكام ئەكرەمنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا باشقا قېرىنداش، تۇغقانلىرىمغا تىنمىدىم. ئاپامنىڭ بۇ دەرد - ئەلەمنى كۆتۈرگۈچىلىكى يوق... مەن ئالدى بىلەن ئاكام ئەكرەمنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا دەلىل - ئىسپات، گۇۋاھچىلارغا ئىگە بولاي. ئاندىن قانۇنىي يول تۇتىمەن... ئەگەر ئۇنىڭغا ئۈلگۈرەلمىسەم، بولدى، ئاڭلىغانلىرىمغا يارىشا ئىش كۆرۈۋېرىمەن.

تولىمۇ ھوشيار، تۇيغۇن ھىلالبۇۋى ئەكبەرنىڭ سۆزىنىڭ ئورانىدىن بىرنېمە سەزگەندەك قىلدى - دە:

— ئۇكام، سىز تۇنۇگۈن دېگىنىڭىزدەك رەخمىدىن ئاكىڭىزنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بۇ تەرەپكە قېچىپ كەلمەكچىمۇسىز؟!

— ئوھوي، ھەدە، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز، رەخمىدىن ئۆچ ئېلىش سىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. ئۇ ھازىر قاتتىق قوغدىنىشنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ دېيىشىدۇ. بىراق شۇنداق بولسىمۇ مەن تىرىشىپ كۆرىمەن. ئەڭ بولمىسا دېگەندىمۇ ئۇنىڭ جەستىنى گۆرىدىن ئاچىقىپ كۆيدۈرۈۋېتىمەن. بۇ مېنىڭ ئىشىم، بىراق دېمەككە ئاساندەك قىلغان بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرماق بەكمۇ قىيىن. سىز زىلالنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن

تەلەپ قىلسىڭىز ئېھتىمال ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالارسىز.
لېكىن بىزگە قىيىن. بىراق مەن پۇرسەت كۈتىمەن. ئەمەلىي
كۈچ يېتىشتۈرۈپ شۇ كۈچۈمگە تايىنىمەن. مەن رەخمەدەك رە-
زىل ۋاستىلەرنى قوللانمايمەن. بۇ ئىشلارغا ۋاقىت كېرەك.
ۋاقىت ماڭا پۇرسەت بېرىدۇ. بىر ئامالالارنى قىلىپ ئۇنىڭ ئە-
شەنچىسىگە ئېرىشىش ماڭا يول ئېچىپ بېرىدۇ. مانا بۇ قېتىمقى
بۇ تەرەپلەرگە كەلگىنىم ۋە بۇ جايدا بىر مەزگىل تۇرۇشنى
مۆلچەرلىشىم پۇرسەت كۈتۇش ئۈچۈن.
— بۇ نىيىتىڭىزدىن يانمامسىز؟
— ياق، ھەدە، ئوغۇل بالا دەپ يارالغانىكەنمەن، قېرىنداد-
شىمنىڭ قىساسىنى ھامان بىر كۈنى ئالىمەن.
— ئۇنداقتا سىز بۇ جايدا نېمانچە ئۇزۇن تۇرۇشنى
پىلانلىدىڭىز؟
— سىلەر ئىشىڭلارنى پۈتتۈرۈپ كېلىڭلار، ئاندىن…
ئاندىن…
— ئاندىن قايتامسىز؟— ھىلالبۇۋى ئەكبەرنىڭ سۆزد-
نى بۆلدى.
— مەن قايتىمەن. ھامان بىر كۈنى قايتىمەن. مەن بەربىر
شۇ تەرەپنىڭ گىراژدانىمەن - دە. دېدىمغۇ بۇ جايدا تۇرۇپ پۇر-
سەت كۈتىمەن. مېنىڭمۇ ئۆز يۇرتۇمدا بىر - بىرىمىزگە ئەقىدە
باغلىغان ئىخلاسمەن دوستلىرىم بار. مېنىڭ بۇ قېتىم بۇ تەرەپكە
كېلەلىشىممۇ، رەخمىنىڭ ئەتراپىدىكى دوستلىرىمنىڭ رەخمىگە
بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە بولغان. نېمىلا دېگەنبىلەن بىللە چوڭ
بولغان، بىللە ئوقۇغان بىر يۇرتنىڭ باللىرى - دە بىز. مەن
ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى مۇشۇ جايدا تۇرۇپ قېلىپ قىساسلىق
چىرايىمنى يوشۇرۇش…
— ئۇھ، خۇدايىمەي، سىزنىڭ ئىشلىرىڭىز نېمىدېگەن
چىگىش، ئايىغى چىقماس خىياللارغۇ بۇ!
— قارىماققا شۇنداقتەك كۆرۈنىدۇ. بىراق مەن بۇ چىگىش-

نى يېشىپ ئىشنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىمەن.
— ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، ئۇكام. دۇرۇس سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ ھالال پايدا كۆرۈڭ، بۇ دۇنيادا قانۇن بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ.
— خاتىرجەم بولۇڭ، ھەدە، دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن. تېخىمۇ خاتىرجەم بولۇڭلاركى، مەن زەھەر ساتمايمەن... ماڭا كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت، ھەدە. ئۇ تەرەپتىكى ئىشلاردا تەمكىنرەك بولارسىز.
— بولىدۇ. گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن، ئۇكام.
— خەيرخوش، سەپىرىڭىزگە ئامانلىق تىلەيمەن. سىز ماڭىدىغان كۈنى چېگرىغا ئۆزۈم ئۇزىتىپ بارىمەن. ئۇ تەرەپكە تېلېفون بېرىمەن دېدىمغۇ! مېنىڭ سىڭلىم رۇخسارى چېگرىغا كېلىپ سىزنى كۈتۈۋالىدۇ. ئەگەر مېھمانسارايدا ياتقىڭىز كەلمىسە رۇخسارى بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە ئورۇنلىشىڭ. ئۆيدە ئاپام بىلەن جەمىلە ھەدەملا بار. رۇخسارەگە تاپىلايمەن. ئۇنىڭ باشتىن ـ ئاخىر سىزگە ھەمراھ بولغىنى تۈزۈك. چۈنكى رۇخسارە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن قىز.
— رەھمەت، ئۇكام. ئېيتقانلىرىڭىزدەك قىلىمەن.
ئەكبەر ھىلالبۈۋىنى تاكى مېھمانسارايىنىڭ كوچىغا قارىغان قېلىن ئەينەك تاختىلىق ئىشىكى ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چۈشتى. شۇ تۇرقىدا ئەكبەرنىڭ چىرايى شۇنچىلىك نۇرسىز ئىدى. يېقىندىن بۇيان ئاكىسى ئەكرەمنىڭ ئۆلۈمى تۈپەيلى تارتىۋاتقان ئىچ ئاغرىقى ئۇنىڭ چىرايىغا تەپكەنىدى. چىرايلىق ياسىنىۋالغان بۇرۇتى، ئۆزىگە خويما ياراشقان قىپقىزىل مەڭزىلىرىدىن ماي تېپىپ تۇرىدىغان ھېلىقى «بالا چىراي»، «بۇرۇتلۇق» يىگىتنىڭ بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىھۇدە پۈچىلىنىپ تاتىرىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا قاراپ ھىلالبۈۋىنىڭ ئىچى ئاچچىق بولدى. ئەكبەرنىڭ شۇ تاپتىكى رەڭگىرويى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك ئىدى.

# ئونىنچى باب

بۈگۈن ئونىنچى ئىيۇل.

چېگرىدىن چىقىش رەسمىيەتلىرى بىردەمدىلا ئوڭۇشلۇق بېجىرىلدى. چېگرا دەپ ئاتالغان بۇ سىزىق چوڭ كۆۋرۈكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، ھىلالبۇۋى بىلەن زىلال ئولتۇرغان مىنىبۇس بۇ سىزىقنى بېسىپ ئۆتتى. قورغاس ئېغىزىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كۈتۈۋېلىش ئېغىزىدا رەڭمۇرەڭ كىچىك ئاپتوموبىللار ۋە ئاپتوموبىلنىڭ ئەتراپىدىكى توپ - توپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى ھەرقايسىسى ئۆزلىرى كۈتۈۋاتقان مېھمانلارنىڭ يولىغا تىكىلمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى، تونۇش - بىلىشلىرىنى ۋە ھەتتا ئاتا - ئانىسىنى كۈتۈۋاتقاندۇر. ھىلالبۇۋىنى تونۇيدىغان كىم بار؟ زىلالنىچۇ تېخى...

ھىلالبۇۋى دېرىزىنىڭ ئۇچۇق كۆزنىكىگە قاراپ يىراقتىن كۆرۈنگەن تەلكە تاغلىرىغا نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ نەزىرىچە تاغلار تاغلار بىلەن تۇتاش، يوللار يوللار بىلەن تۇتاش، چېگرا دەپ ئاتالغان تىكەنلىك سىمنىڭ بىردە ئۇ تەرىپىنى، بىردە بۇ تەرىپىنى بويلاپ مەۋج ئۇرۇپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ئېقىنلار... بۇلارنىڭ ھەممىسى ھىلالبۇۋىگە يات تۇيۇلمايۋاتاتتى. ئۇنىڭغا خۇددى ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۇتاش كەتكەن تاغلاردەك، بۇ تاغلار، قاپتاللارنى يېزىلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان يوللاردەك، ئۆزىگە تونۇش بولغان جىرالاردىن ئېقىپ چىقىۋاتقان ئېقىنلاردەك، ئۆزلۈك تۇيغۇسىنى بەرمەكتە ئىدى. «تووۋا،— دېدى ئۇ ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ،—

تارىختىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇشۇ چىگرا سىزىقى ئىككى تەرەپتىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى، پىسخى-كىسىنى ياتلاشتۇرۇۋەتكۈدەك شۇنچە قۇدرەتلىكمىدۇر؟ شۇ مەز-مۇت تاغلارغا تەقدىرى باغلانغان كىشىلەرنى، شۇ كەڭرى كەتكەن دەريا ساھىلىنى مۇشۇنداق ئايرىپ تۇرامدۇ؟ ئەنە ئىلى دەرياسى، بىزمۇ ئۇنى ئىلى دەرياسى دەيمىز. بۇ تەرەپتىكىلەرمۇ ئۇنى شۇنداق دەپ ئاتايدۇ. بۇ دەريانىڭ باشتىن - ئاخىرغىچە ھەممەي-لەن ئۇنى ئانا دەريا دەيدىغۇ؟!…»

يېنىك تورمۇزلانغان ماشىنا كەڭ مەيدانغا كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىن چۈشكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزئارا قىزغىن كۆرۈش-مەكتە، قۇچاقلاشماقتا، سۆيۈشمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قەلبىدە بىرلا ئوت، يالقۇنلاپ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن سېغىنىش ئوتى بۇگۈن ئۇلارنى ھاياجانلاندۇرماقتا. قېرىنداشلىق مېھرى بىر - بىرىنىڭ ۋۇجۇدىنى جانلاندۇرماقتا، بۇ ئوت ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى ئىللىتماقتا…

مىنىبۇستىن ئەڭ ئاخىرىدا چۈشكەن ھىلالبۇۋى، زىلالنىڭ قولىنى خۇددى بىرلىرى زىلالنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ قېچىپ كېتىدىغاندەك، چىڭ تۇتقانچە قاينام - تاشقىنلىققا تولغان كىشىلەر توپى ئىچىگە يوغان كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قارىماقتا.

— ھىلالپا (ھىلال ئاپا دېمەكچى)، قولۇمنى قويۇپ بەر، بەك ئاغرىتىۋەتتىڭ.

— توختا، جانىم، غەيرەت قىل…

ھىلالبۇۋى يەنىلا كىشىلەر توپى ئىچىگە قاراپ تەلمۈرمەكتە. تاكسىلارغا بىر - بىرلەپ چۈشۈپ كېتىپ بارغان ئادەملەرگە، مەيداندا بارغانسېرى شالاڭلاپ قېلىۋاتقان كىشىلەر توپىغا قاراپ، ئۇنىڭ تېنى شۈركۈنگەندەك بولدى. ھىلالبۇۋى ئۆمرىدە ئۆزى سېزىپ باقمىغان، ئۆزىگە تونۇش بولمىغان بىر خىل ئەنسىز

تۇيغۇ ئىچىدە، بارغانسېرى ئازلاپ كەتكەن كىشىلەر توپى ئىچىگە خۇددى ئۆزىنىڭ بىر تونۇشلىرىنى ئىزدىگەن ئادەمدەك بويۇنداپ قاراۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ يېنىدىلا تۇيۇقسىز:

— سىز ھىلالبۇۋى بولامسىز؟ — دېگەن بىر قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئايال ھەربىيچە كىيىنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى چېكىسىدىن قۇلاق يۇمشىقىغىچە چۇشۇپ تۇرغان قوڭۇر چېچى، باستۇرۇپ كىيىۋالغان ھەربىي شەپكە، ئايالغا ئالاھىدە سالاپەت بەرگەنىدى. لېكىن ھەربىيچە كىيىنگەن بۇ قىز ئەمدىلا يىگىرمە بەشلەرنىڭ قارىسىنى ئالغانىدى.

— يۇرۇڭ، سىزنى كۈتۈپ تۇرغانلار بۇ تەرەپتە.

ھەربىي قىز ھىلالبۇۋى بىلەن زىلالنى ماشىنا توختىتىش مەيدانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى چوڭ بىنانىڭ ئايرىم خانىسىغا باشلاپ كىردى. ھىلالبۇۋى ئىشىكتىن ئەمدىلا قەدەم ئېلىشىغا:

— ياخشىمۇسىز، ھىلالبۇۋى ھەدە، — دېدى بىر قىز. مۇنداق بىر قارىماققا «بۇرۇتلۇق» يىگىتنىڭ بالا چىرايىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ياشقىنە قىز ھىلالبۇۋىگە يۈزلىنىپ كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىدى، زىلالنىڭ يۇمشاق بۇدۇر چاچلىرىنى قايتا ـ قايتا سىلاپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغانچە زىلالنىڭ مەڭزلىرىگە سۆيدى. ھىلالبۇۋى تونۇش بولمىغان بۇ قىزنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن ئېسىكەنگىرەپلا قالغانىدى. ئاخىرىچە قىز:

— ئەكبەر ئاكام تېلېفوندا سىزنى كۈتۈۋېلىشنى ئېيتقان، بىز سىزنى تونۇمىغاندىن كېيىن... ئىسمىم رۇخسارە، بىزنىڭ ئۆينىڭ كەنجىسىمەن، — قىز بىر خىل ئوڭايسىزلىق ئىچىدە قىزاردى... ، — سىزنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىش خەۋىرىڭىز تۇيۇقسىز بولغاچقا بىز ئالدىراپ قالدۇق.

— رەھمەت، سىڭلىم، مانا ئالدىمىزغا كەپسىلەرغۇ. بىز مانا ھېلىلا چېگرىدىن ئۆتتۇققۇ؟!

— مانا بۇياق مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاق-

دىشىم، مۇشۇ چېگرا ئېغىزىدا ئىشلەيدۇ. بىزمۇ بۇ يەرگە ھېلىلا يېتىپ كەلدۇق. بىز مۇشۇ ھەربىي خېنىمنىڭ «ھەربىيلەرچە بۇيرۇقى» بىلەن مۇشۇ جايدا ئۇچراشتۇق.

— بىزنى يات كۆرمەي ئالدىمىزغا چىققىنىڭىزغا رەھمەت، سىڭلىم...

— ياخشىمۇسىز، ھەدە، — دېدى باياتىن بېرى رۇخسارەنىڭ يېنىدا بىردە ھىلالبۇۋىگە، بىردە زىلالغا قارىغانچە ھەيرانلىق ئىلكىدە تۇرغان يىگىت. ئېھتىمال ئۇ شۇ قارىشىدا: «مۇنۇ قارىقۇمچاق ئايالنىڭ ئوغلى ئەجەب ئاق، ئەجەب سۇزۇككىنە - ھە!» دەپ ئويلاپ يېنىش - يېنىشلاپ بايىقى ھەربىي قىزغا قاراپ قويىاتتى. بۇ يىگىتنىڭ ھەيرانلىقى ھىلالبۇۋىنىڭ سەزگۈرلۈكى- دىن نېرى قالمىغاندى.

شۇڭا ھىلالبۇۋى.

— ھە راست، بۇ زىلال، ئوغلۇم بولىدۇ، — دېدى.

ھىلالبۇۋى ئەكبەرنىڭ تاپىلىشى بىلەن ھەرقانداق جامائەت سورۇنىدا زىلالنى ئۆز ئوغلۇم دەپ تونۇشتۇرۇشقا كېلىشكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ، زىلال ھىلالبۇۋى ئۈچۈن ئۆز ئوغلىدەكلا ئىدى.

— بۈگۈن بىز سىزنى ئۇدۇللا بىزنىڭ ئۆيگە ئەكېتىمىز. ئەسلىدە مېھمانسارايغا ئورۇنلاشتۇرماقچىدۇق، بىراق سىزنىڭ ۋە بۇ «يىگىت»نىڭ (قىز زىلالنى شۇ سۆز بىلەن تاتلىققىنە ئەركە- لەتتى) بىخەتەرلىكىنى ئويلاشتۇق. ئەكبەر ئاكامنىڭ دېيىشىچە، سىزنىڭ ئىشلىرىڭىز ھۆججەتلەشتۈرۈلۈپ بولغان چېغى. بۇنداق ئەھۋالدا ئىككىلا تەرەپتە نارازىلىق پىكرى بولمىسا ئىش ئوڭايلا پۈتىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق. بىراق بىزمۇ چۈشەنمىدۇق. ئەكبەر ئاكام مۇشۇ يېقىندىن بۇيان بەكمۇ مەيۈس كۆرۈنىدۇ. بەلكىم سىلەر- نىڭ مۇشۇ ئىشىڭلار ئۈچۈنمىكىن دەپ ئويلايمەن. بىراق ئۇنىڭ

ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن گويا بىزدىن بىرەر ئىشنى سىر ساقلىغاندەك ھالەت بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئېھتىمال چوڭ ئاكام ئەكرەمنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىپ ھېلىغىچە خەۋىرى بولمىغاچقا، ئەكبەر ئاكام شۇنچە مىسكىنلىشىپ كېتىپ بارامدىكىن. ئۇ ھازىر ئۆزىدە بەزى ئىشلارنى بەكمۇ ئىنچىكىلەپ، زىغىرلاپ كېتىدىغان بىر مىجەزنى پەيدا قىلىۋالدى. ئېھتىمال مېنىڭ پەممەچە، سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنىمۇ شۇنچە ئىنچىكىلىك بىلەن، شۇنچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرغاندەك.

ھىلالبۇۋى لاپ قىلىپ رۇخسارەنىڭ چىرايىغا قارىدى. رۇخسارەنىڭ چىرايى بولسا، قانداقتۇر بىر خىل مەيۈسلۈك، ئەنسىزلىك، بىئاراملىق ئارىلىشىپ كەتكەن، چۈشىنىپ بولغۇسىز دەرىجىدە غەلىتە بىر ھالەتتە ئىدى.

ھىلالبۇۋىنىڭ ئېسىگە ئەكبەرنىڭ «ئاكامنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا باشقا قېرىنداش، تۇغقانلىرىمغا تىنمىدىم، ئاپامنىڭ بۇ دەرد ـ ئەلەمنى كۆتۈرگۈچىلىكى يوق…» دېگەن گەپلىرى كەلدى. رۇخسارەنىڭ مەيۈس چىرايى ھىلالبۇۋىنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۇنى بىئارام قىلىدىغان يېقىمسىز بىر سىرقىراش پەيدا قىلدى. بۇ خىل سىرقىراش چىن ئىنسانىي تۇيغۇدىن كېلىپ چىققان ھېسداشلىقنىڭ بېشارىتى ئىدى.

ھىلالبۇۋى نېپىز لەۋلىرىنى يىمىرىپ چىشلىدى.

— نورىك.

— خوپ، باشلىق.

— يولغا چىقايلى.

— مانا مەن تەييار، باشلىق.

بايىقى يىگىت رۇخسارەنىڭ جىلۋىلىك چىرايىغا قارىغانچە تەبەسسۇم بىلەن ماشىنا تەرەپكە ماڭدى. ماشىنا يېنىك قوزغالدى.

— نورىك دېسەم غەلىتىلىك ھېس قىلماڭ، ھەدە. ئۇنىڭ

ئەسلىي ئىسمى نۇرەخمەت. بىز رۇس بالىلىرى بىلەن چوڭ بولۇپ، بىللە ئوقۇپ، بىللە ياشاپ ئۆگىنىپ كېتىپتىمىز. ئەنە شۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا بالىلارلا ئەمەس، بىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمىزمۇ بۇنىڭ ئىچىدە، بىلىپ - بىلمەي يات مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەت، سۆز ئۇسلۇبى ۋە پسىخىكىلىق ئادەتلىرىنى سىڭ- دۇرۇۋاپتىمىز.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئاڭلىساق سىلەر تەرەپتە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممى- سىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ سىياسەتلەر ئېنىق بەلگىلەنگەن دەيدۇ...

— شۇنداق، سىڭلىم.

ماشىنا بولسا غەربكە قاراپ سوزۇلغان كەڭرى تاشيولدا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە.

— ھەدە، سىلەر تەرەپتىمۇ مۇشۇنداق ياۋا گۇللەر بارمۇ؟

— بىز تەرەپتىمۇ شۇنداق توقايلىقلار، ياۋا گۇللەر، ياۋا مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. قىرغاۋۇل، چىل، بۇلبۇل، تورغاي... قاناتلىق قۇشلار كۆپ.

— ھە، ئاڭلىغانمەن، توقاي، تورغاي توغرىسىدا خەلق ئىچىگە تارقالغان ناخشىمۇ بارغۇ دەيمەن.

— شۇنداق.

— بۇ ناخشىنى مەن تۇنجى ئاڭلىغاندىلا ئۆگىنىشكە قىزىققانىدىم.

ئىلى يولى ئەگرى - توقاي، ئەگرى - توقاي،
توقايلىقتا سايرايدۇ بىر جۈپ تورغاي...

رۇخسارە جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ناخشىنى بىر كۇپلېت ئېيتىپلا ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ كۈلگەندە شۇنچىلىك ئوماق-

لىشىپ كەتتىكى، ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرىگە ھىم يېپىشىپ، ئۇن-
چىدەك چىرايلىق تىزىلغان ئاپئاق، پارقىراق چىشلىرىنىڭ ھەم-
مىسى دېگۇدەك كۆرۈنۈپلا قالغانىدى. چىرايلىق كۆزلىرى يۇمۇ-
لۇپ، مەڭزىدىكى زىنىخلىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ كەتتى.

— ئوبدان ئېيتتىڭىز، سىڭلىم. ئاۋازىڭىزمۇ شۇنچە
سۇزۇك، جاراڭلىق ئىكەن.

— نەدىكىنى.

— مەن راست دېدىم، سىڭلىم. ناخشا ئېيتسىڭىز تېخىمۇ
چىرايلىقلىشىپ كېتىدىكەنسىز.

— شۇنداقمۇ تېخى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىز ياشلارنىڭ
ھەممىسى سىلەر تەرەپنىڭ ناخشا - مۇزىكىسىغا ھېرىسمەن بولۇپ
قېلىۋاتىمىز. چۈنكى ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكىلىرى سىلەر تەرەپ-
تىلا ئۆز ئەسلىي بىلەن ساقلىنىپ قالغانىكەن. يەنە تېخى ئون
ئىككى مۇقامنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن بىردىن كىنو ئىشلىنىپ،
بىردىن كىتاب يېزىلغاندىن تاشقىرى، مۇقام تەتقىقاتىدىغا
ئائىت توم - توم كىتابلار ئېلان قىلىنغۇدەك. نېمىدېگەن ياخشى
ئىشلار. مەن ئويلايمەن، ھەرقايسى تارىخىي داۋالغۇشلاردا ئۆزد-
نىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتىنى
ساقلاپ قالالىغان ۋە مۇشۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت
مىراسلىرىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن مىللىي پىسخىكىسىنى مۇ-
كەممەللەشتۇرۇپ بارالىغان مىللەت — ئۇلۇغۋار مىللەت. ھەر-
قانداق ئەسەبىي كۈچ ئۇنداق مىللەتنى تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈۋې-
تەلمەيدۇ. بىراق بۇ تەرەپتىكى قاتتىق سىياسەتلەر ھەرقايسى ئاز
سانلىق مىللەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىلىرىدىن
مەھرۇم قىلدى، — رۇخسارە ھاياجانلىنىپ سۆزلىمەكتە. ھىلال-
بۇۋى شوخ، ئەركىن پىكىرلىك بۇ قىزنىڭ سۆزلىرىدىكى چوڭ-
قۇر مەنىلىك پىكىرلەرنى زېھىن قويۇپ ئاڭلىماقتا.

— ھىلالپا، قارا - قارا، ئاۋۇ نېمىدۇر؟...

زىلال كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن جەنۇبىي تاغ چوققىسىنىڭ يىراق بىر جايىدا پارقىراپ نۇر قايتۇرۇۋاتقان بىرنېمىنى كۆرسەتتى.

— نېمىكەنتاڭ، قوزام؟!

— ئۇ چوڭ ئېلېكتر چىراغىنىڭ ئەينىكى، جانىم،— دېدى رۇخسارە زىلالنىڭ يۇمشاق بۇدۇر چاچلىرىنى مېھىرى بىلەن سىلاپ،— بۇگۈن ئۇ چىراغ ئوڭدا بولۇپ قالغان چېغى. ئادەتتە بۇ چىراغ چېگرا تەرەپنى ئۆزۈندىن - ئۆزۈن يورۇق چۈشۈرۈپ كۆزىتىدۇ... مانا بۇ تەرەپ بىلەن قاپچىغاي دېگەن تەرەپكە كېتىدۇ، — دېدى رۇخسارە ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتكەن يولنى كۆرسىتىپ،— بۇمۇ بىر ساياھەت رايونى، يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى كىشىلەر شۇ جايغا توپلىنىدۇ، سەيلە قىلىدۇ، دەريا سۈيىگە چۆمۈلىدۇ. ئىلى دەرياسىنىڭ ئاخىرى شۇ تەرەپكە كېتىدۇ،— ھىلالبۇۋى بىر تەرەپتىن قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن قايسىدۇر بىر ئالىمنىڭ يەتتەسۇ رايونى ھەققىدە يازغان بايانلىرىنى ئەسلىمەكتە... ئۇ يوغان كۆزلىرىنى ئاسمىنىقى - ئۈستۈنكى كىرپىكلىرى گىرەلىشىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە قىسىپ، كۆز قارىچۇقلىرىنىڭ نۇرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يىراق غەرب تەرەپتە كۆرۈنۈۋاتقان تاغ چوققىسىغا تىكىلمەكتە. ئەنە شۇ تاغ چوققىسىنىڭ باغرىدىكى شەھەردە ئۆزىنى، زىلالنى قانداق قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقلىرى ئۈستىدە ئويلانماقتا...

— تولا سۆزلەپ سىزنى چارچىتىپ قويدۇممۇنېمە؟

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، سىڭلىم.

لېكىن رۇخسارە قانداقتۇر بىر خىجىللىق ئىلكىدە قالغاندەك ئىدى. ئىيۇلنىڭ چىڭقىچۈش مەزگىلىدىكى ئىسسىقتىنمۇ ياكى ھاياجانلىنىپ سۆزلەشتىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ مەڭزى تولۇپ پىشقان ئالمىلاردەك قىزىرىپ بەكمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەنىدى.

روخسارە ھەقىقەتەنمۇ تولا سۆزلىگەنلىكىدىن ئوڭايسىزلىنىپ قالغاندەك ئىدى. قىزنىڭ چىرايىدىن بۇنى سەزگەن ھىلالبوۋى:

— ھەرگىز خىجىل بولماڭ، سىڭلىم. سىزنىڭ سۆزلىگەنلىرىڭىزدىن مەن كۆپ نەرسىنى چۈشەندىم. بۇ تەرەپنىڭ ھەممە نېمىسى مەن ئۈچۈن يېڭىلىق. بىلمىگەن نەرسىلەرنىڭ بىلىۋېلىشنىڭ ئۆزى بىر ياخشى ئىشقۇ.

— چىرايلىق ساقام، سېنىڭ ئىسمىڭ زىلال بولىدۇ. بۇنى مەن بىلىمەن. مەكتەپكە كىردىڭمۇ؟

— ھەئە، ئىككىنچى سىنىپقا كۆچتۈم.

— ياخشى ئوقۇغانسەن تايىن - ھە.

— ھە، ئەلا كۆچتۈم.

— مەنمۇ شۇنداق دېمەكچى... ئەلاچى يىگىت، مەن سېنى تازا ئوبدان ئوينىتىمەن.

— ياق، مەن ئوينىغىلى كەلمىدىم، مەن بىلىمەن، دادامنى ئالمۇتا شەھىرىدە بار دەيدۇ. مەن دادامنى كۆرگىلى كەلدىم.

— داداڭنىمۇ كۆرىسەن. لېكىن بۇ تەرەپتە بىز بىلەن بىللە ئوينىمىساڭ مەن خاپا بولۇپ قالمامدىم.

روخسارە قانداقتۇر بىر خىياللار بىلەن دومسايغان زىلالنىڭ مەڭزىگە بېسىپ - بېسىپ سۆيۈپ قويدى ۋە دومسىيىشتىن تېخىمۇ ئۈچلىنىپ كەتكەن بۇرنىنىڭ ئۈچىنى يېنىك چىمداپ:

— بۇنداق دومسايما، زىلال جانىم. دومسايساڭ قارىغىنە مۇنۇ چىرايلىق بۇرنۇڭ... ھە... باشقىچىلا بولۇپ كېتىدىكەن، — روخسارە ئەسلىدە (سەتلىشىپ كېتىدىكەن) دېمەكچىدى. زىلالنىڭ مەسۇم تەبىئىتىگە خىلاپلىق قىلىپ قويماي دەپ ئويلىدى - دە، «سەتلىشىپ كېتىدىكەن» نىڭ ئورنىغا «باشقىچىلا بولۇپ كېتىدىكەن» دېدى. زىلال تاتلىققىنە كۈلۈپ قويدى. شۇ كۈلۈش بىلەن ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

— مانا بۇ سول تەرىپىمىزدە سوزۇلۇپ ياتقان يەركەت شەھەرچىسى. ئەسلىدە بۇ شەھەرگە كىرىپ ئايلىنىپ بۇ شەھەرنى سىزگە كۆرسىتىپ ئۆتسەك بولاتتى. بىراق يولىمىز ئۇزۇن، كەچ قالمايلى.

ماشىنا كەڭ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاشيولدا يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

— رۇخسارە، دېرىزىلەرنى يېپىۋېتىڭ. ئالدىمىزدا توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. مەن ھاۋا تەڭشىگۈچنى ئېچىۋېتەي، سالقىنراق ئولتۇرۇۋېلىڭلار.

كۈنپېتىش تەرەپتىن چىقىۋاتقان شامال بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. يول بويى دېرىزىدىن كىرىۋاتقان ئىيۇل ھاۋاسىنىڭ ئىسسىق شامىلىنىڭ ئورنىغا كۈچلۈك بوران ئالماشقانىدى. ماشىنىنىڭ ئىچى ئاستا - ئاستا سالقىنلاشقا باشلىدى.

— رۇخسارە، ئەھۋالدىن قارىغاندا بوران بىلەن تەڭ يامغۇرمۇ ياغىدىغان چېغى، قاراڭە ئەنە تۈركۈم - تۈركۈم قارا بۇلۇت.

راست دېگەندەك غەرب ئاسمىنىنى بىردەمدىلا قاپقارا بۇلۇت قاپلاشقا باشلىغانىدى.

— بىز كەينىمىزگە يېنىپ يەركەنتتە بىردەم توختايلى. بوران بىلەن كەلگەن يامغۇر ئۆتكۈنچى بولىدۇ. بىردەملا ئۆتۈپ كېتىدۇ. تاماق يېگەچ يەركەنتنى مېھمانلارغا كۆرسىتەيلى.

— خەير، كەينىمىزگە ئازراق ماڭىدىغان بولدۇق - دە!

شوپۇر يىگىت ماشىنىنى تېز ئايلاندۇردى - دە، يان تەرەپتىكى يولدىن قايرىلىپ بايا رۇخسارە كۆرسەتكەن يەركەنت شەھەرچىسىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئۇلار يەركەنت شەھەرچىسى بازىرىدىكى كىچىككىنە ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقاندا، راست دېگەندەكلا بوران بىلەن كەلگەن يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇۋاتقاندەك شارقىراپ يېغىشقا باشلاپ ئاسفالتلانغان كوچىلاردا سانسىزلىغان كۆپۈكچىلەرنى ھاسىل قىلدى ۋە ھايال ئۆتمەي تاراسلاپ مۆلدۈر

چۇشۇشكە باشلىدى. تۇيۇقسىز ئۆزگەرگەن ھاۋادىن ھىلالبۇۋى-نىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولدى. زىلال كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ بىردەمدىلا يەر يۈزىدە ئاپئاق بىر قەۋەت ھاسىل قىلغان مونچاق - مونچاق مۇز پارچىلىرىغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلمەكتە ئىدى.

— بۇ تەرەپتە بەزىدە كۈن ئۇدا بىرنەچچە كۈن ئىسسىپ كەتكەندە، كەينىدىنلا مۇشۇنداق قاتتىق بوران چىقىپ ئۆتكۈنچى يامغۇر ياغىدۇ، — دېدى شوپۇر يىگىت نۇرەخمەت.

— ئوخشاش، ئۇكام، ھايال ئۆتمەي بۇ يامغۇر بىزنىڭ يۇرتنىڭ كوچىلىرىنى نەمدەيدۇ... بەزىدە بىزدىمۇ شۇنداق يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى مۆلدۈر ياغىدۇ.

— مۆلدۈر دېگەن قىزىق نېمىكەن، — دېدى شوپۇر يە-گىت. دېرىزىدىن تالاغا بويۇنداپ قاراپ، — ھېلى بۇ كوچىغا ياغقىنى بىلەن كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە بەلكى چۈشمىگەندۇر.

— شۇنداق، — دېدى ھىلالبۇۋى ئەمدى ئازراق پەسكويىغا چۈشكەن مۆلدۈر ئارىلاش يېغىۋاتقان يامغۇرغا قاراپ، — بىز تەرەپتىمۇ ئوخشاش. ھېلىمۇ ئېسىمدە، لالە ئىككىمىزنىڭ بالى-لىق چاغلىرىمىز تاغ - باغرىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئۆتكەن. شۇ چاغلاردا ئېتىز قىرلىرىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ياغقان مۆلدۈر بۇ تەرىپىگە چۈشمەيتتى. ئۇنداق تۇيۇقسىز ياغقان مۆلدۈر ئارىلاش يامغۇردا قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان چوڭلارنىڭ كەت-مەن - گۈرجەكلىرىنى بېشىغا دالدا قىلىپ ئېتىز قىرلىرىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشلىرى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا.

ئۆتكۈنچى يامغۇر دېگەندەك بىردەمدىلا بېسىقتى، تۇرۇ-لۇپ - تۇرۇلۇپ شەرققە قاراپ سۈرۈلۈۋاتقان بۇلۇتلارنىڭ ئارقى-سىدىن «پاللىدە» قىلىپ كۈن چىقتى. بۇ چاغدا ئۇلار تاماقنى يەپ بولغانىدى.

— رۇخسارە، ئاشخانىدىن چىقىپ، ماشىنا بىلەن يەركەنت كوچىلىرىنى بىر ئارىلاپ چىقايلى، ھەدىمىز كۆرسۇن، — دېدى

شوپۇر يىگىت.
— سىزچە قانداق، ھىلالبۇۋى ھەدە؟
رۇخسارە سوئال نەزەرى بىلەن ھىلالبۇۋىگە قارىدى.
— مەيلى، كۆرگەنگە يېتەمدۇ. چوڭلارنىڭ كۆزۇڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر دېگەنلىرى ئورۇنلۇق گەپ. ئالدىرىمىساقمۇ بۇ جايلاردىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ باقساقمۇ بولاتتى.
— قايتقان ۋاقىتىڭلاردا ئۇمۇ بولۇپ قالار، بۈگۈنچە كوچا ئايلىنايلى.
— بولىدۇ، ئات ئۈستىدە گۈل كۆرگەندەك بولسىمۇ ئۇنىڭ ھۇزۇرى يەنىلا ئۆزگىچە.
«ئات ئۈستىدە گۈل كۆرمەك» دېگەن بۇ تەرەپلەرگە يات تەمسىلنى كەلتۈرگىنىدىن خىجىل بولغان ھىلالبۇۋى تەمسىلنىڭ مەزمۇنىنى رۇخسارەگە قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ قويدى. رۇخسارە ھىلالبۇۋىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن مەمنۇن بولغان چېغى.
— راست، دېمىسىمۇ بۇ بىر پەلسەپىۋى پىكىر ئىكەن، — دېدى رۇخسارە.
— شۇنداق، بۇ تەمسىل تۇرمۇشقا چۈكمەي، لەيلەپ يۈرىدىغان بيۇروكرات باشلىقلارنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
ماشىنا قوزغالدى، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر تۇتاش ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرى، سىرلانغان، سىرلانمىغان، رېشاتكىلار، قارىياغاچنىڭ شاخلىرى، جىغانىنىڭ تىكەنلىك شاخلىرى بىلەن قاشالاپ چىتلاپ پاسىل ئايرىپ تۇرغان قورۇ - جايلار، بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن مېۋىلىك باغلار. باغلاردىكى ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلۇپ، پارقىراپ نۇرلىنىپ كەتكەنىدى.
— ئەنە، ئاۋۇ كۆرۈنگەن ۋېلىبايىنىڭ مەسچىتى دېگەن مەس-

چىت شۇ.

ھىلالبوۋى بېشىنى ئېگىپرەك ماشىنىنىڭ ئالدىنقى ئەينىكىدىن خۇددى غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى بەيتۇللا مەسچىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان مەسچىت مۇنارىغا قارىدى.

— بۇمۇ بىر تارىخ، — دېدى رۇخسارە.

— راست، بۇمۇ بىر تارىخ، — تەكرارلىدى ھىلالبوۋى، — ۋېلىباي دېگەن بۇ ئادەم مەرىپەتپەرۋەر ئادەم ئىكەن. شۇ زامانلاردا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خاقانى چيەنلۇڭنىڭ خىراجەت ئاجرىتىشى بىلەن غۇلجىدىمۇ بىرقانچە مەسچىت سېلىنىشقا يېتەكچىلىك قىلغانىمىش. ئۇ ئادەم يەنە ئېشىنچا خىراجەتلەر بىلەن سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى، سەككاكى مازارلىرىنىڭ ئورنىنى بېكىتىپ رېمونت قىلدۇرۇپ، مەقبەرە تىكلەپ، ئېتىكاپخانا سالدۇرۇپ بىزنىڭ بىر مەزگىللىك مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئاپتىكەن. ھازىر بىزنىڭ ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرىمىز قەدىمكى يەتتەسۇ رايونىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ مەسچىتلەرنىڭ ۋە بۇ ئىككى مازارنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى. ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارماقلىرى خىراجەت ئاجرىتىپ ئارخېئولوگىيىلىك رېمونت قىلىش تەلىپى بويىچە ئەينى زاماندىكىسىگە ئوخشىتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋەتتى. ئۇ جايلاردا ھەر كۈنلۈكى ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، — دېدى ھىلالبوۋى.

— بۇ ئىشلارنى ئويلىسا بۇگۈنكى چېگرا سىزىقىنىڭ شەرق تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكىنى، غۇلجىدىن تاكى يەتتەسۇ رايونىغىچە تۇتاش كەتكەن ئۇيغۇر رايونىنىڭ قانداق قىسمەتلەر بىلەن مۇنداق ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. تارىختىكى بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەك تەس. ئېھتىمال چار روسىيە پادىشاھىنىڭ زېمىننى كېڭەيتىش ۋە تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى بىلەن كېلىپ چىققان پاجىئەدۇر، — دېدى رۇخسارە، — ھازىر

بۇ مەسچىتنى تارىخىي مۇزېي قىلىپ قويىدى. بىراق قويۇلغان نەرسىلەردىن بىزنىڭ تارىخىمىزغا ئائىت نەرسىلەر ئاز. مەن ئويلايمەن، ئەگەر بولمىغاندا يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن، بىرقانچە قېتىملىق «كۆچ ـ كۆچ»نى چۈشەندۈرىدىغان نەرسىلەر قويۇلغان بولسىچۇ كاشكى...

ھىلالبۇۋى بۇ ھېسسىياتچان قىزنىڭ بىردە قىزىرىپ، بىردە تاتىرىپ ھاياجان بىلەن سۆزلىگەن سۆزلىرىگە ھەيران قالغاندەك بىر خىل قىياپەتتە، رۇخسارىگە ھېلىدىن ـ ھېلى قاراپ قوياتتى، ماشىنىنىڭ تېزلىكى بارغانسېرى يۇقىرىلاشقا باشلىدى. ئارقىدا قالغان يەركەنت شەھەرچىسى قايرىلىپ قارىغان كىشىگە ئاستا ـ ئاستا يىراقتا قىلىپ، غۇۋا كۆرۈنىدىغان بىر بوستانلىققا ئايلىنىپ قالدى. يېنىك تەۋرىنىپ كېتىۋاتقان ماشىنا ھاردۇق يەتكەن زىلالنى ئۇخلىتىپ قويدى. بايىقى بوران ـ چاپقۇنلۇق يامغۇردىن كېيىن ھاۋا سۈپسۈزۈك ئېچىلىپ كەتكەندى. بايا يىراقتىن غۇۋا كۆرۈنگەن جەنۇب ئۇپۇقىنى توسۇپ ياتقان تاغ چوققىلىرى كەچكى شەپەق نۇرىغا چۆمگەندى.

— ئالدىمىزدا ئۆسەك دېگەن يەر بار. بىز ئۆسەككە كىرمەيلا سول تەرەپكە قايرىلىپ ئىلى دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتىمىز. ئۇ قات تەرەپنى چونجى دەيدۇ. ھەممىسى ئۇيغۇر يېزىلىرى. بىز كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ يەنە ئوڭغا بۇرۇلۇپ ئاشۇ تاغ تىزمىسىنىڭ باغرىغا تۇتاشقان يوتىلارنى بويلاپ ئالمۇتا شەھىرى تەرەپكە يۈزلىنىمىز.

دېگەندەكلا ماشىنا ئىلى دەرياسى كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ غەرب تەرەپكە بۇرۇلۇپ دۆڭ ـ يوتىلارنى بويلاپ يولىنى داۋام قىلماقتا. ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈنغا سوزۇلغان دۆڭ ـ يوتىلارنىڭ بەزىلىرىدە ئاتنىڭ، بەزىلىرىدە جەرەننىڭ ۋە بەزىلىرىدە بۆركۈتنىڭ ھەيكەللىرى بولۇپ، ئۇلار كەچكى شەپەقتە بەكمۇ چىرايلىق رەڭلىنىپ كەتكەندى.

— دېگەنىبلەن ئۆيگە خېلى بالدۇر يېتىپ بارىدىغان بول-دۇق، ھەدە.

خېلىدىن بېرى جىم-جىت خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ھىلالبۇۋى:

— بىز مېھمانخانىدا ياتساق ئوبدان بولاتتى، سىڭلىم رۇخ-سارە، — دېدى.

ھىلالبۇۋى تونۇمىغان، بىلمىگەن يوچۇن كىشىلەرنىڭ ئۆيىد-نى قونالغۇ قىلىپ يېتىشنى بىئەپ كۆردىمۇ ياكى تارتىنىشتىن دېدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۆزىنى سىقىپ بىئارام قىلىۋاتقان بۇرۇق-تۇرمىلىق ئىچىدە شۇنداق دېگەنىدى. ئۇ مېھمانسارايىنى ئازادى-رەك دەپ ھېس قىلاتتى.

— نېمە دېگىنىڭىز، ھەدە، بىزنىڭ ئۆي شۇنداق ئازادە. ئاپام ۋە مەن، يەنە بىر ھەدەم بىلەن تۇرىمىز. ئۆيىمىزدە سىز تارتىنغۇدەك كىشىلەر يوق. ئەكبەر ئاكام شۇنداق دېگەن، ھازىر سىزنىڭ ۋە زىلالىنىڭ بىخەتەرلىكى مۇھىم.

— نېمانچە ئەمدى؟

— سىز پۈتتۈرمەكچى بولغان ئىشلارنىڭ مەخپىيەتلىكى كۈچلۈك. سىزمۇ دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر مېھمان-سارايدا ياتسىڭىز ئۇ ھالدا... سىز ئالمۇتانىڭ ئامانلىق، بىخەتەر-لىك ئىشلىرىنى تازا چۈشەنمەيسىز. سىز ياتاققا كىرىپ ئورۇنلى-شىپ بولغۇچە، كىشىلەرنى ھەر خىل يوللار بىلەن قاتتى - سوقتى قىلىدىغانلار سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى بىلىپ بولىدۇ - دە، كەينىڭىزدىن بىللە كىرىپ سىزنى ئاۋارە قىلىدۇ... سىلەر تەرەپ-تىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ئاشۇنداقلارنىڭ تەھدى-تى بىلەن تۆلەيدىغان بەدەللىرى كۆپ بولۇۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى بىر قىسىم نومۇسسىزلارنىڭ باھانە - سەۋەبلىرى كۆپ. ئالدىدا سورايدۇ، ئاز بەرسىڭىز جىق دەيدۇ. سىز نارازىلىق بىلدۈرسى-ڭىز «ياۋاش بول» دەپ ئەدەپلەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا نۇرغۇن

سودىگەرلەر بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراۋاتىدۇ. بۇنى سورايدىغان ھۆ-كۈمەت يوق. ئۇلارغا ئىگە بولغۇدەك ئادەممۇ يوق... بولدىلا، ھەدە، سىزنى ئەنسىرەتمەي. سىزگە خاتىرجەملىك، بىخەتەرلىك كېرەك.

— نورىك، ئۇدۇل بىزنىڭ ئۆيگە.

ماشىنا گۆگۈم ئارىلىقىدىكى چىراغلار چاراقلاپ يېنىپ تۇر-غان كەڭرى كوچىلاردىن ئۆتۈپ يەنە بىر كوچىغا ئايلاندى.

— مانا بۇ كوچا بىلەن ئۇدۇل ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنت شەھىرىگە كېتىدۇ. مانا بۇ ئاقساي رايونى، بۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ماكانى، شۇڭلاشقىمۇ بۇ كوچىنى تاشكەنىسكى دەيمىز. مانا ئۆيگىمۇ يېتىپ كەلدۇق. ھەدە، ئېسىڭىزدە بول-سۇن، بۇ جايدا پۈتتۈرىدىغان ئىشلىرىڭىز ئۈستىدە ئاپام گەپ سوراپ قالسا، سىز «ساياھەت ئۆمىكى بىلەن بىللە كەلگەن، بىرقانچە كۈن تۇرىمىز» دەپلا قويۇڭ. ئەكرەم ئاكامنىڭ تۇيۇق-سىز يوقىلىپ كېتىشى بىلەن ئاپام ھەر كۈنى دېگۈدەك رەخىم دېگەن بۇ ئادەمنى قارغاپ ـ تىللاپ، ئاغزى بېسىقمايدىغانلا بول-دى. ئانىلار ئۈچۈن دۇنيادا بالا دەردىدىن ئېغىر دەرد بولمىسا كېرەك.

— ئېسىمدە تۇتىمەن، سىڭلىم.

ھويلىنىڭ يوغان تۆمۈر دەرۋازىسى ئېچىلىپ ماشىنا قورۇ ئىچىگە كىردى. ئۆيدىن ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر چوكان چىقىپ يېنىك قەدەملەر بىلەن ماشىنا يېنىغا كەلدى ۋە ھىلالبۇۋى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. زىلالنىڭ ئويقۇچان كۆزلىرى بۇ ناتونۇش چوڭ قورۇنىڭ چىراغ نۇرى ئاستىدىكى سەيناغا ھەي-رانلىق بىلەن تىكىلمەكتە.

— بۇ مېنىڭ ھەدەم جەمىلە.

ئۇلار بىرلىكتە يۈك ـ تاق، سومكىلارنى كۆتۈرۈشۈپ، يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈپ سېلىنغان ئۈستى قاتالىرلىق كاردىدورغا

قاراپ ماڭدى.

— نورىك، ئەتە ماشىنا كېرەك بولسا تېلېفون قىلىمەن جۈمۇ.

— خوپ، باشلىق.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن.

نۇرەخمەت ماشىنىنى تېز ئايلاندۇرۇپ، جەمىلەنىڭ «نورىك، ئۆيگە كىرمەمسەن» دېگەن تەكلىپىنىمۇ ئاڭلىمىدى بولغاي، هويلىدىن كوچىغا چىقىپ كەتتى.

— هەدە، بۇياق ئەكبەر ئاكام تېلېفوندا دېگەن هىلالبۇۋى هەدىمىز، بۇ ئوغلى زىلال، — دېدى رۇخسارە ئۆيگە كىرىپ، مېهمانلار جايلىشىۋالغاندىن كېيىن بىر - بىردىن تونۇشتۇرۇپ.

— ئەجەب چىرايلىق ئىسىملار - هە، هىلالبۇۋى… زىلال…، — دېدى جەمىلە قارىمۇتۇق لېكىن كۆزلىرى چولپاندەك چاقناپ تۇرىدىغان، ئىنچىكە قىياقتەك قاشلىرى، هېلىدىن - هېلىغا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان، قارىماققا مېهرى ئىسسىق كۆرۈنىدىغان بۇ چوكانغا زوق بىلەن قاراپ.

هىلالبۇۋى ئۇچۇن ئالمۇتادا قونغان تۇنجى كېچە خۇددى تاڭ ئاتماس كېچىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى. قانداقتۇر بىر قورقۇنچ ۋە ئەنسىزلىك چىرمىۋېلىپ ئۇنى بىئارام قىلاتتى. كىچىكىدىنلا قورقۇمسىز چوڭ بولغان هىلالبۇۋىنىڭ بەدەنلىرى تۇنجى قېتىم قورقۇنچ ئىچىدە شۈركۈندى.

«يات ئەل… يات ئادەملەر…» ئۇنىڭ مېڭىسىدە بايا رۇخسارە ئېيتقان هېلىقى قاقتى - سوقتى قىلىشقا ئۆگەنگەن «تەكشۈرگۈچى»لەر، كىملەردۇر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ «قېنى پاسپورتىڭنى چىقار» دېمەكتە. يەنە كىملەردۇر بىگىز قولىنى جونۇپ ئاللىنېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرىماقتا…

«ۋاي، ۋاي… ئوه… ۋىيىەي…»

ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنگەن ھىلالبۇۋى قورقۇنچلۇق چۇشتىن ئويغىنىپ كەتتى. ھەر تۈرلۈك خىياللار ئۇنى يەنە بىئارام قىلماقتا. زىلال بولسا ياندىكى كارىۋاتتا بىر تاتلىق چۇشلاپ ئۇخلىماقتا. ھىلالبۇۋى ئۇچۇن بۇگۈنكى تاڭ تولىمۇ تەستە ئاتىدىغاندەك ئىدى.

# ئون بىرىنچى باب

رۇخسارە بۇگۈن ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ناشتىنى ئاندا ـ مۇندا يەپلا:

— ھىلالبۇۋى ھەدە، سىز ھەدەم بىلەن پاراڭلىشىپ تۇ- رۇڭ. مەن سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئۇچۇن تەكلىپ، قىلغان ئادۇۋ- كات بىلەن ۋاقىتنى كېلىشىپ، ئېھتىمال چۈشكىچە قايتىپ كېلەرمەن.

ھىلالبۇۋىنىڭ كۆڭلى يەنىلا ئەنسىزلىك ئىچىدە. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى رۇخسارەگە بىچارىلەرچە تىكىلمەكتە. ھىلالبۇ- ۋىنىڭ كەيپىياتىدىكى بىئاراملىقنى سەزگەن رۇخسارە دەرھاللا:

— مەن دېدىمغۇ، ھىلالبۇۋى ھەدە، بىز بۇ يەردە بار ئىكەن- مىز، سىز تامامەن خاتىرجەم بولۇڭ. بىزنىڭ بىر قېرىنداشىمىز ئەرەپتە سىلەر بىلەن بىللە، بىز شۇ قېرىنداشىمىزنىڭ ئاماد- لىقى ئۇچۇن بولسىمۇ، سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزنى جان پىدالىق بىلەن جاي ـ جايىدا قىلىشقا تىرىشىمىز. قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيىدىغانلىقىنى بىزمۇ بىلىمىز. بىھۇدە ئەنسىرەش- لەرنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىپ ئۆزىڭىزنى ئازادە تۇتۇڭ.

دېمىسىمۇ ھىلالبۇۋىنىڭ ئەنسىزلىكى تېخىچە بېسىقمىغان- دى. شۇڭا ئۇ، رۇخسارەنىڭ سۆزلىرىدىن بىر خىل خىجىللىق ھېس قىلدى ـ دە:

— ياق، سىڭلىم رۇخسارە، مەن باشقىچە ئويلىمىدىم. مانا بىر ئوبدان تۇرۇۋېتىمەنغۇ!

— خەيرخوش، ئۇنداق بولسا مەنمۇ خاتىرجەم مېڭىپ كەتتىم.

روخساره شۇ چىقىپ كەتكەنچە چۈشكە ئاز قالغاندا ئېگىز بويلۇق، بۇدۇر چاچلىق، قىزغۇچ سېرىق بۇرۇتلىرى ئۆزىگە بەكمۇ ياراشقان ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى.

— مانا بۇ كىشى ئادۋوكات ناسىروف. ئالمۇتا ئوبلاستلىق ئەدلىيە مەھكىمىسىدىن خەلقئارالىق ئادۋوكات. ئوتتۇرا ئاسىيا-دىكى دۆلەتلەر ئارا داڭلىق ئادەم.

— ئەسسالام، ناسىروف ئاكا، ياخشى تۇرۇپسىز.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سىڭلىم، تىنچ - ئامان كەپسىز. بىلىمەن، سىز لالە بىلەن زىلالنىڭ ۋاكالەتچىسى ھىلالبۇۋى بولىسىز. زىلال دېگەن يىگىتمىز مۇشۇمۇ. ۋاھ، قارا بۇنىڭ چىرايلىقلىقىنى، تېرىسىنىڭ ئاق ھەم سۈزۈكلۈكىچۇ تېخى، قاش - كۆزلىرى كېلىشكەن بۇ يىگىت كىمگە تارتتىكىن - ھە! ھەي... ئانىسىغا تارتقان چېغى.

— دېمىسىڭىزمۇ ئاپىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ.

— ئاپىسى بەك گۈزەل خانىم چېغى.

— شۇنداق، تەڭدىشى يوق گۈزەل. بىراق بۇ تەڭدىشى يوق گۈزەل، رەخىمدىن ئىبارەت بۇ رەزىل ئەبلەخ تەرىپىدىن بىھۇدە خارلاندى. شۇنىڭغا قارىغاندا قىزلارنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ بەخت گۈلىنىڭ ئېچىلىشىغا كاپالەت بولالمىسا كېرەك...

— ئاڭلىسام، سىز بەكمۇ ئالدىرايدىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئاكا، بىز تولىمۇ ئالدىراش كەلدۇق. ئۇ تەرەپتە لالەنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس. بۇ تەرەپكە كەلمى-سەك تېخى، كەلسەك تېخى. ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدىكى قىس-تاڭچىلىق ئىچىدە ئامالسىزلىقتىن...

— بىلىمەن، ئەھۋالىڭلارنى چۈشىنىمەن. سىلەر كەلمەس-تىن بۇرۇن بۇ ئىشلار توغرىسىدا ئەكبەر مەن بىلەن مەسلىھەتلە-شىپ ئاندىن ئۇ تەرەپكە كەتكەن. خاتىرجەم بولۇڭ. بۇ جايدىكى

ئىشلار تېز پۈتىدۇ. سىزلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى دوكۇ-
مېنتلارنى تەييارلىساقلا ئاندىن گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزىمىز. بۇ
جايدا سىلەرگە تولا ئىشمۇ يوق. ئىشلارنى سىلەرگە ۋاكالىتەن
بىز پۈتتۈرىمىز. قېنى بۇ ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ مۇۋاپىق كۆرسى-
ڭىز قول قويۇۋېتەرسىز. سىز قول قويسىڭىزلا مەن سىلەرنىڭ
قانۇنىي ۋاكالەتچىڭلار بولالايمەن.

ئادۋوكات بىر پىيالە چايدىن كېيىنلا كېتىشكە ئالدىرىدى.

— قېنى، ھىلالبۇۋى سىڭلىم، پاسپورتىڭىز، كىملىكى-
ڭىزنى بېرىڭ. زىلالنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈش رەسمىيەتلىرى بىلەن
نوپۇس دەپتىرىنى.

— كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى بولسا بولامدۇ؟

— بولىدۇ، بولىدۇ. پەقەت شۇ نەرسىلەرنىڭ نومۇرى بىلەن
سىلەرنىڭ ئۇ تەرەپتىكى تۇرالغۇڭلارنىڭ ئادرېسىلا كېرەك. ئىش
پۈتكەندىن كېيىن ھەممە ھۆججەتلەرگە يەنە سىز قول قويىسىز.
شۇنىڭغىچە ئالمۇتادا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ قالىدىغان بول-
دىڭىز - دە.

— ئىشلار بەك ئۇزىراپ كەتمەس، ئاكا.

— ياق، سىڭلىم، قارشى تەرەپ بىزدىنمۇ بەتتەر ئالدىراي-
دۇ. رەخىمنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋالى ئېغىر، ئۇنىڭ كۈنلى-
رى ئاز قالغان چېغى، شۇڭا...

ناسىروف ئۇنىڭ بۇ جايدىكى خوتۇنلىرى ۋە خوتۇنلىرىنىڭ
تۇغقانلىرىمۇ بىزنى ئالدىرىتىۋاتىدۇ دېمەكچىدى، بىراق ئېغىز-
دىن چىقىرىشقا بىئەپ بولغان گەپنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

* *

بەلگىلەنگەن كۈنى ئالمۇتادىكى ××× ئادۋوكاتلىق ئورنىدا
رەخىمنىڭ ۋاكالەتچى ئادۋوكاتى ۋە ھىلالبۇۋىنىڭ ۋاكالەتچى ئاد-

ۋوكاتىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، مۇرەسسەلەشتۇرۇش كېڭىشى ئې-
چىلدى. كېڭەش رىياسەتچىسى سېمىز، دوغىلاق كەلگەن تاقىر
باش كىشى، بارماقلىرى بىلەن ئالدىدىكى ئۈستەلنى بىر ـ ئىككى
چېكىۋېتىپ:

— كۆپچىلىك، تىنچلىنىڭلار، هازىر كېڭىشىمىز ئۇچۇق
دەپ ئېلان قىلىمەن. مەن ئالدى بىلەن ھەق تەلەپ ئىگىلىرىنى،
ۋاكالەتچى ئادۋوكاتلارنى تونۇشتۇرىمەن. A تەرەپ ھىلالبۇۋى
خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى گىراژدانى، پاسپورت نومۇرى
×××××× ، كىملىك نومۇرى ×××××× ، ئادرېسى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى غۇلجا شەھىرى ××× كوچا
ئون بەشىنچى نومۇر. ھىلالبۇۋى رەخىم ئەپەندىنىڭ چوڭ خوتۇنى
لاله خانىم، ئوغلى زىلالنىڭ قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن
ئۆتكەن تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى...

رىياسەتچىنىڭ «رەخىم ئەپەندىنىڭ چوڭ خوتۇنى...» دېگەن
گېپىنى ئاڭلىغاندا، ھىلالبۇۋىنىڭ يۈرىكى پىچاق سانجىغاندەك
ئاغرىپ پۈتۈن بەدىنى چىلىققىدە تەرگە چۆمۈپ كەتتى.

رىياسەتچى سۆزىنى داۋام قىلماقتا:

— A تەرەپ ھاۋالە قىلغان ئادۋوكات — خەلقئارالىق ئادۋو-
كات ناسىروف ئەپەندى. B تەرەپ رەخىمنىڭ ئوتتۇرانچى خوتۇنى
سارە ۋە ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى، قازاقىستان گىراژدانى، پاسپورت
نومۇرى ×××××× ، ئەسلىي ئادرېسى ئالمۇتا شەھىرى ئاباي
كوچىسى ××× نومۇر. C تەرەپ رەخىمنىڭ كىچىك خوتۇنى
زەينەپ. پاسپورت نومۇرى ×××××× ، ئايرودروم كوچىسى
××× نومۇر. رەخىم ئەپەندىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن B تەرەپنىڭ
ۋاكالەتچى ئادۋوكاتى قىرغىزىستان دۆلەتلىك ئەدلىيە مەھكىمى-
سىنىڭ خەلقئارالىق ئادۋوكاتى راشىدوف غىياس ئەپەندى.

مەن ئالمۇتا شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ھاۋالىسى
بىلەن، بۈگۈنكى مۇرەسسەلەشتۇرۇش كېڭىشىنىڭ رىياسەتچىلى-

كىنى ئۈستىگە ئالغۇچى جالالىدىنوف بۇرھان بولىمەن. مەن ھازىر رەخىم ئەپەندى ھەققىدە ئىزاھات بېرىمەن: رەخىم قادىروف، ئەسلىي خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى گىراژدانى، 1995 ـ يىل 10 ـ ئايدىن باشلاپ قازاقىستان دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. ھازىر قازاقىستان گىراژدانى. سودىگەر، پاسپورت نومۇرى ××××××، ھازىر كېسەل سەۋەبى بىلەن ××× جايدا داۋالىنىۋاتىدۇ. كېڭەشىشكە چىقىش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە تېببىي تارماقلارنىڭ ئىسپاتى مانا، — جالالىدىنوف ئاستىغا بىرقانچە تامغا بېسىلغان بىر ۋاراق ئىسپاتنامىنى كۆپچىلىككە كۆرسەتتى ۋە، — بۇ ئىسپاتنامە ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكەن، قانۇنىي كۈچكە ئىگە، — دېدى ـ دە، — ئۆزئارا تونۇشتۇرۇش مۇشۇ جايدا ئاخىرلىشىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

كېڭەشىش يىغىن زالى جىمجىتلىققا چۆمدى. ھىلالبۇۋىنىڭ كۆزلىرى ئاللىنېمىلەرنى ئىزدەۋاتقاندەك ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ چىرايىغا بىر ـ بىردىن تىكىلمەكتە. «ئەجەب ئىش ـ ھە! چوڭ خوتۇن، ئوتتۇرانچى خوتۇن… تېخى كىچىك خوتۇن…» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىماقتا.

— ئەگەر باشقا پىكىر بولمىسا، ئەمدىكى ئىش، رەخىم ئەپەندىنىڭ مىراس بۆلۈپ بېرىش ۋەسىيەتنامىسى ئايرىم ـ ئايرىم ئوقۇلىدۇ. قېنى ناسىروف ئەپەندى، ئەمدى نۆۋەت سىزنىڭ.

ناسىروف ئالدى بىلەن رەخىم بىلەن بولغان بىرقانچە قېتىملىق سۆھبەت خاتىرىسىنىڭ مەزمۇنىنى تەپسىلىي يەتكۈزدى، ئاندىن ھازىرقى خەلقئارالىق «ھەق تەلەپ قانۇنى» دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن رەخىمنىڭ مىراس ھەققىدىكى ۋەسىيەتنامىسىنى ئوقۇدى، ۋەسىيەتنامە قىسقا، چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىلغانىدى.

## ۋەسىيەتنامە

مېنىڭ ھاياتىم ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. مەن بۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى سودا بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، تۇرمۇش ئېھتىياجى تۈپەيلى، ئەسلىي ئايالىم لالە بىلەن نىكاھتىن ئاجراشماي تۇرۇپ بۇ جايدا ئىككى ئايال بىلەن نىكاھلاندىم. مەن ئاتا - ئانام، تۇغۇلغان يۇرتۇم، مەن ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان، ئۆزىنىڭ بارلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى سەممىيەت بىلەن ماڭا ئاتىغان ئايالىم لالەنىڭ، ئوغلۇم زىلالنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇلارغا ھازىرقى ئىگىلىكىمدىكى مۇقىم مۈلۈك ۋە شىركىتىمىز ئوبوروت قىلىۋاتقان تاۋارلارنى نەق پۇلغا سۇندۇرغاندىكى ئومۇمىي قىممىتى بىر يۈز ئەللىك مىليون ئامېرىكا دوللىرلىق تەئەللۇقاتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى مىراس قىلىپ قالدۇرىمەن. مەن يۇقىرىدا ئىسمى يېزىلغان ئىككىيلەندىن باشقا تۇنجى ئايالىم لالەنىڭ ئۆمۈرلۈك دوستى، ئوغلۇم زىلالنىڭ مەڭگۈلۈك ھىماتچىسى، ساۋاقدىشىم ھىلالبۇۋىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىنى ئايرىم رازى قىلىشنى ھاۋالە قىلىمەن. چۈنكى مېنىڭ ۋاپاسىزلىقىم تۈپەيلى، ئايالىم لالە ئېغىر يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ داۋالانماقتا. ھىلالبۇۋى ئۆسمۈرلۈكتىن باشلاپ تابۇگۈنگىچە ئۇنىڭغا دوستلۇق مېھرىنى يەتكۈزمەكتە. ھىلالبۇۋىنىڭ لالەگە يەتكۈزگەن مېھىر - ۋاپاسىنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، ھىلالبۇۋىنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىككىنچى ئايالىم سارە ۋە ئۈچ بالام ئۈچۈن ئومۇمىي تەئەللۇقاتىمنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى مىراس قالدۇرىمەن.

بۇ جايدا ئەسكەرتىدىغان ئىككى مەسىلە بار.

بىرىنچى مەسىلە، سارە دەسلەپتە مېنىڭ شىركىتىمگە

پاي قوشقان. بىزنىڭ ئىگىلىكىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىدا ئور-تاق تۆھپىسى بار، بۇنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ روناق تېپىشىمىز سارە بىلەن ئىككىمىزنىڭ بېشىنى قوشقان.

ئىككىنچى مەسىلە، ئۇنىڭدىن بولغان ئىككى ئوغۇل، بىر قىزىم بار. سارەمۇ مەن ئۇچۇن كۆيۈمچانلىق بىلەن ئۆي تۇتقان. ئۇ ماڭا ساداقەتمەن، ئىپپەتلىك ئايال. ئۇنىڭ مېنىڭ قەلبىمدىكى ئورنى لالەگە ئوخشاشلا مۇھىم. ئۇ ئەمدى تىنچ هايات كەچۈرۈپ، بالىلىرىنى چوڭ قىلىشقا موهتاج، شۇڭا مەن سارەدىن بولغان ئۈچ بالامنىڭ هايات يولىنى كاپالەتكە ئىگە قىلمىسام بولمايدۇ. بۇنى كۆپچىلىك-نىڭ، بولۇپمۇ لالە ۋە ھىلالبۇۋىنىڭ چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۈچىنچى ئايالىم زەينەپ، مەن بىلەن بىر يىللا بىللە ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېببىي پەن ساھەسىدىكى ئىلمى بىلەن تاكى مېنىڭ كېسىلىم ئېغىرلىشىپ، مەن كارانتىن قىلىن-نىپ مۇشۇ داچىغا يۆتكىۋېتىلگەنگە قەدەر مېنى ئوبدان كۈت-تى. بىلىمەن، گەرچە ئۇ مېنى ياخشى كۆرمىسىمۇ... ئۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن هازىر ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي بىلەن بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن يۈز مىڭ دوللار مىراس قالدۇرىمەن. تەئەللۇقاتىمنىڭ قالغان ئۈچ-تىن بىر قىسمىنى ئاخىرقى ئۆمرۈمگىچە داۋالىنىش راسخو-تىغا يېتەرلىك ئېلىپ قالغاندىن سىرت، مەرھۇم خىزمەتچە-مىز ئەكرەمنىڭ تېگىشلىك ھەققىنى، شۇنداقلا شىركىتى-مىزدىكى قالغان خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى ۋە كېيىن-كى تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىپ، شىر-كىتىمىزنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى قانۇنىي يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

هازىرقى مەن ئولتۇرۇۋاتقان داچىنى ئالمۇتا دۆلەتلىك ساياھەت ئىدارىسىگە ئۆتۈنۈپ بېرىمەن.

مېنىڭ يۇقىرىدا دېگەنلىرىم ھېساب. ھەق تەلەپ ئىگە-لىرىنىڭ ئىچىدە ھېچكىمنىڭ نارازىلىق قىلىشىغا ئىمكانىيەت قالدۇرمايمەن. ھەممىڭلارنىڭ رازى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

رەخىم قادىروف

بۇ مىراس ھەققىدىكى ۋەسىيەتنامىنىڭ گۇۋاھچىلىرى:
ئادۋوكات: ناسىروف (ئىمزا)
ئادۋوكات: راشىدوف (ئىمزا)
ئەدلىيە مەھكىمىسى گۇۋاھلىق ئورنى (تامغا)

2001 - يىل 10 - ئىيۇل، ئالمۇتا

يىغىن زالى بىردەملىك تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى. ھىلالبۇۋى سارەنىڭ كۆزلىرىگە غەزەپ بىلەن نەشتەردەك تىكىلمەكتە. «ئىپ-لاس، — دېدى ئۇ ئىچىدە رەخىمنى تىللاپ، — بۇنىڭمۇ چىرايىغا مەپتۇن بولغان چېغى...»

دېمىسىمۇ، سارە ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى بولغىنىغا قارىماي ھېلىمۇ يەنە كەم - كۈتىسىز شۇنچە چىرايلىق، شۇنچە زىلۋا ئىدى. سارەنىڭ چىرايى بۈگۈنكى مەيۈس ۋە سولغۇن ھالىتىدىمۇ يەنە شۇنچە چىرايلىق، ئۇماق كۆرۈنمەكتە ئىدى. بىراق شۇ تاپتا سارەنىڭ روھىي ھالىتى بەكمۇ مۇرەككەپ ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئازابلاۋاتقان ئاچچىق ھەسرەت، تېگىگە يەتكۈسىز پۇشايمان، تولدۇرۇۋالغۇسىز دەرىجىدىكى ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرۇشى گويا بىر ئوت يالقۇنىدەك ئۇنىڭ چىرايىغا تەپمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۇماق چىرايى بۇ ئوتنىڭ تەپتىنى يوشۇرۇپ قالال-

مايۋاتاتتى. ئۇ ھىلالبۇۋىگە قاراپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋەتتى. ھە-
لالبۇۋى بولسا، بايىقىدەك روھىي ھالەت سەۋەبىدىن ئېسەنگىرەپ
كەتكەن سارەنىڭ كۆزىگە مىختەك قادالدى. «ئېرىتقۇ، ئې-
رىتقۇ...،— دېدى ھىلالبۇۋى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ،— مۇشۇ
ئېرىتقۇرمىسا...» ئۇ خىيالىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرمىدى.
چۈنكى رەخىم ئۇنىڭ نەزىرىدە مۇشۇ قىسقىغىنە ھاياتىدا بىر
ئەمەس بىرقانچە قېتىم ئازغان ئادەم - دە!

ھىلالبۇۋى ئەمدى نەزىرىنى زەينەپكە ئاغدۇردى. زەينەپ
قانداقتۇر بىر تەنتەك قىزلارغا ئوخشاش ئۆز خۇشاللىقىنى ئىچىگە
سىغدۇرالمىغاندەك بىر ھالەتتە ئىدى. باياتىن بېرى بولۇنغان
گەپ - سۆزلەر ئۇنىڭغا راستىنلا خۇشاللىق ئەكەلگەنىدى. تېخى
بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىكى رەخىم بىلەن بولغان
ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ قىممىتى بۈگۈن ھەقىقىي يوسۇندا نامايان
بولغانىدى. شۇڭا ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن قىزارغان يۈزلىرىگە،
ماڭلىيىغا ھېلىدىن - ھېلى چېچىلىپ چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرى-
نى ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن تۇزەشتۇرۇپ بېشىنى
ئارقىغا سىلكىپ ئولتۇراتتى. زەينەپمۇ ياش قۇرامىغا يارىشا كې-
لىشكەن، زىلۋا قىز بولۇپ، ئەمدىلەتىن يىگىرمە تۆت - يىگىرمە
بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغاندەك ئىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ بۇرنى-
نىڭ ئۇچىنى بېسىپ قويۇشى، كۆزلىرىنى بىردە خۇمارلاشتۇ-
رۇپ، بىردە يوغان ئېچىپ، ئەتراپقا ئالاق - جالاق قاراشلى-
رىدىن ئۇنىڭ پىسخىك ھالىتىنىڭ نورمالسىزلىقى بىلىنىپلا قال-
غانىدى. «بۇ بىچارە راستىنلا ئەكبەر دېگەندەك ‹ئاق› قا ئۆگە-
نىپ قالغان چېغى» دەپ كۆڭلىدە ئۆتكۈزدى ھىلالبۇۋى.

زىلال ھىلالبۇۋىگە چىلىڭ يېپىشقانچە، كۆزلىرىنى يوغان ئې-
چىپ بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى بىردە چۈشىنىپ، بىردە
چۈشەنمەي جىمجىت ئولتۇراتتى.

يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— قېنى، باشقىچە پىكرىڭلار بولسا ئاڭلايلى.
— پىكرىم يوق، — دېدى سارە.
— مېنىڭمۇ پىكرىم يوق، — دېدى زەينەپ.
— مېنىڭ پىكرىم بار.
ھىلالبۇۋى ئىلتىجا بىلەن جالالىدىنوفقا قارىدى.
— قېنى، مەرھەمەت.
— مەن ئالدى بىلەن كېڭەش رىياسەتچىسى، ئادۋوكاتلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرىغا رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنىسى كۆپچىلىككە مەلۇمكى، مەن ۋە زىلال ئىككىمىز يىراق جايدىن چېگرا ئاتلاپ كەلدۇق. بۇگۇنكى كېڭەشمە يىغىنى قانۇنغا ئاساسەن ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىندى. بىراق زىلال ئىككىمىز رەخىم بىلەن كۆرۈشۇشمىمىز كېرەك. بالا ئاتىسىنى كۆرۈشى كېرەك. مېنىڭچە ئۇ ئەقىللىق تەلەپ.
— بۇ ھەقتە بىز ئايرىم سۆزلەشسەك بولامدۇ، خانىم؟— دېدى جالالىدىنوف.
— بولىدۇ.
— ئۇنداق بولسا يەنە باشقا پىكىر - تەلەپلەر بارمۇ؟ ئەگەر باشقا پىكىر - تەلەپلەر بولمىسا بۇگۇنكى ھەق تەلەپ مۇرەسسەلەشتۇرۇش كېڭىشىنىڭ مۇشۇ جايدا ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلايمەن. ھىلالبۇۋى ۋە ئادۋوكاتلار قېلىپ باشقىلار قايتسا بولىدۇ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى جالالىدىنوف.
بۇ چاغدا ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولغان رۇخسارە زىلالنى ئېلىپ زالدىن چىقىپ كەتتى.
— خوش، سىڭلىم، — دېدى جالالىدىنوف بۇرھان، — بايىقى تەلىپىڭىز ئورۇنلۇق تەلەپ، مانا بۇ ئىشلارغا ئارىلاشقان ئادۋوكاتلار ئولتۇرۇپتۇ. راستىمىزنى دېسەك، رەخىمنىڭ ھازىر كۆرۈشكىچىلىك ئەھۋالىمۇ قالمىدى. ئۇ قانداقتۇر پۇتۇن بەدەن خاراكتېرلىك ئاقما كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ يۈز - چىرايىمۇ

بۇزۇلۇپ كەتتى. بىز بۇگۇنكى رەسمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنى كارانتىن قىلغان داچىدا يۈزتۇرانە ئەمەس، بەلكى سىنئالغۇ-نىڭ ياردىمىدە پەقەت تېلېۋىزور ئېكرانى ئارقىلىق پۈتتۇشكەن. رەخمىنىڭ شۇ ھالىتىدىن سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارمۇ بىئارام بولار. ئۇنىڭ ئۇستىگە دادىسىنى كۆرسىتىمەن دەپ نارەسىدە بالىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك جاراھەت ئىزى قالدۇرۇش ياخشى بولماس.

— ئۇنداقتا مەن ئۆزۈم كۆرۈشىمەن. خۇددى سىلەر قوللان-غان ۋاستە ئارقىلىق مېنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۇشۇمگە ئىم-كانىيەت يارىتىپ بېرىڭلار.

— بۇ سۆزىڭىزنى چۈشىنىشكە، ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. قېنى، ئادۋوكاتلار رەخىم ئەپەندى بىلەن سۆزلىشىپ كۆرسۇن.

— ھاجەت ئەمەس، مەن ئادۋوكاتلار بىلەن بىللە باراي، ئىش بىر يوللا پۈتسۇن.

— خانىم، ئىش سىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئاسان ۋە ئاددىي ئەمەس. ئۇ جاي كارانتىن قىلىنغانىكەن، تېببىي خادىملاردىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ كىرىشى چەكلىنىدۇ دېگەن گەپ. ئۇنىڭ ئۇستىگە رەخىم ئەپەندىنىڭ بۇ جايدىكى ئىمتىيازى يۇقى-رى، ئۇ دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇھىم ئەربابلىرى بىلەن قويۇق ئارىلاشقان ئادەم... شۇڭا ئۇنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە بايىقى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى تۈپەيلى داچىدى-كى قوغدىنىش تەدبىرلىرى كۈچەيتىلگەن... بىز چۈشىنىدىغان بەزى مەسىلىلەرنى بۇ يەردە سىزگە ئېيتىش ئەپسىز... خانىم، يەنە ئېيتاي، سىز سۆزلىرىمىزنى چۈشىنىڭ... ئۇنىڭ ئۇستىگە يېقىندىن بېرى كېسەللىك تۈپەيلى، بولۇپمۇ كارانتىن قىلىنغان-دىن كېيىن رەخىم ئەپەندى ئۆزىمۇ ھەرقانداق كىشى بىلەن كۆرۈشۈشنى قەتئىي رەت قىلىۋاتىدۇ. ھەتتا بىز: «بالىڭىز بىلەن يۈز كۆرۈشەمسىز» دېگىنىمىزدە، ئۇ: «ياق، كۆرۈشمەي-

مەن. بۇ ھالىتىم بىلەن بالامنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس يارا قالدۇرۇپ قويۇشنى خالىمايمەن. پەقەت بالامنىڭ يېقىندا چۈشكەن سۈرىتى بولسا بىر پارچىنى چوڭايتىپ بېرىڭلار» دېگەنىدى. سىزنىڭ كۆرۈشمەن دېگەن تەلىپىڭىزمۇ ئالدى بىلەن شۇ كىشىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ياق، ئەپەندىم، مەن چۈشىنىشنى خالىمايمەن. قانداقلا بولمىسۇن، مەيلى ئېكران ئارقىلىق، مەيلى يۈزتۇرانە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ. مەن سىلەرگە دېدىمغۇ، ئۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم. مەن ئەل - يۇرتقا، لالەگە، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىكىمنى دەپ بېرىشىم كېرەك. ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، ئەپەندىلەر، مەن يۇرتقا قايتىپ بېرىپ: «ئۇنداق بوپتۇ، مۇنداق بوپتۇ» دەپ ئاڭلىدىم دېسەم، لالە «شۇنچە جاپا تارتىپ بېرىپ كىشىلەرنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ يېنىپ كەلدىڭمۇ، ئاداش» دېمەسمۇ؟!

بۇ چاغدا ھىلالبۇۋىنىڭ چىرايلىرى ئۆڭۈپ، يوغان كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن چاچراۋاتقاندەك بىر ھالەتكە كەلدى، ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، سىڭلىم، دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق گەپلەر، چۈشەنگىلى بولىدىغان، ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدىغان گەپلەر. مەنمۇ بايا ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ، دېدىمغۇ. بىز تېخى سىزگە «ياق» دېمىدۇققۇ! بايا مەن دېگەندەك، ئادۋۇكاتلار رەخىم بىلەن كۆرۈشۈپ سۆزلىشىپ كۆرسۇن. سىز بىر - ئىككى كۈن ساقلاپ تۇرۇڭ. مەن سىزگە خەۋىرىنى يەتكۈزىمەن.

— ئەپەندىلەر، مېنى نېمىدەپ ئويلىساڭلار مەيلى. لېكىن مېنىڭ بۇ تەلىپىم مېنىڭ جانجىگەر دوستۇمنىڭ ماڭا تاپشۇرغان بۇرچى. مەن بۇنى جان - دىل بىلەن ئورۇندىشىم كېرەك.

يۈرتۈمدا قېپقالغان شۇ لالەگە مەن كۆز بىلەن كۆرگەنلىرىمنى
دەپ باراي. مېنىڭ تەلىپىمنى چوقـۇم ئەمەلـگە ئاشۇرۇپ بې-
رىڭلار. مەن رەخىم بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ، ئۇنىڭغا
بەرگىلىرى توزۇپ، سولۇش ئالدىدا تۇرغان لالەنىڭ ئەھۋالىنى
بىر دەۋالمىسام بولمايدۇ. بولىدۇ، جالالىدىنوف ئاكا، بۈگۈن
مەن سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلاي.

— رەھمەت سىزگە، خانىم.

ھىلالبۇۋى ئىشىكنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان رۇخسارە بىـ-
لەن زىلالنىڭ قېشىغا ئارانلا يېتىپ باردى، باردى ـ دە، رۇخسا-
رەگە تايىنىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ باشلىرى قېيىپ، پۇتلىرى
ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىپ باراتتى. چېكە تومۇرلىرى زىڭىلداپ
ئاغرىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ ھېلىلا قەي قىلىۋېتىدىغاندەك بىئارام
بولماقتا ئىدى. ئىككى مەڭزى قىپـقىزىل ئېسىـلىپ كەتكەن
بولۇپ، لەۋ ئەتراپى بىردە قارىداپ، بىردە ساغىرىپ تۇراتتى.

— ھىلالبۇۋى ھەدە، سىزنىڭ مىجەزىڭىز…

— ياق، جانىم. ھېلىلا ئوڭشىلىپ قالىمەن. بەزىدە جىد-
دىيلىشىپ قالسام شۇنداق بولىمەن. قان بېسىمىم ئۆرلەپ قالدى-
مىكىن ـ يە!

رۇخسارە ئىتتىك قەدەملىرى بىلەن مېڭىپ كارىدورنىڭ ئۇ
چېتىدىكى ئىشخانىـدىن بىـر ئىستاكان قايناق سۇ كۆتـۈرۈپ
چىقتى ـ دە:

— قىزىق ـ قىزىق ئوتلاڭ، ھەدە، ھېلىلا ئوڭشىلىپ
قالىسىز، — دېدى ۋە ئىستاكاننى قولىدا تۇتقىنىچە ھىلالبۇۋ-
نىڭ لەۋلىرىگە تەگكۈزدى.

بۈگۈنكى جىددىيلىكتىن ھىلالبۇۋىنىڭ ئەسلىدىنلا پاراكەندە
بولۇپ تۇرغان كۆڭلى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. چېگرى-
دىن ئۆتكەندىن بۇيانقى بۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە ئۇ ياخشى ئۇخلى-
يالمىدى، كۆپ نەرسىلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، ئويلىغانلىرى

بەك كۆپ بولۇپ كەتتى. ئۇيقۇسىزلىق، بىئارامىلىق كۆز ئالدىدىكى ئايغى چىقماس خىياللار ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، بۇگۈن كېچە تاڭ ئاتقۇچە يەنە كۆز يۇممىغانىدى، كۆڭلى ھامان بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىترىتەتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ يەنىلا ئايال كىشى ـ دە.

ھىلالبۇۋى رۇخسارە ئەكەلگەن قايناق سۇنى ئىچىپ بىرئاز ئۇخشالغاندەك بولدى. ئۇ رۇخسارە بىلەن جەمىلەنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن ئېگىز بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىدىن ئېھتىيات بىلەن دەسسەپ چۈشتى، ئاندىن ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا ماڭدى. ئادەتتە قىن ـ قىنىغا پاتماي شوخلۇق قىلىپ، تۈگىمەس سوئاللىرى بىلەن كىشىنى بەند قىلىدىغان زىلالمۇ بۈگۈنكى ئىشلاردىن كېيىن بىردىنلا شۈكلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ چوڭلارنىڭ ئارقىسىدىن شىپقاپ مېڭىپ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالسا ئۆزىنى خۇددى بىرى ئەكېتىدىغاندەك تۆت تەرەپكە ئالاق ـ جالاق قارىغانچە ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا ئالدىرىدى.

* *

ۋەسىيەتنامە ۋە مىراسنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈلدى. لالە بىلەن زىلالغا تېگىشلىكى نەقلەشتۈرۈلۈپ جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئالمۇتادىكى ئىش بېجىرىش ئورنىغا قويۇلدى. رەخىمنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ھىلالبۇۋىگە تېگىشلىك نەق پۇل ئۇنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ پۇل بىلەن ئالمۇتادا قانچىلىك سەيلە ـ ساياھەت قىلسا، ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلەرنى سېتىۋالسا بولاتتى. بىراق بۈگۈن ھىلالبۇۋىنىڭ كۆڭلى بۇ نەرسىلەردە ئەمەس، ئۇ يەنىلا ھېلىقى رىياسەتچى كىشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئادۋوكات ناسىروفتىن خەۋەر كۈتمەكتە. بۇ بىرقانچە كۈن ھىلالبۇۋى ئۈچۈن تولىمۇ

بىئاراملىق ئىچىدە ئۆتتى.

رۇخسارەنىڭ بىرقانچە قېتىم يېنىش - يېنىشلاپ:

— ھىلالبۇۋى ھەدە، ئالمۇتانىڭ كوچىلىرىنى ئايلىنىپ كۆرۈڭ. پارك، مىدىئو، چىمبۇلاق، كۆكتۆپە قاتارلىق مەنزى-رىلىك جايلارنى زىلالغا تاماشا قىلدۇرايلى،— دېگەن سۆزلىرى جاۋابسىز قالدى.

* *

بۈگۈن سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ھىلالبۇۋىنىڭ كۆزلىرى ئالدى بىلەن ئوچۇق ئاسمانغا، ئاندىن شەرق تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشقا يۈزلىنىپ، قىپقىزىل شەپەققە بويالغان شەرق ئاسمىنىغا تىكىلدى. «ئۇ جايدا لالە قانچىلىك تەقەززالىق ئىلكىدە تۇرۇۋاتقاندۇر. بۈگۈن چۈشلىرىم بىر قىسمىلا، ئۇنىڭغا بىر ئىش بولمىغاندۇر...» دەپ ئويلىدى ھىلالبۇۋى ئىچىدە ۋە تۇيۇقسىزلا يۈرىكى ئېغىپ كۆڭلىگە ئەنسىزلىك چۈشتى. بۇ بىرقانچە كۈندىن بېرىقى كۈتۈش، ھېسابسىز تەقەززالىق ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامىنى قويمايۋاتاتتى.

— رۇخسارە.

— مانا مەن ھازىرلا...

رۇخسارە كارىدورنىڭ پەلەمپەيلىرىدىن تاراسلاپ چۈشۈپ چوڭ قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەرق ئاسمىنىغا قارىغانچە ھەيكەل-دەك قېتىپ تۇرۇپ قالغان ھىلالبۇۋىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى.

— نېمە گەپ، ھەدە؟

— بىز بەكمۇ كۈتۈپ كەتتۇق، سىڭلىم. ئۇقۇشۇپ - سۈرۈشتۈرۈپ باقسىڭىز بولاتتى. رەخىم بىلەن كۆرۈشۈش ئىشى قانداق بولدىكىن. ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئادا - جۇدا بولدۇق، بىراق جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان تەقدىردىمۇ تۇنجى مۇھەببىتى لالە

ئۇچۇن بولسىمۇ بىرقانچە ئېغىز گەپ قىلغۇچىلىكى باردۇر...
— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، ھىلالبۇۋى ھەدە. ئۇلار ئۆز-لىرى خەۋەر بېرىمىز دېيىشكەن.
— تولا ساقلىمايلى، سىڭلىم. سورۇشتۇرۇپ بېقىڭ، جا-نىم، مەن دوستۇم لالەدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن. ئۇنىڭ يېنىدا ياشنىپ قالغان ئانىسىدىن باشقا يۆلەنچۈك بولغۇدەك ھېچكىم يوق. مەن تېزرەك قايتىشىم كېرەك.
— بولىدۇ، ھازىرلا ئالاقىلىشىپ باقاي.
رۇخسارە يەنە بايىقىدەك ئايغىنىڭ پاشنىلىرىدىن تاق - تاق قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ چاققانلىق بىلەن ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقان ئارىلىقتا ئۆيدە تېلېفوننىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
— ھەئە مەن... بار... بەكمۇ تەقەززا بولۇۋاتاتتى... بولىدۇ، مەن خەۋەر قىلاي.
رۇخسارە كارىدوردىن چۈشمەيلا:
— ھىلالبۇۋى ھەدە خەۋەر كەلدى. تېلېفون ناسىروف ئاكى-دىن ئىكەن، — دېدى.
— نېمە دەيدۇ؟
— ئەتە ئەتىگەندە ناسىروف ئاكا جالالىدىنوف ئاكا بىلەن بىللە كېلىپ سىزنى رەخمىنىڭ «مىدىئو» دىكى داچىسىغا ئېلىپ بارىدىكەن.
— ماڭا سىز ھەمراھ بولۇڭ، سىڭلىم. مېنىڭ يۈرىكىم بەكمۇ بىئارام.
— بولىدۇ، ئۇلار نېمە دەيدىكىن؟
— نېمە دەيتتى؟ مەن چەت ئەلدىن كەلگەن يالغۇز بىر ئايال كىشى - دە. جەمىلەگە ئېيتساق، ئەتە بىر كۈن زىلالنى ئەرمەك قىلىپ تۇرارمۇ؟
— بولىدۇ، ھەدە، ئۇ ئاددىي ئىشقۇ. ھەدەمنىڭمۇ باشقا ئىشى يوق. پەقەت زىلالنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ بەرسىڭىزلا، ئۇ

بالا تېخى كىچىك، بىزدىن ياتسىرايدۇ.
— بولىدۇ، ئۇ گەپ ئاڭلايدۇ. ئەقىللىق بالا، چۈشەندۈر-سەك چۈشىنىدۇ.

*          *

بۇگۈن ئون بەشىنچى ئىيۇل.
ھىلالىبۇۋى رۇخسارەنىڭ ھەمراھلىقىدا ناسىروف، جالالىدد-نوفلارنىڭ باشلىشى بىلەن رەخىمنىڭ «مىدىئو» دىكى داچىسىغا قاراپ ماڭدى. ئالمۇتانىڭ جەنۇبىدىكى بۇ تاغ پۈتۈن ئالمۇتا شە-ھىرىنى ئۆز ئېتىكىگە ئالغانىدى. دۆلەتلىك پارات مەيدانىدىن ئۆتۈپ ئوڭغا ئايلانغان مەھەللىنى بويلاپ بارغانسېرى تىكلەپ كېتىۋاتقان يولدا ماشىنا بىر خىل تېزلىك بىلەن ماڭماقتا. ماشىنىنىڭ ئوچۇق دېرىزىسىدىن ئۇچۇپ كىرىۋاتقان تاغ شامىلى شۇنچىلىك راھەتبەخشكى، ھىلالىبۇۋىنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى دىمىقىپ كەتكەن كۆڭلىگە ئارام بەرمەكتە. بۇك - باراقسانلىق ئۆزۈن جىلغىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى يوغان - يوغان قورام تاشلارنىڭ ئۈستىدە بۇژغۇن چاچرىتىپ شوخلۇق بىلەن شارقىراپ ئاقماقتا. قورام تاشلارنى دالدا قىلىپ سۇ تىنىپ قالغان كۆلچەكلەردە ئادەملەر سۇغا چۆمۈلمەكتە. سايىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قويۇق چاتقاللار، ياۋا ئالما، بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن زىرىق، قارىقات، مالىنا... دېگەندەك ياۋا مېۋىلەر... ئىشقىلىپ، جىلغى-نىڭ ئىككى تەرىپىنى قاپلاپ تۇرغان دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار، مېۋىلەر ئىلىنىڭ تاغلىرىنىڭ جىلغىلىرىغا ئوخشاش شۇنچە قويۇق، بۇلۇقلۇقى بىلەن كۆزگە تونۇش. ئىلى بىلەن ئوخشاش پاراللېل بويىغا جايلاشقان بۇ شەھەرنىڭ ئىقلىمى ۋە ئىقلىمىغا يارىشا تەبىئىي شارائىتى ئىلى تاغلىرىدەك، بۇ خىل

ئوخشاشلىق ھىلالبۇۋىگە ئالاھىدە زوق ئاتا قىلماقتا. بۇ تەبىئىي مەنزىرىلەرگە قارىغانسېرى ئۇنىڭ بالىلىقى ئەسكە چۈشمەكتە...

دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يېنىدىكى تاغ سۈيى پاتماي شارقىراپ ئاقىدىغان ساي، سايىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ئۆرۈكلۈك، ئالمىلىق، دولانا، قارىغات، جىغان، مالىنا، بۆلجۈرگەن، زىرىق... ھەممىسى ئوخشاش. ئاشۇ ئېتىكى كەڭ تاغ باغرى ئۆزىنىڭ تۆت ئوغۇل ئاكىسى بىلەن بىللە چوڭ بولغان ھىلالبۇۋىگىمۇ خۇددى ئاكىلىرىغا ئوخشاشلا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغاندى. ئاكىلىرى بىلەن تەڭلا ئويناپ ئوغۇل بالا مىجەز بولۇپ كەتكەن كۈنلىرىدىكى ئېشەك مىنىپ، موزاي مىنىپ، قاچقانچۇق ئويناپ شوخلۇقتىن قىن - قىنىغا پاتمىغان چاغلىرى غىل - پالغىنە كۆز ئالدىدىن ئۆتكەندەك بولدى. «ئۇھ... ئەجەب غەنىيمەت چاغلار ئىدى - ھە! بالىلىق — سەن نېمىدېگەن سۆيۈملۈك، نېمىدېگەن بىغۇبار سەن - ھە!» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە.

يۇقىرى ئۆرلىگەن ماشىنا «مىدىئو» ساياھەت رايونىدىكى كۆلدىن ئۆتۈپ سول تەرەپتىكى ئايلانما يول بىلەن ئىككى تاغنىڭ قاپتاللىرىنى تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان غايەت زور دامبا ئۈستىدىن ئۆتىدىغان يولغا چىقتى - دە، ئوڭ تەرەپكە قاراپ ئايلاندى. بۇ چاغدا رۇخسارە:

— ھىلالبۇۋى ھەدە، ئوڭ تەرىپىڭىزگە بىر قارىۋېتىڭە، — دېدى ۋە يەنە سۆزىگە ئۇلاپلا، — ئەگەر يەنە بىرنەچچە كۈن ئوشۇق تۇرغىنىڭىزدا ئىدى، مانا مۇشۇ ساياھەت رايونىدا قانغۇچە تاماشا قىلدۇراتتىم. قاراڭە، نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە مەيدانى، كۆل، بۇ كۆلدە قىشلىق خەلقئارالىق كانكى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەنە قاراڭ. تۆۋەن تەرەپتە شاراقىراپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى، قاپتاللاردىكى بۆك قارىغايزارلىق، قېيىنزارلىق ئىچىدىكى رېستورانلار، ئارامگاھلار...

ھىلالبۇۋى ئۇھسىنىپ قويدى. رۇخسارە ئىما قىلغان تەرەپ-

تە ھەقىقەتەنمۇ بىھېساب گۈزەل مەنزىرە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

ماشىنا يەنە سولغا ئايلاندى. ئايلاندى-دە، تاغ باغرىنى بويلاپ كەتكەن تىك ۋە ئەگرى-توقاي يولنى بويلاپ يۇقىرى تەرەپكە — چىمبۇلاق ساياھەت رايونى تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ھىلالبۇۋىگە بىردە ئوڭ تەرىپىدە، بىردە سول تەرىپىدە پەيدا بولىدىغان تىك قىيالىقلار بەكمۇ ھەيۋەتلىك ھەم سۈرلۈك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىچ-باغرىدىن قانداقتۇر بىر غەلىتە سېزىم شۇررىدە قىلىپ ئۆتكەندەك بولدى. قىيالارنى ياقىلاپ تۇتاش كەتكەن بېتون قۇرۇلمىلاردىن ياسالغان مۇستەھكەم بىخەتەرلىك قاشالىرى بولمىغىنىدا ئىدى، ھىلالبۇۋىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ماشىنىدىكى باشقىلارنىڭمۇ يۈرىكى ئاستىن-ئۈستۈن بولغان بولاتتى.

— ھىلالبۇۋى ھەدە، — دېدى رۇخسارە، — ئەمدى بۇ تىك يول بىلەن ئۇدۇل چىمبۇلاق ساياھەت رايونىغا بارىدۇ. مانا ھازىرلا ئۇ جايدىن ئۆتىمىز. قاراڭە، ھەدە، ئاۋۇ قاپتال، جىلغىلاردا چوقچىيىپ تۇرغان ئۆيلەرگە، يىراقتىن قارىسىڭىز گويا گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى تاغ باغرىغا قوندۇرۇپ قويغاندەكلا بىلىنىدىكىنە؟! ئەنە ئاۋۇ ماشىنا توختاش مەيدانىنىڭ ئەتراپىدىكى بىنالار، مېھمانساراي، رېستوران... كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ، ياز كۈنلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر خىل ئىرقتىكى كىشىلەر بۇ جايلارنىڭ ئارامبەخش ھاۋاسىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ، تاماشا قىلىدۇ. قارىمامسىز، ئەنە قىز-يىگىتلەرنىڭ قىن-قىنىغا پاتماي تاغ گۈللىرى ئارىسىدا بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئويناپ، ئېغىناپ يۈرگىنىنى، ئاۋۇ يىراقتا كۆرۈنگەن قارلىق چوققىنىڭ باغرىمۇ خۇددى مۇشۇنداق كەڭرى كەتكەن مەيدان. ئۇ جايدا كىشىلەر مانا مۇشۇ ياز كۈنلىرىمۇ چاڭغا تېيىلىش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. ئەنە توختاۋسىز

مېغىپ تۇرغان ئاسما ۋاگون بىلەن چوققىنىڭ باغرىغا چىققىلى
بولىدۇ. ئاۋۇ توختىتىپ قويۇلغان تىك ئۇچار ئايروپىلان
پات - پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان جىددىي قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا
ئىشلىتىلىدۇ.

رۇخسارە بەكمۇ ھاياجانلىنىپ سۆزلىمەكتە. ئۇنىڭ مەيلىچە
بولسا، ھىلالبۇۋى بىلەن زىلالنى بۇ مەنزىرە رايونىدا نەچچە -
نەچچە كۈنلەپ ساياھەت قىلدۇرغۇسى، ئۇنىڭ مىسكىن - غەمكىن
كۆڭلىنى خۇددى ئاشۇ تاغ گۈللىرىدەك ئېچىلدۇرۇپ، ھىلالبۇۋى-
دە ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغۇسى، بۈگۈن
قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئوبدان تەييارلىنىپ زىلالنىمۇ بىللە
ئاچىقىپ ئۇنىڭ مەسۇم قەلبىگە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قون-
دۇرغۇسى كېلىپ كەتتى. بىراق ھىلالبۇۋى بۇ بىھېساب گۈزەل
ھايات كارتىنىسىغا ئارىلاپ - ئارىلاپ ئېرەنسىزلىك بىلەن نەزەر
تاشلاپ قوياتتى - دە، ئارقىدىنلا ئېغىر ئۇھسىناتتى. ماشىنا
چىمبۇلاق ساياھەت رايونىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە كەتكەن يانتۇ جىلغى-
غا قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. بۇ جاينىڭ يۇقىرى تەرىپى ئاق
باش چوققىلىق تىك تاغلارغا تۇتىشىپ كەتكەن، يانباغرى بايىقى-
دەكلا ياۋا مېۋىلەرگە چۆمۈلگەنىدى. بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ
كەتكەن تاغ - جىلغىلارنىڭ باش تەرىپىدىكى بۇ خىلۋەت جىلغىمۇ
ئۆزگىچە چىرايلىق ئىدى. ئەتراپتا غۇچچىدە ئېچىلىپ كەتكەن
تاغ گۈللىرى، ئاندا - ساندا چىتلاق بىلەن قاشالانغان ئىككى
قەۋەتلىك، ئۈچ قەۋەتلىك داچىلاردىكى ياۋروپا ئۇسلۇبىدا سىلى-
نىپ ھەر خىل سىرلانغان قەلەي چېدىرلىق ئۆيلەرنى ھېسابقا
ئالمىغاندا، تاغ قاپتاللىرىدا ئوتلاپ يۈرگەن موزاي - تورپاقلار-
نىڭ مۆرەشلىرى، ئاندا - ساندا ئاڭلىنىپ قالىدىغان قوي -
قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى كىشىگە ئىلى يايلاقلىرىدەكلا تۇيغۇ بې-
رەتتى. جىلغىنى بويلاپ ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى بۇ ئىككى
يۇرتنىڭ تەبىئىي ئىقلىمىدىكى ئوخشاشلىقلىرىنى ئۇرۇنلاشتۇر-

غان هېكمەتلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ماشىنا يۇقىرى ئۆرلەپ ماڭغانسېرى جىلغىنىڭ ئىچى تارىيىشقا باشلىدى. ماشىنا بۇ جىلغىنىڭ تارايغان ئۇچىنىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىككىنە بىر ۋاسكېتبول مەيدانچىلىك تۈزلەڭلىككە جايلاشقان تۆمۈر رېشاتكىلار بىلەن قورشالغان داچىنىڭ ھەيۋەتلىك تۆمۈر دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى. داچىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ سىرتى ھەر خىل نەقىشلەر بىلەن چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، بىنانىڭ ئالدىدىكى مەيداندا تۈمشۇقلىرى تۈرۈم - تۈرۈم يوغان تاغىل ئىت سۇنايلىنىپ ياتاتتى.

ماشىنا توختىتىشى بىلەن شوپۇر يانفوننى چىقىرىپ:

— بۇ مەن، قۇرغۇي، ئىشىكنى ئاچ...، — دېدى. ھىلال-بۇۋى بۇنداق سىرلىق كۆرۈنۈشلەرنى پەقەت قارا گۇرۇھلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك تۇرالغۇلىرى تەسۋىرلەنگەن كىنو-لاردىلا كۆرگەنىدى. شۇڭا ھە دېگەندىلا ئۇنى سۈر باستى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يوغان تۆمۈر دەرۋازىنىڭ شوپۇرنىڭ «مەن قۇرغۇي» دېگەن مەخپىي بەلگىسىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئاپتوماتىك ئېچىلىشقا باشلىشى، ھىلالبۇۋىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ ئۇنى ھو-دۇقتۇرۇۋەتتى. قوش قاناتلىق، تۆمۈر رېشاتكىلىق يوغان دەرۋا-زىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تۆت - بەش ئاپشاركا ھاۋشىغىنىچە چىقىپ خۇددى بىرى قوماندا بەرگەندەك چىپپىدە توختاپ قالدى. ئىتلار ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان شوپۇرنىڭ ھىدىنى سېزىپ بولغا-نىدى. ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى بېسىقىپ بولغاندىن كېيىن داچا قورۇسىنىڭ ئىچى گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمدى. پۈتكۈل داچا ھىلالبۇۋىگە شۇنچىلىك سۈرلۈك بىلىنىپ كەتتىكى، ئەيمىنىش-تىن ئۇنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى. شۇ تاپتا رەخىم بىلەن كۆرۈشۈش تەلىپىدە چىڭ تۇرغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدىغان بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى.

— قېنى بۇ تەرەپ بىلەن...

شوپۇر كەلگەنلەرنى باشلاپ بىنانىڭ ئارقا تەرىپى — كۆنگەي تەرىپىدىكى كارىدوردىن ئۆتۈپ ئىشىكلىرى موۋۇت رەخت بىلەن قاپلانغان قوش قاناتلىق ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىكتىن كىرگەندىكى بۇ زال بىر چاغلاردا رەخمىنىڭ ھەرقايىسى دۆلەت، يۇرتلاردىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتىدىغان مېھمانخانىسى ئىدى. مېھمانخانا ئۆزىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىماي چىرايلىق بېزەلگەنىدى. مېھمانخا- نىنىڭ ئۈچ تېمىغا ھەر خىل نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن تام ئىشكاپ- لىرى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئىچى چەت ئەلنىڭ ئېسىل خرۇستال قاچىلىرى بىلەن تولدۇرۇلغانىدى. تام ياقىلىتىپ تىزىۋېتىلگەن تەشتەكلەردىكى ھەرخىل گۈللەرنىڭ يېقىندىن بېرى پەرۋىشسىز قالغانلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى.

شوپۇر بالا:

— قېنى، مېھمانلار تۆرگە، — دېدى.

ناسىروف، جالالىدىنوف ۋە ھىلالبۇۋىلەر ئۇدۇل ئۆتۈپ ئايرىم - ئايرىم كرېسلوغا جايلاشتى. كرېسلو ئالدىدىكى چاي ئۈستەللىرى قورۇق بولۇپ، بىر دەستە گۈل لوڭقىغا چىلانغىچە قۇرۇپ قالغانىدى.

— قېنى ئەمسە.

ناسىروف شوپۇر بالىغا ئىشارەت قىلدى.

— خوجايىن، مېھمانلار كېلىپ بولدى.

مېھمانخانا ئىچىدىكى ئاۋاز ياڭراتقۇدىن شوپۇر بالىنىڭ ئاۋا- زى ئەكس سادا قايتۇرۇلدى. ئولتۇرغانلارنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامدا - تالادىن كىرگەن ئىشىكنىڭ بېشىدا ھەيۋەت چوڭ تېلېۋى- زور ئېكرانى نۇرلىنىپ سىگنال بەلگىلىرى ئاستا - ئاستا روشەن- لىشىشكە باشلىدى - دە، ئاندىن:

— مېھمانلار، ياخشى... مۇسىلەر...، — دېگەن سۆز ۋە تىترەڭگۈ ئاۋاز ئاڭلىنىشى بىلەن چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى، ئېكراندا كۆرۈنگەن ئادەم بۇرنىنى

باستۇرۇپ تاكى ئېگەكلىرىنىڭ ئاستىغىچە نېپىز قارا رەخت بىلەن نىقابلانغانىدى. ھىلالبۇۋىگە ئۇنىڭ قاش - كۆزلىرى ئەس-لىي ئورنىدا ئەمەستەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇن-چىلىك خۇنۇكلىشىپ كەتكەنىدىكى، گويىكى كۆز قارىچۇقلىرى-نىڭ ئەتراپىدىن توپا ئۆرلەپ كۆزىنىڭ ئېقىنى بېسىۋېلىۋاتقاندەك ئىدى. ئوڭ تەرەپ قېشىنىڭ قوير ۇقىنىڭ دەل ئاستىنقى تەرىپى-دىكى چېكە تومۇرلىرىنىڭ ئۇستىدە قانداقتۇر بىرنېمە قايناپ چىقىپ ياغاقچىلىق ئۇررەك بولۇپ قېتىپ قالغانىدى. بەكمۇ جۇدەڭ كۆرۈنگەن بۇ ئادەمنىڭ ماڭلاي چاچلىرى تاقىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، باش ئۇستىخىنىنىڭ سىزىقچىلىرى ھېلىلا چاك - چېكىدىن ئاجراپ كېتىدىغاندەك ئىدى. ئېكران چوڭ بولغاچقا ئۇنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىمۇ يۇقىرى ئىدى. شۇڭا بايى-قى ئادەمنىڭ ماڭلايلىرىدىكى، كۆز - قاپاقلىرىدىكى ئىنچىكە قورۇقلارمۇ شۇنچە ئېنىق، دانە - دانە كۆرۈنەتتى.

ھىلالبۇۋى ئېكراندىكى ئادەمگە قاراپ ھەيران بولغىنىدەك داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن سەزگۈلىرى تورمۇزلىنىپ قالغاندەك ئىدى. ئەجەبلىنىشتىن يوغان كۆزلىرى چەكچەيگىنىچە ئېكرانغا قاراپ قېتىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، قوۋۇز گۆشلىرى لىپىداپ كەتتى.

— ھىلال... ل... بۇۋى.

ياڭراتقۇ كۆچلۈك غوڭۇلدىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا تولىمۇ ئاجىز، تولىمۇ زەئىپ بىر ئاۋاز ياڭراتقۇ ئارقىلىق كۈچەيتىلگەن-دەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قاڭشىرىنى باستۇرۇپ تۆۋەنكى يۈ-زىنى نىقابلىغان نېپىز رەختىنىڭ ئاۋازغا بولغان توسالغۇسىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

— ياخشىمۇسەن، رەخىم؟

— كۆرۈپ... تۇ... رۇپ... سەن، ياخشى... ئەمەس... مەن.

— نېمە بولدۇڭ شۇنچە؟

— بولدى... سور... ىما، ز... ز... زىلال... ل، ... قېنى؟ ئالغاچ كەل... مىد... ىڭمۇ؟

— بالىنى ئايىدىم، سېنىڭ دەردىڭدە لالەنىڭ يۈرىكى زېدە بولدى. ئەمدى بالىڭمۇ يۈرىكى زېدە بولمىسۇن دېدىم.

— سۇر... ىتى... چۇ، لا... لەنىڭ... سۇر... ىتى...

— رەخىم، سەن قايسى يۈزۈڭ بىلەن بۇلارنى سورايسەن؟

ھىلالبۇۋى بايىقى داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتىن ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈۋاتقان غەزەپ ئوتى ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە مەركەزلىشىپ قالغاندەك كۆزلىرىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچراۋاتقاندەك ئىدى. ھازىر ئۇ خېلىلا غەيرەتلىنىپ قالغانىدى. ھىلالبۇۋىنىڭ تەقى ـ تۇرقىدىكى ئۆزگىرىشتىن ناسىروف بىلەن جالالىدىنوف ھەيران بولماقتا ئىدى. ئۇلار غەيرەتكە كەلگەن ھىلالبۇۋىنىڭ يەنە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىغا زەن سالماقتا.

— راست... دەي... سەن، ھىلالبۇۋى، مەن... مە...ندە سىلە...ر...گە... قار...ىغۇ...دەك يۈ...زۈ...م قال...مىدى... .

— نىقابىڭنى كۆتۈرۈۋەت، رەخىم. مەن ھازىر چىرايىڭنى تولۇق بىلەن كۆرۈۋالاي.

— بو... ل... ما... يدۇ.

— نىقابىڭنى كۆتۈرۈۋەت! دەيمەن.

— بو... لدى... قىل، ھىلال... بۇۋ... ى، مېنىڭ ئازابىمىنى كۆچەيتمە.

— لالەنىڭ ئازابىچۇ، جۆھەر ھەدەمنىڭ ئازابىچۇ، مېنىڭ ئازابىمچۇ، زىلالمۇ بار تېخى، — شۇ تاپتا ھىلالبۇۋى غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى. ئۇنىڭ نەپەسلىرى قىسىلىپ، سۆزى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى رىتىمسىز قاتتىق سوقۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — رەخىم، سېنىڭ ئەمدى لالەنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈشۈڭ مۇمكىن ئەمەس. سەن بۇ

جايدىكى كىچىك خوتۇن ـ توقالىلىرىڭنىڭ چىرايىغا قىنىۋالساڭلا بولىدۇ. مەن ئەسلىي زىلالنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىنى ساڭا بەرمەكچى بولۇپ كەلگەنىدىم. بۇ جايغا كەلگەندىن كېيىن بىلدىمكى، شۇ نارەسىدە بالىنىڭ سۈرىتىنى خاتىرە ئۈچۈن ساڭا بەرسەم، بۇ سۈرەتمۇ سېنىڭ ئىپلاس قولۇڭدا بۇلغىنىپ كەتكۇدەك. يات كىشىلەرنىڭ، توقالىلىرىڭنىڭ ئاياغ ـ ئاستىدا قالغۇدەك.

— ئۆ... ئۆ... تۇ... نەي... سەن... سەن... دىن... ئۆ... تۇنەي. سۈرەت... نى... ما... ما... ڭا بەر.

— ئۇنداقتا مەن سېنىڭ شۇ تۇرقۇڭنى سۈرەتكە تارتىۋالاي.

ھىلالبۇۋى تەييارلاپ قويغان سۈرەت ئاپپاراتىنى سومكىسىدىن ئېلىپ ئۇنىڭ فوكس نۇقتىسىنى ئېكرانغا توغرىلىدى.

— ياق... ھىلال... ، بۇۋى...

رەخىم چاقلىق ئورۇندۇقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تەتۇر قارىۋالدى، ئاۋازى يېقىمسىز خىرىلداپ كەتتى.

— ھى... لال... بـۇۋى... سۇ... رەت... ئاپپا... را ... تىڭنى... يىغــش... تـۇر... بـول... دى... مــەن... سۇ ... رەتنى... بىرلا... قى... قېتىم... كۆرۈۋا... لاي...

ناسىروف بىلەن جالالىدىنوف ھىلالبۇۋىنىڭ قولىدىكى ئاپپاراتىنى يىغىشتۇرۇشنى ئىشارەت قىلدى ۋە:

— خانىم، تۇنۇگۇن بىز قانۇن ئورۇنلىرى بىلەن سۆزلەشكەندە ئۇلار سۈرەتكە تارتماسلىقنى شەرت قىلغان. بىز ماقۇل دېگەن ۋە سىزنىڭ سەمىڭىزگە سالغان، خانىم، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ئۆزىڭىزنى ئاياڭ. سىز مۇشۇ تۇرقىدا بەكمۇ ئازابلىنىۋاتىسىز، ئۆزىڭىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزنىمۇ ئاياڭ، — دەپ پىچىرلىدى.

ھىلالبۇۋى غەزەپتىن تېخىچىلا غال ـ غال تىترەك ئىچىدە ئىدى.

— سۈرەت، مانا، سەن بۇنىڭغا بىرلا قېتىم قارىۋال، پەقەت

بىرلا قېتىم.

ھىلالبۇۋى سۈرەت ئاپپاراتىنى سومكىسىغا سېلىۋېتىپ، سومكىسىدىكى كىتابچە ئىچىدىن زىلالنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىنى ئېلىپ ئېكران تەرەپكە قاراتتى. بىراق، رەخمىنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ سۈرەتنى تازا ئېنىق كۆرەلمىدى. شۇ تاپتا تەبىئەتتىن ھالقىغان قانداقتۇر بىر ئىلاھىي كۈچ ـ قۇدرەت رەخمىنىڭ پۈتۈن سەزگۈسىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ھالسىزلىققا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلاپ، بىر تەرىپى كۆتۈرۈلۈپ قالغان نىقابىنىڭ سول تەرەپ بۇرجىكىدىن ئۇنىڭ گۆشلىرى ئېقىپ كەتكەن ئاستىنقى ئېڭەك ئۇستىخىنى ئاپئاق بولۇپ كۆرۈنۈپ قالدى. رەخمىنىڭ شۇ كۆرۈنۈشى قورقۇنچلۇق ئالۋاستىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ يېرىم ـ يارتا ئەپت ـ بەشىرىسىدىن ئۇنى راستتىنلا خۇدا ئۇرغاندەك ئىدى. ھىلالبۇۋىنىڭ كۆز ئالدىغا بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى «ئارزۇ» رېستورانىدا رەخمىنىڭ قىيامەتلىك قەسەم قىلغان ۋاقتىدىكى تولغان، ياغ تەپچىپ تۇرغان نۇرلۇق چىرايى كەلدى.

— مە... مە... ن... لا... لە ... گە... ب... خە... ت... ز... ز... لا... ل...

ئۇنىڭ قالغان گەپلىرىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولمىدى.

بۇ چاغدا رەخمىنىڭ بېشى ساڭگىلاپلا قالدى. ئۇ ھوشسىزلىنىپ كېتىپ بارغاندەك ئىدى.

ئېكران «لاپ» قىلىپ ئۆچتى، ناسىروف بىلەن جالالىدىنوف بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى. ھىلالبۇۋى بولسا رۇخسارەنىڭ ياردىمىدە ئاران ـ ئاران دېگۈدەك ئورنىدىن تۇرالىدى. ھىلالبۇۋى بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىپ بارغانلىقىنى سەزدى، كۆڭلىگە چۈشكەن ئەنسىزلىك ئۇنى بىئارام قىلماقتا...

— قايتايلى، سىڭلىم... مەن بولالمايۋاتىمەن...

ھىلالبۇۋى «قانداقلا بولمىسۇن رەخىم بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ» دېگەنلىرىگە پۇشايمان يېگەندەك ئىدى، نۇرغۇنلىغان كەچمىشلەرنىڭ ئەسلىمىلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىرقىرىتىۋاتاتتى.

رۇخسارە ئۇنى يۆلەپ ماشىنىغا ئاران چىقاردى. ئۇنىڭ ھېچ نەرسىگە ۋە ھەتتا بايىقى گۈزەل جىلغىنىڭ گۈزەللىكلىرىگىمۇ قارىغۇدەك ھەپسىلىسى قالمىغانىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ ھېلىلا قەي قىلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. يۇقىرىدىن باشلانغان ئەگرى - توقاي تاغ يولىدا تېزلىك بىلەن پەسكە چۈشۈۋاتقان ماشىنا، ماشىنىدىكى قالغان ئۈچەيلەننىڭ كۆڭلىگە ئەنسىزلىك سالدى.

— ئىنىم، ئاستىراق ھەيدەڭ.

جالالىدىنوفنىڭ كەسكىن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن ئالدىرايمەن. مەن تېزلىكتە يەنە داچىغا قايتمىسام بولمايدۇ، دوختۇرلار كېلىپ رەخىم ئەپەندىگە دورا ئىچۈرۈپ، ئوكۇل سېلىشى كېرەك، بولمىسا ئۇ ھوشسىزلىنىپ كېتىدۇ.

— ئۇنداقتا مۇشۇ جايدا ماشىنىدىن چۈشۈپ قالايلى.

— ياق، مەن سىلەرنى شەھەرگە يەتكۈزۈپ قويۇپ، ئاندىن يەنە دوختۇر - سېستىرالارنى، ئوكۇل - دورىلارنى ئاچىقىشىم كېرەك. خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن سىلەرنى تىنچ - ئامان شەھەرگە يەتكۈزۈپ قويىمەن...

*　　*

بۈگۈن كېچە ھىلالبۇۋى ئۈچۈن ھاياتىدىكى ئەڭ ئازابلىق كېچىلەرنىڭ بىرى بولدى. ئۇ تاڭ سۈزۈلگىچە كىرپىك قاقمىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى چىگىشلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ نېرۋا ھۈجەيرىلىرى سەزگۈرلىشىپ تەسەۋۋۇر ئېكرانى رەڭگارەڭ دۇن-

يانى ئەكس ئەتتۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ باللىق چاغلىرى ئۆتكەن تاغ باغرىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى. ئاكىلىرى بىلەن خۇددى ئوغۇل باللاردەك ئويناپ، شوخلۇق قىلىپ، قىن - قىنىغا پاتماي قورقۇمسىز ئۆتكەن كۈنلىرى، جۆھەربۇۋى ھەدىنىڭ سىدىلىق - سىپايە تەربىيىسى، ئۆزىدەك بىر بەڭۋاش قىزنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ، باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى سەۋرچانلىقى، بۇنىڭ ئەكسىچە يەنىلا ئوغۇل باللارنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ ئۇلار بىلەن ئىرماش - چىرماش بولۇپ جۆھەربۇۋى ھەدىنى نەچچە - نەچچە قېتىم قاقشاتقىنى...

ئەنە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئېغىر ئەمگەكلىرىدە ئەسپەر ئاكىنىڭ مۈكچىيىپ كەتكەن قەددى... يەنىلا كۆز ئالدىدا جۆھەربۇۋى ھەدىنىڭ مېھرىبان چىرايى، جۆھەربۇۋى ھەدىنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ ھىلالبۇۋىنى ئوغۇل باللارنىڭ ئارىسىدىن ئايرىپ چاقىرىۋېلىپ: «ھوي ھىلالبۇۋى، ئۆزىڭىزنىڭ قىز بالا ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ، سىز قىز بالا، ئوغۇل بالا ئەمەس، نازاكەتلىكرەك بولۇڭ. قىزلارغا خاس سىلىق - سىپايە خۇلقلۇق بولۇڭ... نېمىدېگەن قاملاشمىغان...» دېيىشلىرى، ئەنە ئاپىسىنىڭ قارامتۇل لېكىن مېھرىبان چىرايى، ئۆي ئىشىدىكى چاققانلىقى، پاكىزلىقى، گەپكە گەپ كەلگەندە دادىسىنىڭ ئاچچىق بىلەن دېگەن سۆزلىرىگە بىرمۇبىر تۇرۇپ دادىسىغا تەڭ كېلىدىغانلىقى. دادىسىنىڭ چۈشەنگىلى بولمايدىغان «جىددىي» خىزمەتلىرى، مىجەزى تۇرگۇن، ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈن قاپىقى ئېچىلمايدىغان دادىسىنىڭ ئەسپەر ئاكا بىلەن قوشنىدارچىلىق قىلىپ ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ بەزى كېچىلىرى يەيدىغان ئۈششاق - چۈششەك نەرسىلەر — قوناق يارمىسى، سەي - كۆكتاتلار، كۆكۋاش قوناق دېگەندەكلەر بىلەن تولدۇرۇلغان خالتىنى تامدىن ئارتىلدۇرۇپ، ئەسپەر ئاكىنىڭ كىچىك ھويلىسىغا تاشلىغانلىرى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئەسپەر ئاكىنىڭ، ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ چىقىر-

شىنى ساقلاپ تۇرغاندەكلا قاشالانغان دەرۋازا ئالدىدا پەس ئاۋازدا:
— رەھمەت سىزگە، ئۆزىڭىزنى ئاياڭ...، — دەپ قويۇپلا كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىش مەيدانىغا كېتىشتى...

ئەنە لالەنىڭ تولىمۇ زىلۋا گۈزەل قەددى - قامىتى، لالەنىڭ كەينىدە پايپاسلاپ يۈرگەن رەخىمنىڭ كۆلگۈنچەك چىرايى... تۇينىڭ ئالدى - كەينىدىكى كۈنلەردە ئەسپەر ئاكىنىڭ بىئارامىلىقى، جۆھەربۇۋى ھەدىنىڭ خىجىللىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان چىرايى.

ئەنە تويدىن كېيىن كۈندىن - كۈنگە جىمىغۇرلىشىپ كەتكەن لالەنىڭ سولغۇن چىرايى... «ئۇھ... ئۇ ئەسلىدە شۇ كۈنلەردە بىچارە لالەنىڭ شەھلا دېگەن بۇ جالاپنىڭ خېتىدىن كېيىنكى دەرد - ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەن چاغلىرى ئىكەن-دە!» دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى ھىلالبۇۋى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئالمۇتاغا كەلگەندىن بۇيانقى ئىشلار، رەخىمنىڭ «ۋەسىيەتنامىسى»، «مۇرەسسەلەشتۇرۇش كېڭىشىنىڭ كېسىمى» بىلەن لالە ۋە زىلالغا تەگكەن مىراس، رەخىم بىلەن ئېكران ئارقىلىق كۆرۈشۈش، رەخىمنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن چىرايى...

بۇگۈنكى كېچە ھىلالبۇۋىنىڭ دوستلۇق، مۇھەببەت، ئىنسانىي تۇيغۇ، ۋىجدان، مېھىر - شەپقەت، ۋاپادارلىق ۋە يەنە ئالدامچىلىق، مۇناپىقلىق، رەزىللىق، ئاسىيلىق، شەپقەتسىزلىك، يۈزسىزلىك، سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىرلىك، شەرمەندىلىك... قاتارلىق ئەخلاقىي ئۇقۇملارنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئاچچىق - چۈچۈك ئۇھ... تارتىشلىرى بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يەنە لالەنىڭ سولغۇن چىرايى كەلدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يۈرىكى ئېغىپ، رىتىمى تېزلىشىپ كەتتى. قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىك ئۇنىڭ باغرىنى كېسىپ ئۆتكەندەك بولدى. ئۇ غۇۋا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھالەتتىن سەگەكلەشتى.

ئۇ يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئاي قاراڭغۇسىدا غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان ئۆينىڭ تورۇسىغا قارىدى. ئۇ يېنىغا ئۆرۈلۈپ دېرىزىگە قارىدى. دېرىزە ئەينەكلىرىدە تاڭ سۈبھىسى ئالدىدىكى خىرەلىك ئەكس ئەتمەكتە.

«ئاپا، ئاپا، ... كەتمىگىن...»

ھىلالبۇۋىنىڭ سەللا نېرىسىدىكى كارىۋاتتا ياتقان زىلال نېمىلەرنىدۇر دەپ جۆيلۈپ كەتتى. ھىلالبۇۋىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئەنسىزلىككە چۆمدى. ئەنسىزچىلىك ئىچىدىكى خىياللىرى يېغىشتۇرۇۋالغۇسىز دەرىجىدە چېچىلاڭغۇ ئىدى. ئۇ ھامان لالەنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەيتتى. چۈنكى لالەنىڭ يۈرەك كېسىلى بەكمۇ تېز قوزغىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. دوختۇرلارنىڭ بۇ توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى خاس ئۆزىلا ئاڭلىغان ھىلالبۇۋى بىر كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى ھامان تۇيۇقسىز بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەيتتى. «خۇدا ساقلىغاي...، — ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى ھىلالبۇۋى، — تېزرەك قايتىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىش كېرەك.»

ھىلالبۇۋى سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئەمدىلەتىن قىزىرىپ كېلىۋاتقان شەرق ئاسمىنىغا قاراپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى. تۈنۈگۈن جەمىلە بىلەن شەھەر ئايلانغان زىلال ھېرىپ كەتكەن چېغى خېلىلا ۋاقىتچە قوپتى. بۈگۈنكى ناشتىلىق خېلى مول تەييارلانغانىدى. تاماق شىرەسىگە يۈزى كۆرۈنمىگۈدەك دەرىجىدە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر تىزىلغان بولۇپ، ھەر خىل مېۋىلەردىن تەييارلانغان مۇراببالارنىڭ ئىشتىھانى غىدىقلىغۇچى ھىدلىرى دىماغقا ئۇرۇلاتتى.

— مەن بىر چىنە ئەتكەنچاي ئىچەي، ئەتىگەندىلا ئىككى چېكەم چىڭقىلىپ ئاغرىپ قوپۇپتىمەن، — دېدى ھىلالبۇۋى.

— شۇنداق بولسىمۇ مۇنۇلاردىن ئېلىڭ، سىڭلىم. ئېغىز تېگىڭ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم تەييارلىغان، — دېدى قىز-

لارنىڭ ئاپىسى ھىلالبۇۋىگە خىرۇستال قاچىلار ئىچىدە جۇلالىق كۆرۈنۈپ تۇرغان ھەر خىل مۇراببالارنى كۆرسىتىپ.

جەمىلە بىلەن رۇخسارە ئاپىسىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى:

— ئېلىڭە، ھەدە، سىز پەقەت تارتىنىپلا تۇرىدىكەنسىز، — دېدى جەمىلە.

— ئېلىڭە، ھەدە، مۇنۇلارنىڭ ھەممىسى سوغۇقلۇق نېمىلەر، بېشىڭىز ئىسسىقتىن ئاغرىغان بولسا ياكى قان بېسىمىدىن ئاغرىغان بولسا پايدا قىلىدۇ. ئالدىدا بىر چىنە سىنچاي ئىچىۋېلىڭ، ئەكېلىڭ، چىنىڭىزگە مۇنۇ قارىقاتنىڭ مۇراببىسىدىن قۇيۇپ بېرەي، — دېدى رۇخسارە ھىلالبۇۋىنىڭ ئالدىغا ھېلىلا قويۇلغان پىيالىگە قول ئۇزاتتى. ئۇ ھىلالبۇۋى بىلەن ئۇچراشقاندىن بۇيانقى بۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ھىلالبۇۋىنىڭ يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى بارلىقىنى بىلىپ قالغانىدى.

— رەھمەت، مەن تارتىنمايمەن. ھېلىمۇ بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى سىلەر مېنى خۇددى بىر تۇغقان قېرىنداشتەك كۈتۈۋاتىسىلەر، مەن ئۇچۇن، زىلال ئۇچۇن جىق ئاۋارە بولۇۋاتىسىلەر…

— شۇنداق، سىڭلىم، بىز ھەممىمىز بىر تۇغقان قېرىنداش، قېنى ئۆز ئۆيىڭىزدىكىدەك تارتىنماي ئېلىڭ، — دېدى قىزلارنىڭ ئاپىسى.

لېكىن ھىلالبۇۋى ھامان ئىشتىھاسىز ئىدى، بىر چىنە ئەتكەنچايىنى بىر بۇردا نان بىلەن قۇرۇق دېگۇدەك ئىچتى.

— ھەدە - سىڭىللار، بۇ بىرقانچە كۈندىن بېرى سىلەرنى بەكمۇ ئاۋارە قىلدۇق. ئەمدى بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئىشلىرىمىزمۇ پۈتتى. ئۇ تەرەپتە… مەنغۇ ئۆز ئائىلەم، بالىلىرىمدىن خاتىرجەم. لېكىن لالەنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن بەك ئەنسىرەيمەن. ئۇنىڭ بىلەن مەن خۇدا قوشقان قىيامەتلىك دوستلاردىن بىز،

كۆڭلۈم ئېغىپ تۇرىدۇ. جۆھەربۇۋى ھەدەم يالغۇزلۇق تارتىپ قالمىسۇن.

— بەكمۇ ئالدىرىدىڭىزغۇ، سىڭلىم.

— دېدىمغۇ، باشقا سەۋەب يوق. شۇ بىر ئىشلا، ئەمدى بىزگە رۇخسەت قىلساڭلار. ئەكبەرگە گەپ ـ سۆز، خەت ـ خالتا بولسا تەييارلاپ قويۇڭلار. بۈگۈن تەييارلىق قىلىپ ئەتە ئۈن سەككىزىنچى ئىيۇل يولغا چىقساق. قېنى، ھەدە، دۇئا بېرىڭ.

— شۇنداق بولامدۇ ئەمىسە؟!

— ھەئە، شۇنداق بولسۇن. ئوغلىڭىز ئەكبەرمۇ ئۇ تەرەپتىكى ئىش ـ كۇشلىرىنى پۈتتۇرسىلا تېز قايتىمەن دېگەن. بەلكىم ئۇ بالىمۇ بىزنىڭ يولىمىزغا قاراۋاتقاندۇر. ھەممە قۇش ئۆز ماكانىغا قايتىشقا ئالدىرايدىغۇ، مېنى چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن،— ھىلالبۇۋى پىسىڭىدە كۈلۈپ، زىلالنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى.

— بىز سىزنى ئالدىراشچىلىقىڭىز بىلەن تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئۆيىگىمۇ پەتە قىلدۇرۇپ ئاپىرالمىدۇققۇ؟!

— خۇدا بۇيرۇسا ئۇمۇ بولۇپ قالار.

قىزلارنىڭ ئانىسى دۇئاغا قول كۆتۈردى. داستىخان يىغىشتۇرۇلۇشقا باشلىدى.

— ھىلالبۇۋى ھەدە، سىز تۇغقانلارغا، بالىلىرىڭىزغا سوۋغا ـ سالام ئالامسىز؟

— بولدىلا، سىڭلىم، شۇ بازارغىمۇ چىققۇم يوق. ئەتە يول يۈرىمىز. بۈگۈن ياخشىراق دەم ئالاي.

— ئۇنداقتا مەن چىقاي، ئالمىدىغان نەرسىلەرنى دەپ بېرىڭ. بىر يۇرتتىن بىر يۇرتقا كېلىپ قۇرۇق كەتسىڭىز بولماس.

— بولىدۇ، دەپ بېرەي، سىز يېزىۋېلىڭ. ھە، راست، بىزنىڭ يولغا چىقىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا ئەكبەر ئاكىڭىزغا تېلېفون بېرىۋېتىڭ.

— بولىدۇ. تېلېفوننى كەچتە، ئۆيدىلا...

قىزلارنىڭ ئانىسى ھىلالبۇۋىنىڭ تەقى - تۇرقىغا، گەپ - سۆزلىرىگە زوقلىنىپ، ھىلالبۇۋىنىڭ سەمىمىيلىكىنىڭ نۇرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىغانچە چوڭقۇر خىيال ئىچىدە قىلدۇۋاتقاندەك ئولتۇراتتى. «خۇدايا توۋا، كىشىلەردە ئىنساپ كۆتۈرۈلۈپ، كۈندىن - كۈنگە ھەممىدە مەنپەئەتلىنىشنى ئۆلچەم قىلىدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەت ئەۋج ئېلىۋاتقان، بىر - بىرىنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سېلىپ، ئۆز دوستىغا خىيانەت قىلىدىغان، پۇل ئالدىدا ئەقلىدىن ئازىدىغانلار كۆپىيىپ كېتىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە، ئۆز دوستىغا ساداقەتمەن، دوستلۇق ئەقىدىسىگە ئىخلاسمەن كىشىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن - ھە! قارىغاندا ئەگەر ئادەمدە بۈيۈك بىر ئېتىقاد كۈچى بولمىسا بولمايدىكەن - دە...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

ئانا ھىلالبۇۋىنىڭ بۇ جايغا كەلگەندىن بېرى پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن دوستىنىڭ ئىشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەنلىكى ۋە ھەتتا كوچىلارنى كۆرۈش، ماگىزىن ئارىلاش، ئاز - تولا نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشلارنى خىيالىغا قىلچە كىرگۈزۈپ باقمىغانلىقىغا راستىنلا ھەيران قالماقتا ئىدى.

# ئون ئىككىنچى باب

ھىلالبۇۋى بىلەن زىلال چىگرىدىن ھىچقانداق توسالغۇسىزلا ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. قورغاس ئىغىزىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان يولدۇشى ئەختەم بىلەن «بۇرۇتلۇق» يىگىت ئەكبەر ئۇلارنىڭ كىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ھىلالبۇۋى ئەختەمنى قۇچاقلاپ تاتلىقىنە بىرنى سۆيۈپ قويدى. ھايال ئۆتمەي ئۇلار چۈشكەن ماشىنا ئانا يۇرتقا قاراپ بارغانسىرى تىزلىكىنى ئاشۇردى. ھىلالبۇۋى مۇشۇ ئون كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە جاھاننىڭ ئۇ تەرىپىگە بىرىپ كەلگەندەك بىر تۇيغۇغا كىلىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ:

— ئۇكام ئەكبەر، چىگرا دىگەن مۇشۇ كىچىككىنە سىزىقنىڭ ھەيۋىتى. ئەنسىزلىكى شۇنچىۋالا بولامدىكىنە؟! بىر چامدام ئۇ تەرەپكە ئۆتتىمۇ بولدى، گويا يىراق - يىراق بىر جايلارغا، خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك جاھاننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جايلارغا كەتكەندەك ئۆز يۇرتۇڭنى، ئىسسىق ماكانىڭنى، يولدىشىڭ، بالا - چاقىلىرىڭنى قايتا كۆرەلمەي قالىدىغاندەك بىر ئەنسىزچىلىك ھامان يۈرىكىڭنى ئىزىدىكەن. سىغىنىش ئوتى ئەتە، كەچ دىمەي ۋۇجۇدۇڭنى كۆيدۈرىدىكەن…

— بۇ تەرەپكە تۇنجى قىتىم كەلگىنىمدە مەنمۇ سىزدەك تۇيغۇدا بولغان، ئاپام، قىرىنداشلىرىم… كۆز ئالدىمدىن كەتمىگەن، يۈرىكىم ئىغىپ بىر كۈنمۇ ئارام بەرمىگەن. دىمىسىمۇ مەن ئۆيگە قايتىپ بارسام ئەكرەم ئاكام ئىز - دىرەكسىز يوقىلىپ كەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن… مەن سۈرۈشتۈرە - سۈرۈشتۈرە يىپ ئۇچىغا ئىگە بولدۇم. شۇ چاغدا مەن بەكمۇ ئەسەبىيلىشىپ كەتكەنىدىم.

ئەكبەرنىڭ لەۋلىرى تىترەپ ئۆمچەيگەن ھالەتكە كەلدى ـ دە، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. بىر خىل خىرە ئاۋاز ئۇنىڭ بوغۇزىغا ئۆرۈلدى.

— كۆڭلىڭىزنى بىئارام قىلماڭ، ئوكام.

ئەختەم «نېمە گەپ ئۆزى» دېگەندەك بىر ھىلالبۇۋىگە، بىر ئەكبەرگە قارىدى. ھىلالبۇۋى ئەكبەرنىڭ قەلب يارىسىنى تاتىلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ (ئېھتىيات قىلىپ) ئەختەمگە قاراپ «ساڭا كېيىن دەپ بېرىمەن» دېگەندەك قىلىپ كۆزىنى يۇمۇشلىدى ـ دە، گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى.

— جۆھەربۇۋى ھەدەم بىلەن لالە قانداقراق؟

— لالەنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ يەنە بالنىتسىدا يېتىپ قالدى. سەن كېتىپلا ئىككىنچى كۈنى يەنە يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ دەرۋازا تۈۋىدىلا يىقىلىپ قاپتۇ. بۇ بىرقانچە كۈندىن بېرى بىز ھەممىمىز شۇ دوختۇرخانىدا، قارىسام جۆھەربۇۋى ھەدەمنىڭمۇ ھالى يوق، ئاجىزلىشىپ قېلىۋاتىدۇ.

— مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ ئېغىشلىرى، كۆڭلۈمنىڭ ئەنسىزلىكلىرى، چۈشلىرىمنىڭ ئۆمسەلىكىچۇ تېخى...

— ئاپام يەنە...

زىلالنىڭ خۇددى كېيىك بالىلىرىنىڭكىدەك مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. ئۇ ھىلالبۇۋىنىڭ بىقىنىغا قىستىلىپ تېخىمۇ شىپقاپ يېپىشتى. ھىلالبۇۋى مېھرىبانلىق بىلەن زىلالنىڭ بېشىنى سىلاپ:

— يىغلىما، جانىم، ئاپاڭ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. بەلكىم بىز يوق، سېنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىمىكىن...

ھىلالبۇۋى گېپىنىڭ ئاخىرىنى نېمىدەپ چۈشۈرۈشنى بىلەمەي قالدى. دېمىسىمۇ شۇ تاپتا كىچىك بالىغا تەسەللى بولغۇدەك سۆز تاپماقمۇ تەس ئىدى. بۇنداق چاغلاردا ھوشيارلىشىپ، تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇپ كېتىدىغان ھىلالبۇۋى بۇ قېتىممۇ گەپنى

باشقا ياقۇپ بۇرىدى:
— ئەكبەر ئۇكام، سىز قاچان قايتىسىز؟
— ھەدە، خېلى تۇرۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن. بۇ يەردە سودا ئىشلىرىم ئۇچۇن يول تېپىپ قالىدىغاندەك قىلىمەن.
— ئۇ تەرەپتىكى ئىشلارنىچۇ؟ سىز ئۆتكەنىدە ئاكىڭىز ئۇچۇن قىساس ئېلىش ھەققىدە باشقىچە گەپ قىلغانىدىڭىزغۇ؟!
— ئۇغۇ شۇنداق، ئاكامنىڭ قانلىق قىساسىنى چوقۇم ئالىمەن. بۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى رەخىم ئۇچۇن جېنىنى سېلىپ بەرگەنلەرنىڭمۇ قوۋم - قېرىنداشلىرى بار دەڭە، ھەدە. بىز ھەممىمىز نىيىتىمىزنى بىر قىلدۇق. شۇڭا بۇ مەسىلىدە مەن ئۆزۈمنى يالغۇز ھېس قىلمايمەن. مەن ئالدىرىمىساممۇ، باشقا بىرەرى كېلىپ بەربىر... ئۇنى تىنچ قويمايدۇ.
— سىز ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن رەخىم ئالدىراپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەمدى ئانچە ئۇزۇن ۋاقتى قالمىغاندەك.
— ھىلالبۇۋى ھەدە، سىز رەخىمنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى كۆرگەن ئوخشايسىز - ھە! بىلىپ قويۇڭكى، ئۇنىڭ ئۆلمىكى جاراھىتى قۇرتلاپ كەتكەن ئىتلارنىڭ ئۆلمىكىنىدىنمۇ تەس بولغاندەكلا بىر ئىش. مەن ئۆتكەندە بۇ تەرەپكە بىرىنچى قېتىم كەلگىنىمدە ئۇ كىشى، ئېھتىمال سىز بۇ قېتىم كۆرگەندىكىدەك بىر خىل ھالدا ئىدى. بەلكىم ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ ئەنە شۇنداق ئۆزگىرىدۇ. لېكىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن قىممەت باھالىق ئېسىل دورىلار ئۇنى ۋاقتى - ۋاقتىدا خەتەرلىك ئەھۋالدىن قۇتقۇلدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئادەم دېگەن پۇل - پۇچەك، مال - دۇنياغا تويمايدىغان گەپ ئىكەن. شۇ ھالدا تۇرۇپ يەنىلا غوجىدارلىرى ئارقىلىق كۈندىلىك ھېسابىنى، كىرىم - چىقىمنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرىدۇ. تەدبىر بەلگىلەپ، قىلىۋاتقان سودىسى ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ.

— بىراق ئۇ شۇنچە ھالسىز، ھەممە ئىشلىرى... ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىمۇ سەرەمجانلاشتۇرۇۋالغاندەكقۇ؟!

— ئۇغۇ شۇنداق. بىزنىڭكىلەرمۇ ئۇلگۇرىدۇ، خۇددى سىلەر بېرىپ لالە ھەدەم بىلەن زىلالنىڭ تېگىشلىك مىراسلىرىنى ئەكەلگەندەك، بىزنىڭكىلەرمۇ ئالدى بىلەن ئېلىشقا تېگىشلىك ھەققىلىرىنى نەقلەشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن... ئاندىن...

— گېپىڭىزدىن قارىغاندا، سىزنىڭ ئۇ تەرەپتە بىر گۇرۇھىڭىز بار ئوخشىمامدۇ (ھىلالبۇۋى ئەسلىي «قارا گۇرۇھىڭىز» دېمەكچىدى، بىراق ئەكبەرنى ئايىدى بولغاي)؟

— گۇرۇھ دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. سىز ئۇ تەرەپتە ئاڭلىغاندەك قارا گۇرۇھ ئەمەس. بىزنىڭكىلەر باشقىلارنى بوزەك قىلمايدۇ. بىز ھەممىمىزنىڭ نىيىتى بىر، قىساس ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ نىيەت بىزنى بىرلەشتۇرگەن، مەن دېدىمغۇ، رەھىمنىڭ ئۇۋال قىلغان ئادەملىرى ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ روھى بىزنىڭكىلەرنى تىنچ ياتقۇزمايدۇ... بىزنىڭكىلەر مانا شۇ قىساس ئوتىدا ھەرنېمە قىلىشقا تەييار... لېكىن كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ، بىز بىرمۇ ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلمايمىز.

— سىلەر بۇنچىۋالا ئاۋارە بولغۇچە، بىرلىشىپ شىكايەت قىلىپ، قانۇنىي يول بىلەن قىساس ئالساڭلار بولمىدىغۇ!

— راست دەيسىز، ھەدە، ئەسلىدىلا بۇ ئىشلار قانۇنىي يول بىلەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار. لېكىن قانۇن دېگىنىڭىزمۇ شەخسلەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە يۇرگۇزۇلىدىغان ئوخشايدۇ. ھازىر بىز تەرەپتە ھوقۇق تۇتقان ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئىرادە، ئېتىقادتىن ئىبارەت بۇ تەقدىر تارازىسىنى كىچىككىنە مەنپەئەت ئۇچۇن تېگىشىشتىن يانمايۋاتىدۇ. قارىغاندا پۇل، دېگەن بۇ بىرنېمىنى ئىتقا تاشلاپ بەرسە ئىتى يېمىگىنى بىلەن، ئەگەر پۇل ئۆز يولىنى تاپسا ئادەم تۇگۇل ئالماسنىمۇ چىرىتىۋېتىدىكەن.

رەخمىنى مۇشۇ كۈنلەرگە يەتكۈزگەنمۇ دەل شۇ قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ نەپسى شەيتىنى! ...، — «بۇرۇتلۇق» يىگىت ئەكبەر قىزىپ سۆزلىمەكتە.

ھىلالبۇۋىنىڭ كۆڭلى ئالمۇتادا ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ تىنچ - ئامان بولغانلىقىغا شۈكۈر - سانا قىلىش بىلەن بەند. ئەختەم بولسا يىگىتكە، ئۇنىڭ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ سۆزلىگەن سۆزلىرىگە ھەيران بولۇپ، بۇ سۆزلەرنىڭ تېگىدە يەنە قانداق سىرلارنىڭ بارلىقى ئۈستىدە باش قاتۇرماقتا.

— لېكىن، ئۇكام ئەكبەر، بىز شۇنچىۋالا چوڭ ھەق تەلەپ دەۋاسىنى پۈتتۈرگىچە سىز دېگەن ئەھۋاللارغا دۇچ كەلمىدۇقمۇ! ناسىروف، جالالىدىنوف ۋە باشقا كىشىلەر بىزنىڭ ئىشىمىزنى ھېچقانداق تەمەسىزلا پۈتتۈرۈپ بەرگەندەكمۇ!

— سىزگە شۇنداق بىلىندى بەلكىم. مېنىڭچە، بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار. بىرى، رەخىم ئۇلارنى جايىدا رازى قىلدى. شۇڭا ئۇلار لالە ھەدەم بىلەن زىلالنىڭ ھەققىگە تېگىشتىن ئۆزىنى تارتتى. يەنە بىرى، سىز مانا تىپتىنچ ئامان قايتىپ كەلدىڭىز. لالە ھەدەم بىلەن زىلالنىڭ ھەققى ئۈچۈن بېرىلگەن پۇلنى تىنچ - ئامان يۆتكەپ قايتتىڭىز، بىراق، سىز بىلدىڭىزمىكىن، سىزنىڭ پېيىڭىزگە چۈشكەنلەر ئاز ئەمەس. سىزنىڭ تۇرار جايىڭىزنى تىمىسقىلاپ تاكى بىزنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغىچە بارغانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئويلاڭە، ھەدە، نېمە ئۈچۈن سىڭلىم رۇخسارە بىلەن نورىك دېگەن شوپۇر بالا سىزدىن ئايرىلمىدى. نورىك ئۇ ئاددىيلا شوپۇر ئەمەس، ئالمۇتادىكى قارا گۇرۇھ، بۇلاڭچى... دېگەندەكلەرنىڭ جان تومۇرىنى سىرقىرىتىدىغان ئەزىمەت. ئەگەر نورىك ئالمۇتادا بولسا، باشقا گۇرۇھ ئادەملىرى قورققان ئىتتەك قۇيرۇقىنى چاترىقىغا قىسىۋالىدۇ... نورىك بىزنىڭ ئاغىنىلىرىمىز ئىچىدىكى ھەققانىيەت تۇۋرۇكى...

بۇ چاغدا ئەكبەرنىڭ ئىككى مۈرىسى تەڭ كۆتۈرۈلۈپ يەنە

نىمىلەرنىدۇر دېگۈسى بار. لېكىن گېپىنى توختىتىپ تۇرۇپ قالدى، چىرايىدا بولسا ئاچچىق ھەسرەتنىڭ ئىپادىسى قېتىپ قالغانىدى.

* *

ھىلالبۇۋى ئۆيگە كېلىپ باللىرىنى باغرىغا باستى-دە، بىر پىيالە چاينىمۇ ئوتلىماي زىلالنى يېتىلىگىنىچە دوختۇرخانا تەرەپكە يول ئالدى. ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ ئايرىم بىر كىشىلىك خانىسى. لالەنىڭ ئىككىلا بىلىكى ئاسما ئوكۇلدا. ئۇنىڭ نېپىز، قانسىز لەۋلىرى كىسلورود ئۈچۈن ماسكىرات قىلىنغان نېپىز يالتىراق ئاستىدا ھالسىز پىچىرلىغاندەك، كۆزلىرى يېرىم يۇمۇق ھالەتتە. لالە:

— ھىلالبۇۋى، سېسترانى چاقىر، بۇرنۇمدىكى مۇنۇ نەرسىنى ئېلىۋەتسۇن، — دېگەندەك ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭ ئاغزى-بۇرنىنى توسۇپ تۇرغان ماسكىرات تۇپەيلى ئۇنىڭ سۆزلىشىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. سېسترا قىز ئۇ نەرسىنى ئېلىپ يىغىشتۇرۇپ، كىسلورودنىڭ ئاغزىنى ئەتتى-دە، لالەگە ئەنسىز قارىدى. ھىلالبۇۋىگە ئىشارە قىلغان لالە، ئەمدى ھىلالبۇۋىنىڭ كىملىكىنى ئەستىن چىقارغاندەك ئاللىنېمىلەرنىدۇر، دەپ پىچىرلىماقتا ئىدى.

«مۇشۇ بىرقانچە كۈندە مۇشۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كېتىپسەن-ھە!» دەپ پىچىرلىدى ھىلالبۇۋى ئۆز-ئۆزىگە، ئۇنىڭ يۈرىكى شۇررىدە قىلدى-دە، كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا مۈگدىنىپ ئولتۇرغان جۆھەربۇۋى ھەدىگە «بۇ نېمە ئىش» دېگەندەك تولىمۇ چوڭقۇر سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى. جۆھەربۇۋى ھەدە شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە بەكمۇ مىسكىن كۆرۈندى. ئانا قىزى لالەنىڭ دەردىدە چارچاپ، ھالىدىن كېتەيلا دەپ

قالغانىدى. بۇ ياشتىكى ئانىلار دەم ئېلىشى، ئۆز زامانىسىدا بەھرىمەن بولالمىغان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن بۇنداق تىنچ، قايغۇسىز كۈنلەر جۆھەربۇۋىگە نې-سىپ بولمىدى. ئۇ بىر ئۆمۈر مۇشۇنىداق ئايىغى چىقماس غەم - قايغۇلار ئىچىدە ياشاپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۆمرى قەدىناس يولدىشى ئەسپەرنىڭ دىشۋارچىلىقلىرىغا ھەمنەپەس بولۇش بىلەن ئۆتتى. ئەسپەرنىڭ سىياسىتى ئەمەلىيلىشىپ، ئەمدىگىنە راھەت كۆرىدىغان كۈنلەرگە ئۇلاشقاندا، خۇددى «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك ئىش بولدى. ئەسپەرنىڭ ئالەم-دىن ئۆتۈشى، ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا كۆزىنىڭ گۆھىرى — لالەنىڭ تۇرمۇشىدىكى بەختسىزلىك ۋە بۇ بەختسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتىدىن كېلىپ چىققان لالەنىڭ بۇگۈنكى كېسەللىك ھالىتى... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئانىنىڭ جىسمانىيىتىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ روھىيەت ئالىمىنىمۇ ھالسىرىتىۋەتكەنىدى. دۇنيادا «بالا - بالا» دەپ بالا دەردىدە سەدپارە بولىدىغان تۇمەنلىگەن ئانىلار قاتارىدا جۆھەربۇۋى-نىڭمۇ ۋۇجۇدى نەچچە - نەچچە يېرىدىن پارچىلىنىپ كېتىپ بارغاندەك، كۆڭلىدىكى ئەنسىزلىكلىرى تۆپەيلى مېڭىسى تور-مۇزلىنىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ لالەنىڭ ئاغرىقى بىلەن ھەپى-لىشىپ ئۆتكەن كۈنلىرى ئۇنىڭغا ھاردۇق يەتكۈزۈپلا قويماي، ئۇنىڭ جان - تومۇرلىرىنى خورىتىۋاتاتتى.

شۇنداق، سۇ ھامان تۆۋەنگە ئاقىدۇ، «مەن كۆيەرمەن بالام-غا، بالام كۆيەر بالىسىغا» دېگەن گەپلەر بەكمۇ ئورۇنلۇق پەلسە-پىۋى پىكىرلەر ئىكەن. مانا نەچچە كۈن ھوشسىز يېتىپ ئەمدىلە-تىن كۆز ئاچقان لالەنىڭ ئاجىز پىچىرلىشىمۇ:

— بالام... جېنىم قوزام زىلال قېنى؟...

— مانا زىلال ئاداش، گۆھىرىڭنى قولۇڭغا ساق - سالامەت تاپشۇرۇپ بېرەي.

لالە ئاجىز قوللىرى تىترەپ تۇرغان ھالسىز بارماقلىرى

بىلەن زىلالنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىن تۆكۈلگەن ياش تامچىلىرى ياستۇقنى ھۆللەشكە باشلىدى.

— ئاپا.

— ھە، قىزىم.

— ئەمدى يېنىمدا ھىلالبۇۋى بار، سەن زىلالنى ئۆيگە ئەكەت. سەن چارچاپ كەتتىڭ. ئاغرىپ كېتىۋاتىسەن، ئازراق دەم ئېلىۋال.

— شۇنداق قىلىڭ، جۆھەر ھەدە، زىلال، ماڭە، سەنمۇ چارچاپ كەتتىڭ، موماڭ بىلەن ئۆيگە بېرىپ ھاردۇقۇڭنى ئال. مەن ئاپاڭ بىلەن بىللە بولىمەن.

— ياق، كەتمەيمەن، كەتمەيمەن، ئاپامنىڭ قېشىدا تۇرىمەن.

— ياق، جانىم، ئاپاڭ خاتىرجەم دەم ئېلىشى كېرەك. ئاپاڭغا تىنچلىق كېرەك. گېپىمنى ئاڭلىساڭچۇ!

نارازى بولۇۋاتقان زىلالنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، بۇرنىنىڭ ئۇچى تېخىمۇ ئۇچلىنىپ كەتتى.

— ماڭ، قوزام، موماڭغا ھەمراھ بول.

زىلالنى كۆرۈش بىلەن لالەگە خېلى ماغدۇر كىرىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ ئەمدىكى گەپلىرى ھىلالبۇۋىگە ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. موماي نەۋرىسىنىڭ قولىنى يېتىلەپ تاماق توشۇغان چىنە - قاچا سېلىنغان سومكىنى كۆتۈرگىنىچە ياتاق ئۆيدىن چىقىشىغىلا، لالە:

— ئۇ تەرەپتىكى ئىشلار قانداق بولدى. رەخىمنى كۆردۇڭمۇ؟ — دېدى.

— ئىشلار ئوڭۇشلۇق، ئوڭاي ھەم تېز پۈتتى. بىراق رەخىمنى كۆرمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈم كەلمىدى…

ھىلالبۇۋى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم بۇ جانجىگەر دوستىغا يال-

غان ئېيتتى. راستىنلا ئۇنىڭ رەخىم توغرىسىدا سۆزلىگۈسى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ:

— لالە، ئالدى بىلەن سەن ياخشىراق بول، ئوبدانراق ساقايغىن. ئاندىن مەن ئۇ تەرەپنىڭ گەپلىرىنى، كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى، پۈتتۈرگەن ئىش - كۆشلىرىمىنى ساڭا تولۇقى بىلەن دەپ بېرىمەن.

دېگەندەك، ھىلالبۇۋى قايتىپ كېلىپ بىر ھەپتىلەردىن كېيىن لالەنىڭ كېسىلىمۇ خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. ئىككى مەڭزىدىكى ئۇششاق قان - تومۇرلارنىڭ ئەتراپى تال - تال قىزىرىپ ئۇنىڭ چىرايى رەڭ تۇزۇپ قالغانىدى.

— ھىلال.

— ھە، ئاداش.

— مېنى يۆلەپ كارىۋاتتىن چۈشۈرگىن، بىردەم ماڭاي. زىلال بىلەن سېنى كۆرۈپ خېلى ماغدۇرغا كىرىپ قالغاندەك تۇرىمەن.

— ئۇنداق قىلما، يەرگە چۈشسەڭ بولماس. توختا، دوخ- تۇردىن سوراپ كىرەي.

— بولدى قىل، سورىما، مەن ھەر كۈنلۈكى ئاز - ئازدىن ماڭىمەن. كەچكىچە يېتىۋەرسىمۇ ئادەمنىڭ بەدىنى ئۇيۇشۇپ كې- تىدىكەن، ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىدىكەن. ئەتە سىرتقا چىققۇم بار. شۇ چاغدا دوختۇردىن سوراپ باقايلى. بۈگۈن سەن ماشىنا ئۇقۇشۇپ قويغىن. مېنىڭ دەريا بويىنى كۆرگۈم بار. بىز ئۇ- چۇرما بولغان ئۆۋىمىز — تاغ باغرىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنى كۆرگۈم بار. ھىلال، بىلەمسەن، مېنىڭ شۇ تاپتا ئانا يۇرتىمىز- نىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىكى ھەممە يەرنى ئايلىنىپ كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ.

— ھېسسىياتقا بېرىلمىسەڭچۇ، لالە، ئۆزۈڭنى ئايىغىن.

— ياق، ھىلال، بۇ ھەرگىزمۇ بىردەملىك ھېسسىياتقا

بىردىنبىر مەسىلىسى ئەمەس. بىلەمسەن، ھىلال، بۇ دېگەن، ھاياتقا ئىنتىلىپ، ھاياتنى سۆيۈش، ھاياتقا تويۇنۇش ئارزۇسى...

لالە ياتاق ئىچىدە تۆت ـ بەش قەدەم ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى، ئۇنىڭ ئاشۇ ئەھۋالدا يەنە بىردەم ماڭغۇسى بار ئىدى، بىراق لالەنىڭ ھىلالبۇۋىگە تايانغان بىلىكى تىترەپ كەتتى. لالە دىرىلداپ تىترەپ كېتىۋاتقان پۇتلىرىغا ماغدۇر يىغىشقا تىرىشتى. شۇ تاپتا ئۇ چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

— مېنى كارىۋاتقا چىقىرىپ قوي، ئاداش.

ھىلالبۇۋى لالەنى خۇددى كىچىك بالىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرگەندەك دەس كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ئاستا ياتقۇزۇپ قويدى. ھىلالبۇۋىگە ئەسلىدىنلا نازۇك ـ ئورۇق بىلىنىدىغان لالە تېخىمۇ ئورۇقلاپ، يىڭنىكلەپ، پاختىدەك بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

*　　　*

بۇگۈن بەشىنچى ئاۋغۇست.

ئەزەلدىن گۈلىستان شەھەر دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ شەھەرنىڭ تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن كۈنلىرى ئىدى. باغلار، كوچۇم ـ كوچۇم مەھەللىلەر بوك ـ باراقسان بولۇپ، باغلاردىن ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ ھىدى كېلەتتى. ئاۋغۇست ئېيىدىن باشلاپ رەڭ تۇزۇپ شەربەتكە تولۇپ پىشىدىغان، داڭقى ھەر تەرەپلەرگە كەتكەن ئىلى ئالمىلىرىنىڭ ھەر خىل سورتلىرى قاشالانغان تاملاردىن ھالقىپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

دوختۇرنىڭ بەكمۇ تەستە رۇخسەت بېرىشى بىلەن ھىلالبۇۋى

لالەنىڭ تەلىپى بويىچە، بۇ گۈزەل شەھەرنىڭ ئاشۇ كوچىلىرىنى ئايلانماقتا. ئەنە شەھەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان تۆت كوچا ئېغىزىدىكى مەركىزىي گۈللۈكتە، بۈككىدە قارىغايزار-لىقلار ئارىسىدا ئېچىلىپ كەتكەن رەڭمۇرەڭ ئەتىر گۈللەر... ئەنە باغۋەن كوچىسى ۋە ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ كوچىدىكى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قورۇلار، قورۇلارغا يارىشىملىق قىلىپ، خۇددى گۈزەل سەنئەت بۇيۇمىدەك ياسالغان ئۆيلەر، ئۆيلەرنىڭ قەلەي چېدىرلىق ئۆگزىسىنىڭ گىرۋەكلىرىدە بۇقۇل-دىشىۋاتقان كەپتەرلەر... ئەنە ئىلى دەريا بويىدىكى ئاۋات سەيلى-گاھ شىپاخانىلىق باغلار...

— ئايدۆڭ شىپاخانىغا بارايلى...

— چارچىدىڭىزمىكىن، لالە.

— ياق، ئاداش. كۆڭلۈم خېلى كۆتۈرۈلۈپ قېلىۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا مەيلى، ھەر ھالدا دىققەت قىل، دوختۇر سېنى بەكمۇ ھاياجانلانمىسۇن، بەكمۇ چارچاپ كەتمىسۇن، تېز قايتۇ-رۇپ كېلىڭ دېگەن.

— شۇنداق، دوختۇرلار شۇنداق دەيدۇ. شۇنداق دېيىشى ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى، بۈگۈنكى سەيلە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز. بىلىپ قوي، ھىلال، بۇ دېگەن سېنىڭ تارىخىي ۋەزىپەڭ بولۇپ قالىدۇ.

لالە بۇ گەپلەرنى شۇنچىلىك ئۇرغۇلۇق قىلىپ ئېيت-تىكى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇ ساق ۋاقىتلاردىكىدەك جاراڭلىق چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تەبەسسۇملۇق چىرايى تېخىمۇ ئوماق-لىشىپ كەتكەندى. ھىلالبۇۋى لالەدىكى بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگى-رىشلەرگە قاراپ ھەيران بولدى. ئۇلار چۈشكەن ماشىنا ئايدۆڭ كەنتىنىڭ سەيلىگاھى — ئېگىز ھەم چوڭ ھەيۋەتلىك شىپاخانىنى ئايلىنىپ چىقىپ يانتۇ يول بىلەن چۈشۈپ دەريا كۆۋرۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە:

— ئۇستام، ماشىنىنى بىردەم توختاتسىڭىز، مەن بۇ شاۋ-

قۇنلۇق دەريانىڭ ئۆركەشلىرىگە بىر قارىۋالاي.

— بولىدۇ، چەتتىرەك توختىتاي.

— ھىلال، مېنى يۆلەپ چۈشۈرگىن، ئاداش. مەن ئانا
دەريانى گۇۋاھ قىلىپ رەخىم بىلەن ئادا ـ جۇدا بولاي. مېنىڭ
پۈتمەس ـ تۈگىمەس دەرد ـ ئەلەملىرىمگە ھەمراھ بولغان بۇ تىللا
ئۈزۈك بىلەنمۇ ئادا ـ جۇدا بولاي.

ھىلالبۇۋى لالەنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى، ئۇ شۇ تاپتا ھەرقان-
داق بىرەر ئېغىز گەپنىڭمۇ ئارتۇقلۇق قىلىدىغانلىقىنى پەملەپ
يەتتى. لالە ھىلالبۇۋىگە تايانغانچە چايقىلىپ مەۋج ئۇرۇپ ئېقىد-
ۋاتقان دەريا ئۇستىدىكى ھەيۋەتلىك كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنىغا تايد-
نىپ تۇرۇپ سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقىدىكى ھېلىقى تىللا
ئۈزۈكنى چىقىرىپ بۇژغۇن چاچرىتىپ ئېقىۋاتقان دولقۇنلار ئارد-
سىغا تاشلىۋەتتى. سۇغا چۆكۈپ كەتكۈچە بولغان دەقىقە ئارىلىقىد-
دا، ئۈزۈك قۇياش نۇرىدا «ۋاللىدە» قىلىپ چاقنىدى. «ۋاللىد-
دە» قىلغان شۇ چاقناش ئىچىدە لالەنىڭ مېڭىسىدىمۇ ئۇنىڭ
ھەسرەتلىك ئۆتمۈشىنىڭ كارتىنىسى «لىپ» قىلىپ ئۆتكەندەك
بولدى ـ دە، ئۇنىڭغا بۇ ئانا دەريا ئۇنىڭ بارلىق دەرد ـ ئەلەملىد-
رىنى، پىغانلىق پۇشايمانلىرىنى بىللە قوشۇپ يۇتۇپ كەتكەندەك
بىلىندى. لالە ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

— ھىلال، مېنىڭ كىشىگە تىنغۇسىز دەردلىرىم مۇشۇنىڭ
بىلەن تۈگىسۇن. مەن كونىلارنىڭ «كىشىگە ئېيتسا گەپ بولىد-
دۇ، ئېيتمىسا دەرد بولىدۇ» دېگەن ھەقىقىتىنىڭ تېگىگە يەتكەند-
دەك بولدۇم. ئاداش، ئەمدى مەكتەپكە بارايلى.

— مەكتەپكە ئەتە بارايلى، ئاداش. بۈگۈن بەكمۇ چارچاپ
كەتتىڭ.

— ياق، ھىلال، مېنىڭ كۆڭلۈم بىرنېمىنى تۇيۇپ
تۇرىدۇ...

ھىلالبۇۋىنىڭ يۈرىكى ئېمىشقىدۇر «قارت» قىلغاندەك بول-

دى. شۇڭا:

— نېمە دەيسەنوي، ئاداش، كۆڭلۈڭ نېمىنى...

— ياق، ئەمدى دەيمىنا... كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، ئەتە يەنە رۇخسەت سورىساق دوختۇر ئۇنىمايدۇ. دېمەكچىمەن.

— ئۆزۈڭنى قانداقراق سېزىۋاتىسەن؟

— مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ، مەن خېلىلا ياخشى، كېسەلخانىنىڭ سېسىق ھاۋاسىدىن چىقىپ ھاۋا يەڭگۈشلەپ تۇرغانىنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئالاھىدە ياخشى ئىش - دە، ئاداش.

— بۇنداق بولارىنى بىلگەن بولسام، زىلالنى ئېلىۋالاتتۇق. كەن. ئەتىگەن مېنىڭدىن خېلىلا ئەگەشكەنىدى.

— ئالمىغىنىڭ ياخشى بوپتۇ. بۇگۈن ئىككىمىزنىڭ قانغۇچە مۇڭدىشىدىغان كۈنىمىز.

لالەنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ھىلالبۇۋىنىڭ يۈرىكى بىر قىسمىلا ئاغدى.

— قېنى، ئۇستام، مەكتەپكە ماڭايلى.

ماشىنا شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى دەريا بويىدىن شەھەرنىڭ شىمالىي بۇرجىكىگە جايلاشقان ئۇنىۋېرسىتېتقا قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئەتىل ۋاقتى بولغاچقا مەكتەپ ئوقۇتۇش رايونىنىڭ ئىچىدە ئادەملەر شالاڭ ئىدى. ماشىنا مەكتەپنىڭ يوغان دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ گۈللۈك يېنىدا توختىدى.

— ھىلالبۇۋى، ياردەملەش، ئاداش، مەن ماشىنىدىن چۈشەي.

— بولدى قىلساڭ بولامدىكىن. مەكتەپ ئىچىنى ماشىنا بىلەن ئايلىنايلى.

— ياق، ماشىنىدىن چۈشەي، ماشىنىدىن چۈشۈپ ماڭغۇچىلىكىم بار، ئاداش.

ھىلالبۇۋى ئامالسىز دوستىنىڭ تەلپىگە ماقۇل بولدى - دە، لالەنى يۆلەپ مەكتەپ قورۇسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن باش-

لانغان ئىككى تەرىپى گۈل ـ گىياھلار بىلەن چۈمكەلگەن يولدا مېڭىشقا باشلىدى.

— بىلەمسەن، ھىلال، بۈگۈن مۇشۇ ھالدا تۇرۇپ يەنە نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدىم. سەن بىلىسەن، ئاداش، سەن بىلىسەن. بىزنىڭ ئۆينىڭ ھەممە ئىشلىرىنى، ئاتا ـ ئانامنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى... ھەممىسىنى بىلىسەن... مەن مۇشۇ يولدا بىردەم مېڭىۋالاي. مۇمكىن بولسا ئىككىمىز چوڭ بولغان ئاشۇ تاغ باغرىدىكى جايغا — دېھقانچىلىق مەيدانىغا چىقىپ دادام يۈرگەن جايلارنى كۆرسەم، دادامنىڭ ئىزلىرىنى ئاختۇرسام بولاتتى. ھەي... ئامال يوق... ھېلىمۇ بۈگۈنكى كۈنۈمگە شۈكرى... سەن بىلىسەن، ئاداش، مېنىڭ دادام بىلەن ئاپامنىڭ مۇھەببىتى مۇشۇ يول بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىزنىڭ تەقدىرىمىزمۇ مۇشۇ يول بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دادامنىڭ جەبىر ـ جاپالىق يىللىرى كېيىن يەنە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق جەريانىدا تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرى، ئەجىر ـ ئەمگىكىمۇ مۇشۇ يول بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىزنىڭ تەقدىرىمىزمۇ مۇشۇ يول بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئويلىغىنا، ھىلال، بىز ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقىمىز مۇشۇ يول بىلەن يىراق تاغ باغرىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا تۇتىشىدۇ. بىزنىڭ سەمىمىيەت بىلەن ئۆتكەن ھەربىر كۈنىمىز مۇشۇ يول بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىز مۇشۇ يول بىلەن مېڭىپ بىللە ئوقۇدۇق. ھايات مۇساپىمىزنى بىللە باستۇق، ھىلال، — لالە ئىچىنى تولدۇرۇپ بىر نەپەس ئېلىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ئويلايمەن، ھىلال، بېشىڭغا ھەرقانداق كۈلپەت كەلسىمۇ ئەگەر سېنىڭ يېنىڭدا ساڭا ھەمنەپەس بولىدىغان بىر دوستۇڭ بولىدىغان بولسا، بۇ دۇنيانىڭ ھەرقانداق كۈلپەتلىرىنىمۇ يەڭگىلى بولىدىكەن. سېنىڭ داداڭ ـ ئاپاڭ ئائىلىمىزنىڭ كۈنى ئەڭ قىيىن، ئەڭ ئېغىر چاغلاردا ئۆزىگە كېلىدىغان خەۋپ ـ خەتەرنى ئويلىماي بىزگە كۆڭۈل بۆلگەن.

ماڭا تېخىمۇ شۇنداق. بىز ھەممىمىز - ئاتا - ئانىلىرىمىز ۋە بىز بالىلار ئاشۇ ئېغىر كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزۈپ كەلدۇق. مەن كۆپ ئويلىنىمەن، بولۇپمۇ دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ ئويلىنىدىغان بولدۇم. دۇنيادا كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئىنسانىي تۇيغۇ، مېھىر - شەپقەت، مۇھەببەت بولمىسا، ئادەم دېگىنىڭمۇ قۇرۇق تۇخۇم شاكىلىغا ئوخشاش ئوڭايلا مىجىلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. بىلەمسەن، ھىلال، بۇ دۇنيادا كىشىلەر بەخت ھەققىدە ھەر خىل تەبىر بېرىشىدۇ. ھازىرقى كۈندە بەزىلەر پۇل، مال - دۇنيا بىلەن باياشات ئۆتكەن تۇرمۇشنى بەخت دەپ چۈشىنىدۇ. بەزىلەر ئۆز خىزمەت ئورنى، ئەمەلىي ئىمتىيازى بىلەن ئۆزلىرىنى بەختلىك سانايدۇ. يەنە بەزىلەر ئۆزىنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرى، ئىجادىيەت ئۇتۇقلىرى بىلەن بەخت تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆزىنى ئىللىق ئائىلە ۋە بۇ ئائىلىسىنى ئاۋات قىلىپ تۇرغان بالا - چاقىلىرى بىلەن ئۆزىنى بەخت ئىچىدە سېزىدۇ. مەنچۇ، ھىلال، گەرچە ئاتا - ئانام شۇ جاپالىق يىللارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ھەر خىل قىسمەتلەر، بېشىغا كەلگەن شۇ يىللاردا مېنى ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغاندەك باقالمىسىمۇ، لېكىن مەن دادام - ئاپامدىن شۇنچە سۆيۈنمەن، ئۇلاردىن پەخىرلىنىمەن. ئۇلارنىڭ ئىرادىسىدىن ئۆزۈمگە ئوزۇق ئىزدەيمەن. مەن ئاتا - ئانامنىڭ مېھرى بىلەن شۇنچىلىك بەختلىك چوڭ بولدۇمكى، مەن بەختىمنى دۇنيادا ھېچنېمىگە تەڭ قىلمايمەن. مېنىڭ ئاتا - ئانام مېنى دۇنيادا سېنىڭدەك بىر سەمىمىي دوستقا ئېرىشتۈردى. مەن يەنە بۇ دۇنيادا سېنىڭدەك ئىچكۆيەر سەمىمىي، دوستۇم بولغانلىقى بىلەن بەختلىكمەن. ئېھتىمال زىلالنىڭ بەختىمۇ سېنىڭ مېھىر - شەپقىتىڭگە باغلىنىدۇ.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، لالە؟

— ئاداش، مېنى دادام خىزمەت قىلىدىغان بىنانىڭ

ئالدىغىچە پىيادە ماڭدۇر.

— سەن…

— ياق، ھىلال، مەن ئۇنچىۋالا ئاجىز ئەمەس، مېنىڭ تېخى ماغدۇرۇم بار. مەن شۇ يولدا دادامنىڭ ئىزلىرىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن. دادام ئىشلىگەن بىنانىڭ دېرىزىلىرىدىكى ھەربىر كۆزنەك ئەينىكىدە، دادامنىڭ سېيماسىنى كۆرگەندەك بولىمەن. ھە راست، بابا بىز بەخت ھەققىدە گەپلىشىۋاتاتتۇق ـ ھە! شۇنداق مەن ئاتا ـ ئانام، زىلال ۋە سەن بىلەن بەختلىكمەن. باشقىلارغا، بولۇپمۇ بىزگە ھەر خىل نەزەر بىلەن قارىغان ھېلىقىدەك كىشىلەر رەخىم بىلەن بولغان تۇرمۇشنىڭ ئاقىۋىتىدىن بەلكى مېنى تۇرمۇشتا بەختسىز بولۇپ قالدى. دېيىشەر، لېكىن مەن ئۇنداق قارىمايمەن. ئۇ پەقەت ھاياتىمدىكى كىچىككىنە قىسىتۇرمىدىنلا ئىبارەت. ئۇ ئىشلار ئەمدى مېنىڭ كۆڭلۇمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى دېسەم ھېچكىم ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن مەن ئۆزۈم ئىشىنىمەن. سەن ماڭا چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى رەخىمنىڭ ئەھۋالىنى، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىڭ بويىچە ھېچنېمە دەپ بەرمىدىڭ. بىلىمەن، سەن مېنى ئايىدىڭ. لېكىن مېنىڭ كۆڭلۇم تۇيۇپ تۇرىدۇ. مەيلى كىشىلەر قانداق ئويلىسۇن، رەخىم مېنىڭ نەزىرىمدە بىر ئىت. ئىت بولغاندىمۇ «ياخشى» بىر ئىت. «كونىلارنىڭ ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەيتۇ» دېگىنىدەك «ياخشى» ئىت. دېمەك، خۇدا ماڭا بۇ «ياخشى» ئىتنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرسەتمىسۇن. مەن ئۇچۇن ئىپتىقاندا مۇنداق ئىتنىڭ پالاكىتىدىن بېشىمغا پىت ـ سىركە تېرىماي ساق ـ سالامەت قۇتۇلۇشىنىڭ ئۆزى بىر بەخت…، — لالە ئىچىنى تولدۇرۇپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى، ماڭغانسېرى ئۇنىڭ نەپەس يوللىرى قىسىلىپ كېتىپ باراتتى، — ھىلال، نېمىلا دېگەنبىلەن زىلالنىڭ ھاياتى تىنچ ئۆتسە بولاتتى…

ئىككى دوست بىر ـ بىرىنى قولتۇقلىشىپ يېنىك،

ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ مەكتەپ چوڭ قورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بىناسىغا قاراپ ماڭماقتا. لالە شۇ تاپتا بارغانسېرى ماغدۇرسىز- لىنىپ، ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقان پۇتلىرىغا ئاللادىن مەدەت تى- لىمەكتە. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتـ- قان ياش تامچىلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا رەڭگارەڭ، يېپيېڭى بىر دۇنيا پەيدا قىلماقتا. ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى گىرەلەشتۇ- رۇپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇشى بىلەن چاناقلىرىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى ئۇنىڭ سولغۇن يۈزلە- رىنى سۇغارماقتا، لېكىن ئۇز ۋاقتىدا قىل تومۇرلىرى تال ـ تال كۆرۈنىدىغان، سۇپسۇزۇك گۈل بەرگلىرىگە ئوخشايدىغان بۇ يۈزلەر ئەمدىلىكتە كەھرىۋادەك سارغىيىپ كەتكەنىدى.

ھەي... دۇنيا. ئادەملىرىڭ نېمىدېگەن رەھىمسىز، لالەنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياشلارنىڭ ۋاقتى بەك ـ بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن تارتىپ، بولۇپمۇ ئۆز ھېسسىياتىنى ئىچىگە يوشۇرالايدىغان بولۇپ، ۋايىغا يەتكەن چاغلاردىكى ھېلىقى ئوتلۇق كۆزلەر ئەمدىلىكتە كۈندىن ـ كۈنگە خۇنۇكلىشىپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ بۈگۈن لالە شۇ كۆز- لەر بىلەن ئۆزى ئىزدەۋاتقان، ئۆزى كۆرمەكچى بولۇپ تەقەززا- لىق بىلەن تەلمۈرۈۋاتقان دېرىزە كۆزنەكلىرى كەچكى شەپەقنىڭ نۇرىدىن تېخىمۇ رەڭلىنىپ، لالەنىڭ كۆز ئالدىدىكى گۈزەل، رەڭگارەڭ دۇنيانى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇۋەتتى. لالە يېڭى، ئۆزىگە پەقەت تونۇش بولمىغان بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇغا چۆممەكتە.

ئەمدىلىكتە، لالە كۆزلىرىنى چىڭ بىر يۇمۇۋېتىپ ئاسمان- غا، سۈپسۈزۈك ئاسمانغا قارىدى. زەڭگەر ئاسماننىڭ يىراق بىر جايىدا، قېنىق كۆپكۆك قەۋەتلىرى ئىچىدىكى يىراق بىر جايدا دادىسىنىڭ سىيماسىنى ئىزدىمەكتە...

ئۇ دادىسىنىڭ مېھرىبان چىرايىدىن غۇۋا كۆرگەندەك بولدى.

تۇيۇقسىزلا لالەنىڭ ھىلالبۇۋىنى تۇتقان قولى بوشىشىپ كەتتى. ھىلالبۇۋىنىڭ:

— ئۇستام، ماشىنىنى تېز ھەيدەپ كېلىڭ، — دېگەن ئەنسىز ئاۋازى مەكتەپ چوڭ قورۇسىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇزۇن-ئۇزۇن ئەكس سادا قايتۇرغاندەك بولدى.

# خاتىمە

مەن بۇ يىل ئەتىيازدا بۇ شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى زاراتگاھلىقتا زىيارەتكە چىقىپ ئاتا - بوۋامنىڭ تۇپراق بېشىغا بېرىپ خەتمىقۇرئان قىلدىم. قايتىشىمدا، چىرايلىق بېزەلگەن قەبرە تېشى ئالدىغا بوز دالىدا ئېچىلغان ياۋا گۈللەردىن تىزىلغان گۈلدەستىنى قويۇپ، چوڭقۇر سۈكۈتتە تۇرغان ئوتتۇز بەش - ئوتتۇز ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر چوكاننى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭ يېنىدا سەككىز - توققۇز ياشلاردىكى چىرايلىق كىيىنگەن بىر ئوغۇل بالا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كۆزلىرىدىن خۇددى بۇلاقتەك بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان ياش تامچىلىرى بىلەن «قەبرە» دەپ ئاتال- غان شۇ دۆمچەك تۇپراقنى نەمدىمەكتە ئىدى. بالىغا قارىغانچە مېنىڭ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. دىماغلىرىم ئېچىشىپ، بوغۇ- زۇمغا بىرنېمە كەپلەشكەندەك بولدى. مەن تىۋىشسىزلا بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ تىزلاندىم - دە، ئۇنىڭ بوۋىسى ئەسپەر ئەپەندى، مومىسى جۆھەربۇۋى، ئاپىسى لالەنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇدۇم.

بىز ئۇچىمىز دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بايىقى چوكان:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاكا، رەھمەت سىزگە، — دېدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سىڭلىم ھىلالبۇۋى، — دېدىم مەن.

ھىلالبۇۋى ھەيران بولغاندەك ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى ماڭا

تىكىلدى ـ دە:
— ئاكا، سىز كىم بولىسىز؟ — دېدى ئۇ.
— ئەسپەر ئەپەندىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى بولدـ
مەن، دېدىم مەن.
— ئەسپەر ئاكامنى بىلىدىكەنسىز ـ دە، ھە!
— بىلىمەن، سىڭلىم، بىلىمەن، بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىـ
نىڭ كەچمىشلىرىنى تولۇق بىلىمەن. ھەتتا سىزنىڭ لالەگە ۋاكاـ
لىتەن ئالمۇتاغا بېرىپ يۈتتۈرۈپ كەلگەن ئىشىڭىزنىمۇ بىلىمەن.
سىز ھەققەتەن مەن ئاڭلىغاندەك غەيرەتلىك، ئىرادىسى مۇسـ
تەھكەم، دوستلۇققا ساداقەتمەن قىز ئىكەنسىز، — دېدىم
مەن.
— رەھمەت، ئاكا، باشقا كەلگەندە باتۇر دەپتىكەن ئەمەسمۇ!
— شۇنداق، سىڭلىم. شۇنداق، — دېدىم مەن ئىچ ـ
ئىچىمدىن كەلگەن پىغاننى باسقان ھالدا.
ھىلالبۇۋىنىڭ كۆزلىرى كەڭرى كەتكەن شىۋاقلىق ئېدىرىدـ
كى دۆمچەك ـ دۆمچەك قەبرىلەر ئارىسىدا ئېچىلىپ قالغان
سېرىقچېچەك، قىزىل لالە، يەنە قانداقتۇر ئىسمى نامەلۇم گۈلـ
لەرگە تىكىلمەكتە. بايىقى ئوغۇل ئىككى مۈرىسىنى سىلكىتىپ
ھېلىغىچە ئېسەدەپ يىغلاپ ھىلالبۇۋىگە يېپىشقانچە سۈكۈت باسـ
قان قەبرىستانلىقتىكى ھەر خىل قەبرە تاشلىرىغا قارىماقتا.
بىز زاراتگاھلىقتىن بىللە قايتتۇق. ھىلالبۇۋى كېيىنكى
ئىشلار ھەققىدە ماڭا مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى.
لالە شۇ كۈنى ئۈنىۋېرسىتېت قورۇسىدا ھوشىدىن كەتكەنچە
قايتا ھوشىغا كەلمەپتۇ. ئىككى كۈنگىچە ئېلىپ بېرىلغان جىددىي
قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. جۆھەربۇۋى ئۆز
ۋۇجۇدىدىكى ئۆزگىرىشتىن كۈنلىرىنىڭ ئاخىرلىشىپ قېلىۋاتقانـ
لىقىنى سەزگەن چېغى، زىلالنى ھىلالبۇۋىنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتـ

كۆزۈپ بېرىش ھەققىدىكى قانۇن رەسمىيەتلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولـ
غان كۈنىنىڭ ئەتىسى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئەسپەر ئەپەندى
جان ئۆزگەن، بىزگە تونۇش ھېلىقى يالغۇز كىشىلىك كرېسلودا
خۇددى ئەسپەر ئەپەندىدەك ئولتۇرغانچە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا
كېتىپتۇ.

ئانا لالەدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك ھىجران ئازابىغا بەرداشلىق
بېرەلمىگەن چېغى.

مەن تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن:

— سىڭلىم، خاپا بولمىسىڭىز، بىر ئىشنى سورىسام؟ —
دېدىم، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ پۈچىلىنىپ تۇرغانلىقىنى بىلىپ
تۇرسامۇ.

— سوراڭ، ئاكا؟

— رەخمىنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى قانداق ئۆتتىكىن؟

— رەخمىنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى، — ھىلالبۇۋى بىردەم
ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئاندىن، — كىشىگە ئېيتقۇسىز
دەرىجىدە ئاخىرلاشتى بولغاي، — دېدى.

— قانداقسىغا ئەمدى؟

— كىملەردۇر بىرلىرى رەخمىنىڭ داچىسىغا ئوت قويۇپ
كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم. ئوت ئۆچۈرۈش ئەترەتلىرى
يېتىپ كەلگۈچە رەخمىنىڭ تۇرالغۇسى — داچىنىڭ ئورنىدا بىر
دۆۋە كۈللا قالغان چېغى، قارىغاندا رەخمىمۇ شۇ ئوت بىلەن
تەڭ...

ھىلالبۇۋى سۆزىنى توختىتىۋالدى. مېنىڭمۇ قايتا سوئال
سوراپ ھىلالبۇۋىنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامىنى بۇزغۇم
كەلمىدى.

— يۈرۈڭ، سىڭلىم، ئاۋۇ تۇرغان مېنىڭ ماشىنام، پاراڭـ
لاشقاچ بىللە قايتايلى، — دېدىم.

مەن ماشىنا ئىشىكىنى ئاچقاچ كەينىمگە بۇرۇلۇپ يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بايىقى لالەنىڭ قەبرىسىگە قارىدىم. قەبرىنىڭ ئەتراپىدىكى شىۋاقلارنىڭ ئارىسىدا قىپقىزىل ئېچىلىپ جۇلالىنىپ تۇرغان بايىقى بىرنەچچە تال قىزىل لالە شامالدا تۇزۇپ بەرگىلىرىنى قەبرىنىڭ تۇپىسىغا قوشماقتا ئىدى.

2003 ـ يىل مارتتا غۇلجا ناھىيىسىنىڭ مېھمانسارىيىدا يېزىشقا باشلىنىپ 2003 ـ يىل سېنتەبىر ئالمۇتا شەھىرى ئاق بۇلاقتا تاماملاندى.

图书在版编目(CIP)数据

拉莱/吐尔逊买买提·伊明著. —乌鲁木齐:
新疆青少年出版社, 2005.10
ISBN978— 7—5371—5284—6

Ⅰ. 拉… Ⅱ. 吐… Ⅲ. 长篇小说—中国—当代—
维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 119256 号

ياخشى سوز تاشنى ئېرىتىدۇ

ئەمەللىك ھېساب


责任编辑：再娜甫·穆沙
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
封面设计：阿力甫·夏


拉莱（维吾尔文）

（长篇小说）

吐尔逊买买提·伊明　著


新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路29号　邮编：830012）
新疆新华书店发行
万裕文化产业有限公司印刷
850×1168毫米　32开本　8.875印张
2005年10月第1版　2012年2月第7次印刷

ISBN 978-7-5371-5284-6　定价：17.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

